

ئەنۋەر مۇھەممەد

# جان ئوتى



مىللەتلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: دولقۇن قادىر
كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى:



ISBN 7-105-03417-3
9 787105 034178 >

ISBN 7-105-03417-3/I.831
民文(维157) 定价:8.00元


15
1247.5
166

166

ئەنۋەر مۇھەممەد

# جان ئوتى

(پوۋېستلار)



مىللەتلەر نەشرىياتى

责任编辑:亚森.买买提
责任校对:胡达拜迪
装帧设计:多鲁洪.哈地尔

**图书在版编目(CIP)数据**

欲火:维吾尔文/安瓦尔.穆罕默德著.—北京:民族出版社,1999.5

ISBN 7—105—03417—3
Ⅰ.欲… Ⅱ.安… Ⅲ.中篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(1999)第07160号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街14号 邮编100013)
民族出版社微机照排 民族印刷厂印刷
各地新华书店经销
1999年5月第1版 1999年5月北京第1次印刷
开本:850×1168毫米 1/32 印张:6.5
印数:0001—4,000册 定价:8.00元

## مۇندەرىجە

ماھىيەتلىك مۆجىزە ........................................ (1)

ئەجەللىك توقۇنۇش ........................................ (70)

جان ئوتى ........................................ (130)

# ماھىيەتلىك مۆجىزە

## 1

”ئائۇرا“ (ھاياتلىق كۈچى) بەدەننى ئوراپ تۇرغاندا، ئادەم
ئۆلۈمنى ئۆزىگە مەڭگۈ يىراقتا دەپ ئويلايدۇ. يۈرىكى بىكارغا
سوقۇۋاتقان ھۇرۇن ئادەملەر ئەگەر ”ئائۇرا“نىڭ قەدىر-قىممىتى-
نى بىلسە، ئەجەل يەتمەستىن بۇرۇن نۇرغۇن خەيرلىك ئىشلارنى
قىلىۋالغان بولاتتى. جان تەندىن ھەر ۋاقىت تەپچىپ، يوقلۇققا
ئايلىنىۋاتقان ۋاقىت ۋە بىۋاستە سىزىمگە ئەگىشىپ، قازايى
قەدەر كەلگۈچە مەۋجۇتلۇقىنى داۋام قىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر-
گە ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئۆزى بىر
مۆجىزىدەك بىلىنگەچكە، مۆجىزىلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئىرىنىد-
دۇ ياكى كۆپ ھاللاردا شۇنداق ئۇلۇغۋار ئىشلارنىڭ ئەھمىيىتى-
نى بىلەلمەي، بىر ئۆمۈر ھاماقەتلەرچە كۈن كەچۈرىدۇ. ھاياتى-
لىقنىڭ بارسا كەلمەس يولىدا ئۆز ئىختىيارىچە قەدەم بېسىپ،
شۇ يولدا ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان بايلىق ۋە شۆھرەت
سەتەڭلىرىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن تىكىلىپ، ھېچنىمىگە قانمى-

غان نەپسى ۋە چەكسىز ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئۆلۈم ئالدىدىكى ئازابىنىڭ ئانىسى قىلىپ قويۇۋاتقان ھايات مەغلۇبىيەتچىلىرى سەكرات ئۇستىدە ھەرگىز غالىبلارچە كۈلۈمسىرىيەلمەيدۇ. ھەققانىيەت جەڭگاھىدا شېھىت بولغان ياكى جاپالىق ئىش ئۇستىدە ۋاپات بولغانلارنىڭ ئۆلۈمى قورقۇنچ ۋە ئازابىنىڭ يەڭگىللىكى جەھەتتە كىشىنى تاڭ قالدۇرىدۇ ھەم شۇنداق ئۆلۈمنى قەدىرلەشكە ئۈندەيدۇ.

«بابۇرنامە» دە بابۇر شەيبانىخان بىلەن قىلىشقان جەڭلەردە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىدۇ، ئۆلۈمگە قىلچە پىسەنت قىلمايدۇ، ئەمما ئۇرۇشتا يېڭىلگەندىن كېيىنكى قاچقۇنلۇق سەپىرىدە رەقىبلىرىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، ئۆلۈمنى خىيال قىلىپ، ئۇشتۇمتۇتلا ناھايىتى قورقۇپ كېتىدۇ. يەنى، قايناملاشقىنلىق جەڭگاھتا ھېچنېمىدىن قورقمىغان باتۇر ئۆزى يالغۇز تىرىك قولغا چۈشكەندە ۋە ئاشۇ نىسپىي تىنچ، جىمجىت مۇھىتتا ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇ قېتىملىق پېشكەللىكتىن قۇتۇلۇپ قالغان بابۇر كېيىن جاپالىق كۈرەشلەرگە شىرىدەك ئېتىلىپ تۇرىدىغان غەيۇر پالۋان، ئىقتىدارلىق قوماندان بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

جاھاندا شۇنداق ئىشلارمۇ بولىدۇ، مەن تونۇيدىغان قاسىم بېيجىڭ شەھىرىدىكى بىر ھەربىي دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان ئاتىسىغا «بابۇرنامە» نى ھەر كۈنى ئوقۇپ بېرەتتى، دادىسى تىلەك ئەپەندى ئەجدادلار تارىخىغا تەۋە ھەرقانداق ھېكايەتكە، ئەجدادلار مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ ھەرقانداق ھېكمەت، سەنئەتكە قىزىقىش، كېسەللىك يەتكەندە ئىشتىياق باغلاپ قالغانىدى. ئۇ-

نىڭ ئەسلىمىسىدىكى ئۆتۈش كەچۈرمىشلىرى قۇملۇققا كىرىپ تەدرىجى ئۇزاپ، ئاخىرى كۆرۈنمەي قېلىۋاتقان تۆگە كارۋانلىرى-غا بەكمۇ ئوخشايتتى. قايسى ئادەم سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا يېڭى تۇغۇلغان ۋاقتىدىكى جاراڭلىق يىغىسىنى ئەسلىيەلەيدۇ؛ شامالدەك ئۇچۇۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئىزىنىمۇ قەدىمى قايسى بىر شەي-ئىنى چەيلەپ تاشلىمىغان؟ ئاقىۋەتتىكى ئاخىرەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ مەن كۆرگەن ھەر قانداق ئادەمگە ئوخ-شاش، تىلەك ئەپەندىمۇ ئۆلۈم كۆزىگە كۆرۈنۈۋاتقاندا كاللىسىغا ئىلگىرى كەلمىگەن ھەر خىل خىياللارنى قىلىدىغان، ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم توغرىسىدا پەيلاسوپلاردەك پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. دەرۋەقە، ئۆلۈملا ئادەمنى ئەڭ چوڭقۇر تەپەككۇر ئازگىلىغا سۆرەيدۇ. ئۆلۈم سايىسىنىڭ تىلەك ئەپەندىدىن يىراق-لاپ كېتەلمەسلىكى ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىدا بولۇپ، ئۇنىڭ جىگىرى تامامەن ئىششىغان ۋە يۈرىكىنىڭ چوڭ كلاپىنى ئېچىلىپ كەتكەنىدى، ئۇنى سۈنئىي كىلاپانغا ئالماشتۇر-مىسا بولمايتتى. بۇنداق چوڭ ئوپېراتسىيىگە ئاتمىش مىڭ سوم-غا يېقىن پۇل كېتەتتى. شۇ پۇل تېپىلىپ بولغۇچە تىلەك ئەپەندىنىڭ يەرلىك دوختۇرخانىلاردىكى كېسەل تارىخى ئۇزىراپ كەتتى. بۇنىڭ ئۆزى ئىشلىگەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوغلى قاسىم بالىلارنىڭ چوڭى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى، ئاتىسىنى داۋالىتىشقا (ئۆزلىرىدە ئۇنچە كۆپ پۇل بولمىغاندى-كىن) ھۆكۈمەتتىن، مائارىپ ئورگانلىرىدىن يىغلاپ يۈرۈپ ئازراق پۇل ھەل قىلدى، ئىدارە-جەمئىيەت ۋە مەكتەپلەردىكى

ئوقۇغۇچىلارغا مۇراجىئەتنامە چىقىرىپ، ئۇلاردىن بىر ئاز ئىئانە يىغدى. لېكىن يىغىلغان پۇللار بۇنداق چوڭ كېسەللىكنى بېيى-جىڭغا ئاپىرىپ داۋالىتىش چىقىملىرىغا يەنىلا يەتمەيتتى. ۋاقىت رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋەردى. تىلەك ئەپەندىنىڭ بايقالغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلى-شىپ، ئەجەل شەپىسى يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. تىلەك ئەپەن-دىنىڭ ئائىلىسى قايغۇ-ئەلەمدە قالدى. شۇ چاغدا تىلەك ئەپەند-گە ھۆرمىتى چوڭ بىرەيلەن (تىلەك ئەپەندىنىڭ بۇرۇنقى ئوقۇ-غۇچىسى) ئۇستازىنىڭ ئىمكانىسىزلىق ۋەجىدىن توگەپ كېتىشى-گە قاراپ تۇرالماي، يېزا بازىرى تەۋەسىدىكى ئاتا زېمىن-جايىنى ئېلىشىغا سېتىپ ئەللىك مىڭ سوم پۇل ھازىرلاپ بەردى.

تىلەك ئەپەندى ھەربىي دوختۇرخانىنىڭ ئالىي ياتاقلىرىدا داۋالىنىۋاتىمەن، چوقۇم ساقىيىپ كېتىمەن، دېگەن ئۈمىدتە تۇرسىمۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ۋەھىمە تېخى يوقال-مىغانىدى، ئۇلۇم ئاتلىق بىر قورقۇنچلۇق مەخلۇق ئۇنىڭغا ھەرخىل تەرزدە كۆرۈنۈپ، گاھ يوقاپ، گاھ يەنە كۆرۈنۈپ، تىلەك ئەپەندىگە چۈشىنىكسىز بىر تىلدا جۆيلۈپ ئۇنىڭغا ئۇ دۇنيا بىلىملىرىدىن دەرس ئۆتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. تىلەك ئەپەن-دى يۈرىكىنىڭ ئاغرىقى سەل ئارام بەرگەندە بەدىنىنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىنى تۇتۇپ، ئىسسىق جېنىنىڭ تېخى مەۋجۇت ئىكەنلىكى-دىن سۆيۈنۈپ، كۆزىنى راھەت ئىلكىدە بىردەم يۇمۇپ قىينىپ ئۇخلىماقچى بولۇۋالاتتى، ئەمما كۆزىنىڭ ئۇشتۇمتۇت مەڭگۈ يۇمۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ يەنە كۆزىنى ئېچىۋالاتتى. قا-راڭغۇلۇقتىن قورقىدىغان كۆزگە ئۈمىد يورۇقلۇقى نەدىن چۈش-

سۇن؟ تىلەك ئەپەندى ئۈمىد ئىزدەپ ( ئۆلۈمدىن قېچىپ ) يېزى-
دىن، ناھىيىگە، ۋىلايەتتىن، ئۈرۈمچىگە، ئاخىرىدا بېيجىڭغا
كەلگەنگە يارىشا، يەرلىك دوختۇرخانىلار داۋالىيالمىغان كېسەل-
نىڭ بۇ يەردە چوقۇم شىپا تېپىشىنى ئازراق بولسىمۇ كۆڭلىنىڭ
سېرىقىنى كۆرۈشنى، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك
ياشاشنى كېچە-كۈندۈز ئارزۇلايتتى. يېشى ئەمدىلا قىرىق يەتتى-
گە ئۇلاشقان بۇ ئەپەندىنىڭ چىرايلىق، مۇلايىم ئايالى، ئوماق
باللىرى، ئەقىللىق ئوقۇغۇچىلىرى، خۇش چاقچاق خىزمەت-
داشلىرى ئۇنىڭغا يىراقتىن تىلەكداشلىق قىلاتتى ھەم مەدەت
بېرىپ تۇراتتى. تىلەك ئەپەندىنىڭ ھايات-ماماتىنى بەلگىلەيدى-
غان ئوپېراتسىيە تېخى باشلانمىدى، دوختۇرلار جاپالىق تۈردە
تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلەۋاتاتتى. قاسىم دورا پۇرىقى قاپلى-
غان بۇ دوختۇرخانا ئىچىدە تۇرۇۋېرىپ، ئۆزىنىڭمۇ بىر كۈنلەر-
دە بۇنىڭدىنمۇ ناچار دوختۇرخانىلارغا كىرىپ قېلىشىنى بەلكىم
شۇ يەردە شىپا تاپالماي ئۆلۈپ كېتىشىنى ئويلاپ دائىم شۈركى-
نىپ تىترەپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالدى، دادىسىغا ھەمراھ بولۇپ
ياتقان بىر ئاخشىمى تەگكەن زۇكامدىن تېخىچە قۇتۇلالمىدى.
ئۇ ئاتىسىنىڭ مەۋقۇتلۇق قىممىتىنى ھېچقاچان مۇنداق چوڭقۇر
ھېس قىلىپ باقمىغان ۋە ھېچ ۋاقىتتا ئۇنى بۈگۈنكىدەك ئاسراپ
باقمىغانىدى. ئاتىسى بەزىدە ئۇنى كۆڭۈلدىكىدەك ئەتىۋارلىمى-
غان، گاھىدا تىل-ھاقارەتكە دۇچار قىلغان بولسىمۇ، ئەستىن
چىقمايدىغان ئۇ كۆڭۈلسىز كەچۈرمىشلەر ھازىر توخۇ پېيىدەك
يەڭگىللەپ، توزاندەك ئۇچۇپ كەتتى، ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدا ھە-
قىقىي ئاداۋەتنىڭ بولۇشى، ئۆچمەنلىكنىڭ ئۆلگۈچە يوقالماسلى-

ﻘﻰ بىزدە يوق دېيەرلىك. قاسىمنىڭ ئاتا قەدرىگە بۇنداق چوڭقۇر يېتىش دەرىجىسى بەلكىم ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىن، ئادەملەرنىڭ قان-قېرىنداشلىق مېھرىنىڭ دەرىجىسى بىزدە بەكمۇ يۇكسەك. تىلەك ئەپەندى ئۆمرىدە هاراقنى كۆپ ئىچىش، تاماكىنى كۆپ چېكىشتەك بىر ئومۇمىي خاتالىققا يول قويغانىدى. تۇرمۇشتىكى ياخشى-يامان تەرەپىنىڭ هەر ئىككىلىسىنى قولدىن بەرمىگەن بۇ ئەبگا ئەپەندى، ئەگەر بۇ قېتىم ئوپېراتسىيىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ ساقىيىپلا كەتسەم كەيپ-ساپاغا هەرگىز بېرىلمەيمەن، دەپ كۆڭلىدە سانسىز قېتىم قەسەم قىلىۋەتتى. قاسىم ئاتىسى-نىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيۇپ تۇراتتى، هەتتا ئۇنىڭ يۈرىكى بىلەن ئۆزىنىڭ يۈرىكى تەڭ سوقۇۋاتقاندەك هېس قىلاتتى. قاسىممۇ بەڭگى، هاراقكەش ئىدى، ئۇ، ئادەم ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا ئىرسىيەتنىڭ ئاتمىش پىرسەنت تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بى-لەتتى، ئەگەر ئاتىسى ئەللىك ياشقا كىرمەيلا قازا تاپسا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن يا كېيىن ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالايتتى.

قاسىم ئاتىسىنى كىچىك تەرەت قىلغۇزۇپ، سۇيدۇكىنى هاجەتخانىغا تۆكۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «بابۇرنامە» نى ئو-قۇپ بېرىشنى داۋام ئەتتى: ”بابۇر كابۇلدا كۈچ توپلاپ هىندىس-تانغا يۈرۈش قىلىدۇ ۋە ئۇ يەرنى غەلىبىلىك ئىگىلەپ سەلتەنەت قورىدۇ. ئەمما ئۆزى ئاقىۋەت . .“ تىلەك ئەپەندى مۈگدەپ قالدى، ئۇنىڭ چۈشى بىلەن ئوخشى ئارىسىدىكى گىرىمسەن بىر مەنزىلدە بابۇر پەيدا بولدى، ئۇ مەجنۇن يەپ مەست بولۇپ يېتىپ

قالغاندا ئوغلى هۇمايۇن، ۋەزىر-ۋۇزرالىرى ۋە خوتۇن-كېنىد-زەكلىرى ئەتراپىغا ئولاشتى، شاھ ئۆلۈپ قالمىغاندۇ، دەپ ئويلاشتى، تىلەك ئەپەندى ئۇيقۇغا كېتىۋاتقان كۆزىنى ئاچالماي قىلىۋاتاتتى، بۇ ئۇيقۇ ئەمەس، ئۆلۈم شەپىسى دەپ ئويلىدى ئۇ. سېغىزخانىدەك سەگەكلىك بىلەن چۆچۈپ ئويغىنىپ. ئۇنىڭ يۇ-رىكى ئاغرىق كۆچىدىن قاتتىق قىسىلدى، ئەجەللىك بىر ئاغرىق پۇتۇن نېرۋىلىرىغا يامراپ كەتتى. قاسىم ئاتىسىنىڭ چىرايىنىڭ ئازابتىن قورۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال سىگنال كۇنۇپكىسىنى باستى. دوختۇرلار هايال ئۆتمەي يېتىپ كېلىش-تى، شىپالىق دورىلارنى ئىچكۈزۈپ ئاغرىقنى تىنچلاندۇردى، جۇ فامىلىلىك بىر دوختۇر، بىز ئۇنى ئەتىلا ئوپېراتسىيە قىلىد-مىز، دېدى ۋە قاسىمنى ئۆزىنىڭ ئايرىم بۆلۈمىگە چاقىرىپ، ئاتاڭنىڭ كېسىلى ناھايىتى خەتەرلىك، ئوپېراتسىيە ئوڭۇشلۇق بولامدۇ بىر نېمە دېيەلمەيمىز، ئىشقىلىپ بىز بارلىق ئىمكانىيىتىمىز بىلەن ئاتاڭنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشىمىز، ئەگەر زادىلا ئامال بولماي، ئۇنى قۇتقۇزالماي قالساق بىز ئىگە ئەمەس، شۇڭا سەن قائىدە بويىچە، ئاتام ئۆلۈپ كەتسە دەۋايىم يوق دەيدىغانغا رازىلىق بەر، مۇنۇ ئەسلەتمىنامىگە ئىمزا قوي، دېگەن مەنىدە بىرمۇنچە سۆزلىدى، بۇ گەپلەرنى قاسىم زادىلا ئۇقالمىدى، ئۆزىنىڭ خەنزۇچىنى تۇزۇك بىلمەيدىغانلىقىدىن ئۆلگۈدەك نومۇس قىلدى، جىلە بولۇۋاتقان دوختۇرنىڭ ئالدىدا يەنە بۇتتەك تۇرۇۋېرىشتىن، مۇھىم بىر ئىشنى ئۇقالماي قې-لىشتىن ئەنسىرەپ، بېيجىڭدا ئوقۇيدىغان ئۇرۇمچىلىك نەۋرە سىڭلىسىنى ئۇنىڭ چاقىرغۇسى ئارقىلىق دەرھال چاقىرىپ كەل-

دى، دوختۇرغا ئۇ گەپنى قايتىدىن دېگۈزدى. قىز ھەممە گەپنى قاسىمغا ئۇقتۇرۇپ بەردى. قاسىم كۆزىگە مۆلدۈرلىدە ياش ئالدى. بىر ئەركەكنىڭ كۆز يېشىنى كۆرگەن قىزنىڭ يۈرەك تارىمۇ تىترەپ كەتتى. قاسىم قولاشمايۋاتقان قولى بىلەن قەلەمنى قىسىپ تۇتۇپ، ئەسلەتمىنامىگە ئىمزا قويدى.

## 2

زىلالە ئاتلىق بۇ قىز تىلەك ئەپەندىنىڭ ئۇرۇمچىدە ئولتۇ- رۇشلۇق سىڭلىسىنىڭ قىزى بولۇپ، تىلەك ئەپەندى ئۇرۇمچى- دىكى تىببىي ئىنستىتۇت دوختۇرخانىسىنىڭ ئىسپات قەغىزىنى ئېلىپ بېيجىڭغا ماڭىدىغان چاغدا، سىڭلىسى بېيجىڭدىكى ئۇ قىزىغا تېلېفون بېرىپ پويىز ئىستانسىسىغا چىقىپ ئاكىلىرىنى كۈتۈۋېلىشنى ۋە ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن ئوبدان ياردەم قىلىشنى تاپىلىغانىدى. زىلالە مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتى شىنجاڭ سىنىپىنىڭ غوللۇق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، كىشىنى بىر ئىسىل سەنئەت بويۇمىدەك تەبئىيلا مەپتۇن قىلىۋالاتتى. خەنزۇچىنىلا ئەمەس ئىنگلىزچىنىمۇ ياخشى سۆزلەيتتى. ئۇ ھەر يازلىق تەتىلدە ئۆيىگە قايتسا، تىلەك ئەپەندىنىڭ سەھرا يېرىدىكى ئۆيى- نى، باغ-ۋارانلىرىنى بىر بېرىپ كۆرۈۋالمىسا ئۇنىمايتتى، قا- سىمنىڭ ئېشەك ھارۋىسىغا چىقىپ توپىلاڭ يول بويىدىكى قاتار تېرەك، سۆگەتلەرنى، كەڭ كەتكەن ئېتىزلارنى، قوي-كالىلارنى كۆزىتىشنى قەۋەت ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئاپىسىدىن ئو گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلىدە ئاكىلىرىنى خۇددى ئۆز ئۆيىگە

كەلگەن مېھماندەك قارشى ئېلىشنى، ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشنى ئويلىدى، دەرۋەقە، ئۇلارنى پويىز ئىستانسىسىگە چىقىپ كۈتۈۋالدى، دوختۇرخانىنى تېپىپ ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، قاسىمدىن سىگنال كەلگەن ھامان ئالدىراش دەرس ۋە باشقا ئىشلىرىنى قويۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا ھازىر بولدى، تاماق ئەكىلىپ ئاتا-بالا ئىككىسىنىڭ قورسىقىنى باقتى.

قاسىم ئەسلەتمىنامىگە ئىمزا قويۇپ، دوختۇرغا ئىلتىجالىق بىلەن قاراپ قويۇپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا كېلىپلا كۆز يېشىنى يەنە توختىتالماي قالدى.

—دوختۇر نېمە دېدى، نېمىگە يىغلايسەن؟—دېدى تىلەك ئەپەندى مەيدىسىنى ياستۇق بىلەن چىڭ بېسىپ.

قاسىم گەپ قىلالماي تۇرغاندا زىلالە ئېغىز ئاچتى:

—ئوپېراتسىيە قىلىنىدىغان كېسەلنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن رازىلىق ئالىدىغان ئىشكەن، ھەر قانداق دوختۇرخانىدا موشۇنداق قائىدە بار، بولۇپمۇ چوڭ ئوپېراتسىيىدە شۇنداق قىلىدۇ.

—رازىلىق بەردىڭمۇ؟—دېدى تىلەك ئەپەندى ئوغلىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، —ئۆلۈپ كېتىشىمگە رازىمۇ سەن؟

—ياق، ئاتا، سىز چوقۇم ئوڭۇشلۇق ئوپېراتسىيە قىلىنىسىز، چوقۇم ساقىيىپ كېتىسىز، دېدى قاسىم يېشىنى سۈرتۈپ. ئۇ ئاتىسىنىڭ چاقچىقىدىن ۋە ئۇنىڭ كۆلكىسىدىن ناھايىتى سۆيۈندى، ۋۇجۇدى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. تىلەك ئەپەندى زىلالەنىڭ ياشلىق، گۈزەللىك ئۇرغۇپ تۇرغان تەققىتۇرقىغا قاراپ ھەيرەتتە ھەم ھەسرەتتە قالدى. پورەكلەپ ئېچىلغان، پۇرىقى كىشىنى مەست قىلىدىغان بىر تۇپ ئەتىرگۈل

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئوپئوقتىكى قۇياشتەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، سىڭلىسىنىڭ گۈزەللىكىدىن كۆرە يېشىل مايسىدەك ياشناپ تۇرغان ياشلىق جەزبىدارلىقى ۋە ساغلاملىقى تىلەك ئەپەندىنى ناھايىتى ناچار ئۆتكەن ياشلىق ھاياتىنى ئەلەم بىلەن ئەسلەشكە ۋە تۈيۇقسىز ئازابلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. سىڭلىسىنى باشقا كۈنى كۆرگەندە ئۇ بۇگۈنكىدەك ھېسسىياتقا كەلمىگەندى، ئۇ چاغدا ئۇنى دەھشەتلىك ئاغرىق ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسى قىيناپ تۇراتتى، بۈگۈن ئۇ ئاغرىق ۋە ۋەھىمە سەل ئاجىزلاشقاندا، مېڭىدە ئادەت كۈچى تەرىپىدىن قاتۇرۇپ قويۇلغان ھارغىن تۇي-غۇلار، يوشۇرۇن ھېسسىياتلار قايتا تىرىلىپ، تېشىغا تېپىپ چىقىۋاتاتتى. يۈرەكنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈم ئەمەس، مېڭىنىڭ ئۆل-گىنى ئۆلۈم ھېسابلىنىدۇ دېگەن قاراشتىن خەۋىرى بار تىلەك ئەپەندى گويا ئۆلۈم يۈرەكتىن قىچىپ مېڭىگە بارمايدىغاندەك، جان تەندىن ئۇنداق ئوڭاي چىقمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى، يۈرەك-كىنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇپ، مېڭىسىنى داۋاملىق ئىشقا سالماقچى بولاتتى، ئەمما دەل ئاشۇ ئازاب ۋە قورقۇنچنى ئىچىگە سولىۋال-غان مېڭە خۇددى ھەرە كىرىۋالغان قاپاقتەك غوڭۇلدايتتى. تىلەك ئەپەندى ھاياتلىقنىڭ بارسا كەلمەس يولىدا ئۆلۈم بىلەن ياندىشىپ كەلدى، يولنىڭ ئۇ يېقىدا ئۆلۈم ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشىپ ماڭدى، تىلەك ئەپەندى ھەر دائىم ئۇنى ئەستىن چىقىرىپ قويدى. مانا ئەمدى ئۆلۈم ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلمەكتە، زەھەرخەندىلىك بىلەن خىرس قىلماقتا. تىلەك ئەپەندىنىڭ ئوغ-لىغا بايا گەپ قىلىۋاتقان چاغدىكى كۆلكىسىگە ئەمەلىيەتتە بىچا-رىلىك، تەنە، ئازاب يوشۇرۇنغانىدى، زىلالە قىز باللارغا خاس

سەزگۈرلۈك بىلەن بۇنى بايقىۋالدى، تاغىسىغا ئىچ ئاغرىتتى، ئۇنىڭ ئامان قېلىشىنى تىلىدى. زىلالەنىڭ ئېڭىدا كىيسەللىك ۋە ئۆلۈم ناھايىتى ناتونۇش نەرسىلەر ئىدى. ئۇ مەكتەپتە زورا-ۋانلىق، تېررورلۇق، مۇھەببەت تىراگىدىيىسى ۋە تاسادىپىي ھا-دىسىلەرگە دائىر ھېكايە فىلىملەرنى تولا كۆرۈپ كەتكەچكە ئۆ-لۈم ئۇنىڭغا خۇددى مۇھەببەت، جىنسىيەت، تاماق ۋە باشقا رېئال نەرسىلەرگە ئوخشاش ناھايىتى ئادەتتىكىچە بىلىنەتتى، ھەتتا بەزىلەرنىڭ گېپى بويىچە ئۆلۈمنى ناھايىتى گۈزەل نەرسە، ئۇ بىزنىڭ ئەبەدىيلىك تىنچلىقىمىز، ئۇ بىزنىڭ تۇغۇلغانلىقىد-مىزنىڭ ئىسپاتى دەپمۇ ئويلاتتى، ياپياش تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈ-رۈۋالغان ئەر-ئاياللارنىڭ ئۆلۈمنى مەنسىتمەيدىغان روھىغا ئىخ-تىيارسىز قايىل بولاتتى. قىسقىسى، ئۆلۈم ھەققىدىكى زامان-ۋى چۈشەنچىلەرنىڭ ھەممىسى زىلالەنىڭ ئېڭىدا ئايدەك روشەن ئىدى. چۈنكى زىلالەنىڭمۇ بىر چاغلاردا قېرىپ، سولۇشۇپ، تۈگىشىپ كېتىشتىن، ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ ھېچ بىرىگە يېتەل-مەي ئازاب ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىشىدىن دائىم ئەنسىرىگەن ۋاقىت-لىرى بولغانىدى، ئۆلۈم ۋە ئۇ ھەقتىكى خىلمۇخىل قاراشلارنى ۋاستىلىك بىلىم ھەم جەمئىيەت تۇرمۇشىدىكى ئۇچۇرلاردىن تەبىئىيلا ئۆزلەشتۈرۈۋالغانىدى. ئۇ تاغىسىنىڭ ئازراقمۇ بىر مەردانە چىرايى ئىپادىلىرىنى كۆرەلمەي ۋە دادىل گەپ-سۆزلىرى-نى ئاڭلىيالماي، ئىچى ناھايىتى سىقىلدى. يەنە كېلىپ قاسىم-مۇ كۆز يېشىنى تېخىچە ئېقىتىپ تۇراتتى، ئەر خەق يىغلىسا ھۆركىرەپ يىغلىسا بولىدىكەن، ئۇنىسىز ياش تۆككەندىن يىغلى-ماي قويغىنى، ئەرلىك سالاپىتىنى ساقلىغىنى ياخشىكەن دەپ

ئويلىدى زىلالە. ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ئاتا-بالا ئىككىسىنى يوشۇ-رۇن مازاق قىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ سەل خىجىل بولدى، ھەر-كىم مەلۇم بىر ئىشنى شۇ ئىش ئۆز بېشىغا كەلمىگۈچىلىك چۈشەنمەيدۇ، بۇ ئىش بەلكىم مەن ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەستۇ دەپ ئويلىدى، قاسىمغا ئوخشاشلا يورىكى بىرنەرسىنى تۇيغاندەك بولدى، قەلبى ھېسداشلىققا تولدى. شۇ تاپتا بۇ ئايرىم ياتاق بۇرۇقتۇرمىلىق ھاۋاسىغا غېرىب-مىسكىنلىك نىدا-سىغا تولۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ھالەتكە تىلەك ئەپەندى تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى:

—ئاتاڭ بىلەن ئەتە ئوپېراتسىيىدىن كېيىن ۋىدالاش بالام! ھازىر تېخى بالدۇر، يىراقتا ئاپاڭ قاراپ تۇرىدۇ، باللار قاراپ تۇرىدۇ، ماڭا ئامانلىق تىلەۋاتىدۇ، كۆڭۈل كۆزۈم ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن تېخى ھايات تۇرۇپ سېنىڭ يىغلاۋاتقى-نىڭنى كۆرسەم ئۇلارمۇ ئۆپچۆرەمدە يىغا-زارە قىلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىكەن. يىغلىما، يىغلىسام مەن يىغلىسام بولىدۇ، ھايا-تىمنى يەنىلا بوش قويۇۋەتكىنىمگە ئېچىنسام بولىدۇ. خۇدايىم ئەگەر ئۆمرۈمنى يەنە بەرسە ئىدى، قەسەم قىلىمەنكى ئۇ چاغدا سىلەرنى كۈلدۈرۈشكە، ھەممەيلەنگە قانداق تۇرمۇشنىڭ ئېسىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشاتتىم. ھەرقانداق ئادەم بېشىغا مۇشۇنداق بىر ئىش كەلمىگۈچە ھاياتنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەن، سەن بىلىسەن، مەن مۇشۇ كەمگىچە بۇنداق قاتتىق ئاغرىپ باقمىغان، راست كىچىكىمدە قىزىل چىقىپ، ئۆلۈپ قالغىلى تاس قاپتىكەنمەن، شۇنىڭدىن قارىغاندا ئادەم بۆشۈكىدىلا كېسەل تېگىپ ئۆلۈپ قالسىمۇ يەنە ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ. مانا مەن

مۇشۇ ۋاقىتقىچە ياشىدىم، توي قىلدىم، باللىق بولدۇم. يە-
گىرمە توققۇز يىل ئەپەندىچىلىك قىلدىم، باللارنىڭ دىلىغا
ئىلىم سالدىم، بەزىلىرىنى رەنجىتتىم، ئەمما كۆپلىرىنى رازى
قىلدىم. شۇلارنىڭ بىرسى ئەنە جىنىمنى قۇتقۇزۇشقا ياردەم
قولىنى سوندى. خۇدايىم شۇ شاگىرتىمنىڭ پاك، ئۇلۇغ نىيىتى
ئۈچۈن بولسىمۇ كېسىلىمگە شىپالىق بېرەر. ئەتە يا ئۈيان، يا
بۈيان بولىمەن، ئەمما تېخى ھېچقاچاندا كەلمىگەن ئىشقا بۇنداق
ياش تۆكمە، دوختۇرلار ھەر دائىم ئاشۇنداق مەلۇم ئېھتىماللىق
قالدۇرۇپ گەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار مىڭ قىلسىمۇ ھەممىگە
قادىر خۇدا ئەمەس-تە! ئۇلار پەقەت تەدبىر قوللىنالايدۇ، ئاغرىق-
قا ئاشۇنداق ئامال قىلىش كېرەك، لېكىن ئەجەل كەلسە ساق
ئادەمگىمۇ، قېرى-ياشقىمۇ كېلىۋېرىدۇ. بۇ سەن بىلەن بىزنىڭ
ئىرادىمىزگە باقمايدىغان ئىش بالام، سىلەر تېخى ياش، خۇدايىم
ئۆمرۈڭلارنى بەرسە ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرۈسىلەر، شۇغىنىسى
ۋاقىتىڭلارنى بىھۇدە ئىشقا ھەرگىز زايە قىلماڭلار. قىزىم زىلا-
لە، قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

—يىگىرمە بىرگە، —دېدى زىلالە تاغىسىنىڭ ئارمان ئوتى
ئۇچقۇنداپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ.

—يىگىرمە بىر ياش، نېمىدېگەن ئېسىل چاغلار-ھە! بىز
شۇ ۋاقىتلىرىمىزدا سىياسىي كورەشنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىلى-
رى ئىدۇق، كۆرمىگەن كۈننى كۆرگەنىدۇق. ئالىي مەكتەپلەر-
دە ئوقۇيالمىغان بولساقمۇ، يېزىغا چۈشۈپ چېنىققان مەزگىلى-
مىزدە 50-يىللاردىكى تۈنجى قارارلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈر-
گەن زىيالىيلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ زور تەربىيىسىگە

ۋە تەسىرىگە ئىگە بولغانىدۇق. شۇنىڭدىن باشلاپ مەن پەن، مائارىپقا ناھايىتى ئىشتىياق باغلاپ قالدىم، ئوقۇتقۇچى قىس مەزگىلدە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى، كېيىن رەسمىي ئوقۇتقۇچى بولدۇم. ئويلاپ باقسام ئەپەندىچىلىك ھاياتىمنى بەكمۇ بىرخىل، بەكمۇ ئاستا، بەكمۇ چولتا ئۆتكۈزۈپتىمەن، بۇنداق شەرەپلىك ئىشنى ئەسلى بىر قېلىپقا سېلىۋالماي، ھەرخىل ئۇسۇل، چارە، ئاماللار بىلەن قىلسا بولار ئىكەن. ناپالىئونمۇ، گېتلىرمۇ ئىشقىلىپ بىرسى، ”مۇمكىن ئەمەس دېگەن سۆز پەقەت دۆتلەرنىڭ لۇغىتىدىن تېپىلىدۇ“ دېگەنىكەن، مەن بۇ ھېكمەتلىك سۆزنى ئىشخانىمىزدىكى بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان، ئاڭلاپلا شۇ ھامان ناھايىتى روھلىنىپ كەتكەنىدىم، ئىلگىرى قىلالمىغان ئىشلارنى ئەمدى چوقۇم قىلىمەن، بىر بولسا باي سودىگەر بولىمەن، بىر بولسا بونداق ئەبگا ئەپەندىچىلىكتىن قۇتۇلۇپ مەكتەپ مۇدىرى بولىمەن دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما كۆپ ئۆتمەيلا كاللامنىڭ پورژۇنى يەنە ئەسلىگە يېنىپ كەتتى. ئۆيدىكى بىر ئوبدان ئايالىمدىن، قاسىمغا ئوخشاش موشۇنداق كۆيۈمچان بالىلىرىمدىن، ئۆزۈمنىڭ سىنىپىمدىكى ئوقۇغۇچىلىرىمدىن بەكلا سۆيۈنۈپ كەتكەن بولسام كېرەك، شۇلارغا، شۇ مۇھىتقا كۆنۈپلا قاپتىمەن. بۇ كۆنۈپ قېلىش بىر ھېسابتا ياخشى ئىشكەن، لېكىن ئادەمنى قانائەتلەندۈرۈپ قويىدىغان بىر يامان تەرىپىمۇ بار ئىكەن. شۇڭا مانا ھازىر ئاشۇ ھاياتىمغا رازى بولۇشتىن كۆرە پۇشايمىنىم تولا. مەن ئەسلىدە يىگىرمە بىر ياش ۋاقتىمنىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرۈمنىمۇ ئۇنداق ئۆتكۈزمەي باشقىچە ئۆتكۈزۈشۈم مۇمكىن ئىدى. گەپ يەنىلا كال-

لىدىكى مەسىلىدىكەن، ئىدىيە ئويغانمىسا ئادەم يەنىلا قاشاڭ
ئىشەكنىڭ هارۋا سۆرىشىدەك بىرخىل هالەتتە كېتىۋېرىدىكەن.
ئاقىۋەت كېسەل تېگىپ مانا مەندەك يىقىلىپ چۈشكەندە ئاندىن
كۆزىنى پارقىرىتىپ ياتىدىكەن. بۇ چاغدا مىڭ قاقشىغان بىلەن
بىكار-دە.

زىلالە بۇ گەپلەرنى تاغىسىنىڭ ئۆز ئوغلىدىن كۆرە ئۆزىگە
بەكرەك قارىتىپ دەۋاتقانلىقىنى بايقاپ خېلىلا جىددىيلەشتى هەم
تەسىرلەندى. هالاكەت ئالدىدا ئادەم بەزىدە بىر ئېغىز سۆزلەش-
نىمۇ خالىمايدۇ، بەزىدە تىلەك ئەپەندىگە ئوخشاش موشۇنداق
ئېغىزى ئېچىلىپ قالىدۇ، هاياجانلىنىپ هەم ئازابلىنىپ بولال-
ماي قالىدۇ. كىنولاردا ئۇرۇش مەزگىلىدە هەققانىيەت ئۈچۈن
قۇربان بولغانلار ئۆلۈش ئالدىدا مەردانە شۇئار توۋلايتتى، هازىر
ئېتىشقا ئېلىپ مېڭىلغان جىنايەتچىلەرنىڭ بەزىلىرى جىمجىتلا
ئۆلۈشنى خالىماي، بىررنەسە دەپ ۋارقىرايمىش. زىلالە بىلەن
بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان غۇلجىلىق بىر قىزچاقنىڭ دەپ بېرىشى-
چە، ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى بېيجىڭدا خىروئىن سېتىپ تۇتۇ-
لۇپ قېلىپ، قىلمىشى بەكلا ئېغىر بولغاچقا ئۆلۈم جازاسىغا
هۆكۈم قىلىنىپ، جازا مەيدانىدا ئېتىلىدىغان چاغدا غەزەپلەنگەن
شىردەك هۆركىرەپ، بىرنەرسىلەرنى دەپ يىغلاپ كەتكەنمىش.
غۇلجىلىق قىزنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئو-
قۇيدىغان يىگىتى شۇ مەيداندا بار ئىكەن، ئېتىلغان ئون ئۇيغۇر
جىنايەتچىنىڭ هەممىسى ئەللىك گرامدىن ئارتۇق خىروئىن بى-
لەن قولغا چۈشكەن بولۇپ، ئالتىسى ياپپاش يىگىت، قالغان
تۆتى بىر-بىرىدىن چىرايلىق قىزلار ئىكەن. غۇلجىلىق قىزنىڭ

يىگىتنى ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى تولىمۇ بىچارە ھالىتىنى ئۇ-زاقتىچە ئېسىدىن چىقىرالماپتۇ، مەكتىپىگە قايتىپ كېلىپ سا-ۋاقداشلىرىغا كۆرگەن ئەھۋاللىرىنى دەپ بېرىپتۇ، بېيجىڭدىكى باشقا ئوقەتچى بۇرادەرلىرىگە قانۇننىڭ رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى، قانۇنسىز قىلمىشلارنى قىلماسلىقنى ئەسكەرتىپتۇ. ئەمما ئۇلار يەنە قىلىدىغىنىنى قىلىۋېرىپتۇ، تۈرمىگە چۈشۈۋېرىپتۇ. ساق-چىلار ئۇلارنى سوراق قىلىدىغان چاغدا يەنە غۇلجىلىق قىزنىڭ يىگىتىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنى تەرجىمانلىققا ساپتۇ.

زىلالە تىلەك ئەپەندىنىڭ بۇ ئالەم مۆجىزاتلىرىغا تويماي قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن ئادەم بىلەن بىئەجەل ئۆلگەن جىنايەتچىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئازابى ئوخشى-شامدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدى، ئېتىلىش ئالدىدىكى ئاقچى قىزلارنىڭ ھوشىدىن كېتىۋاتقان ھالىتىنى، ئۆز رەڭگىنى يوقى-تىپ ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى تەسەۋۋۇر قىل-دى. بەلكىم شۇ قىزلارنى ياخشى ئوغۇللارنىڭ ياخشى كۆرۈشى-گە، مەسئۇلىيەتچان يىگىتلەرنىڭ توي تەلىپىگە يولۇققان، تۇن-جى سۆيگۈنىڭ لەززىتىنى تېتىغان، كەلگۈسى تۇرمۇشىنى بەختى-لىك ئۆتكۈزۈپ، خاتىرجەم ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۈشنى ئويلىغان بولغىيتى. ئۇلار شۇ قەبىھ ئىشنى قىلىۋاتقاندا ئىش ئۇقمىغان ئەقىللىق قىزلار بولغىيمىتى ياكى ھاماقەت، سەبىي قىزلار بولغىيمىتى؟! پۇل بىلەن شۆھرەت ۋەسۋەسىلەرگە ئالدىنىپ ياشاش ئاقىۋەتتە ئۇلارنىڭ شۇ ئەجەللىك ئاجىزلىقى ۋە خاتالىقى-نىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ئاشۇنداق ئېچىنىشلىق ئۆلۈمنى كەلتۈ-رۈپ چىقاردىمۇ؟ پۇل بىلەن شۆھرەتنى قىزلار زادى قانداق يول

بىلەن قوغلىشىشى كېرەك؛ مۇھەببەتكە باققاندا ئۇ نەرسىلەر ئايال زاتى ئۈچۈن ھېچنېمىگە قارىماي قوغلىشىشقا ئەرزىمدۇ؟ زىلالەنىڭ ئاياغلاشماس ئويلىرىنى تىلەك ئەپەندىنىڭ زەئىپ زۇۋانى ئۈزۈپ قويدى:

—كۆڭلۈم بىر كېلىشمەسلىكنى تۇيۇپ تۇرىدۇ. خۇدايىم ئۇنداق بولمىغاي. ئەمما ئۇنداق بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. كىملەرگە كەلمىگەن قازا بۇ. بابۇرمۇ ئەللىككە بارمايلا كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدىكەن، بولمىسا ئەنە ئاشۇ ھىندىستاننى نەچ-چە ئون يىل سوراپ، شاھلىق ھۇزۇرىنى سۈرىدىغان ئادەم نۇرغۇن ئۇرۇشلاردا ئۆلۈمدىن ئامان قېلىپ، رەقىبلىرىنى يې-ڭىپ، ئۇلارنىڭ كېسىلگەن كاللىسىدىن مۇنار ياسىغان بولسى-مۇ، ئۇ يەنىلا جان تەسلىم قىلىشتىن خالىي بولالمىدى. كىم-لەردىن قالمىغان جاھان بۇ، ھەممىسى ياشاپ-ياشاپ، قانداق ياشىغىنىنى بىلە-بىلمەستىنلا دۇنيادىن ئۆتىدىكەن. كىم ياخشى ياشىدى، كىم ناچار ياشىدى، ھېچبىر ئۆلچىمى يوق. كۆڭۈل دېگەننىڭ سىرلىق يېرى تولا. ئاياللار بۇنى بەكرەك چۈشىنىدۇ. زىلالە قىزىم، سىز ئەمدىلا يىگىرمە بىرگە قەدەم قويۇپسىز، قاراڭ بۇ گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان ھالىتىڭىزگە. بىر چاغلاردا ئاياللىمۇ شۇنداق گۈزەل ئىدى، ئارقىسىغا چۈشكەن يىگىتلەر كۆپ ئىدى. ئاخىرىدا مەن ئۇتۇپ چىقتىم. ئۆمرۈمدە قىلغان ئەڭ ئېسىل ئىشىم شۇ بولۇپتۇ. سىز بىر گۈل، ئۇنى قەدىرلەي-دىغان ئادەمنى چوقۇم تېپىشىڭىز كېرەك. بەزىلەر سىزدەك چىرايلىق گۈلنى كۆرگەندە ئۆزىنى تۇتالماي قالىدۇ، سىزنى پۇرىغۇسى كېلىدۇ. پۇراپ بولۇپ تاشلىۋېتىدىغان ناكەسلەرمۇ

بولىدۇ، ئۆمۈر بويى ئۇ پۇراقتىن بەخت لەززىتى سۈرۈپ، سىزنى ئۆلگۈچە ئاسرايدىغانلارمۇ بولىدۇ. بۇ ئەزەلدىن شۇنداق. خۇدايىم سىزگە ئوك كۆزىدە قارىغاي، ياشلىقىڭىزنى خۇددى تەشتەكتىكى گۈلنى ئاسرىغاندەك قەدىرلەڭ، ئۇنى پەرۋىش قىلىڭ، ئايىنىڭ، گۈللەندۈرۈڭ. سىزگە بۇ جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل ئىش يوق. ئوغلۇم قاسىمنى ئىزىمنى باسىدىغان، مەن ئۆلگۈچە قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم بولسىكەن دەپ تىلەۋاتىمەن، لېكىن، راستىنى دېگەندە بۇ بالام مېنىڭ كۈتكەن ئارزۇيۇمنى ھازىرغىچە تۇزۇك ئورۇنداپ باقمىدى. 11-سىنىپتا قايتا-قايتا ئوقۇتساممۇ ئالتىي مەكتەپكە ئۆتەلمىدى، قارىغاندا ئۇ دەرسنى شۇنداق بېرىلىپ ئۆگەنسىمۇ زېھنىگە ئالالمايدىغان ئوخشايدۇ، بۇنىڭدا مېنىڭ سەۋەنلىكىممۇ بار دەپ ئويلايمەن، چۈنكى مەن يېڭى توي قىلغان ۋاقىتلاردا شەيتاننىڭ پوقىنى پۇراپ، ھاراق، تاماكىنى تاشلىمايدىغان ئوسال بەندە ئىدىم، سىنىپقا بەزىدە مەست كىرەتتىم، دەرسخانىدىلا پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىپ ساغلام بالىلارغا زىيان سالاتتىم. دېمەك، بۇ بالام مەن ئاشۇنداق كەيپخۇمار ۋاقىتلىرىمدا تۇغۇلغان، شۇڭا مېڭىسىدە ئازراق مەسىلە بار، ئەقلى تولۇق يېتىلمىگەن. بۇ كېيىن چوڭ بولۇپ مېنى دوراپ كەيپ قىلىدىغان بولۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى توساي دېسەم ئۆزۈم شۇنداق قىلىپ باشلاپ بەرگەندىكىن، ئۇنى توسۇپمۇ توسۇپ بولالمىدىم. ئەسلىدىلا نابېجىرىم بالا كەيپكە بېرىلگەندىن كېيىن ئاقىۋەتتە نېمە بولماقچى؟ چوڭ ئىشنى قىلالمىغاندىكىن ۋاقتىلىق ئىشلەپ تۇر دەپ ئۆزەمنىڭ ئورنىغا تىقىپ قويدۇم. مەن ئۇنىڭ مەندىنمۇ ئېسىل ئادەم

بولۇشىغا تەشنا ئىدىم، بىراق ئۇ مەندىنمۇ كېيىن قالدى. ھازىرقىدەك ياخشى دەۋر شۇ چاغدا بولىدىغان بولسا بىز بۇنداق يۇرمەيتتۇق. ئاڭلىدىڭمۇ بالام، ئاتاڭنى رازى بولسۇن دېسەڭ، ئۆزۈڭنى بۇنداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويما، كىچىك ئۇكىلىرىڭغا باشلامچى بول، ئۇلار سەندىن ئۆلگە، ئىلھام ئالسۇن. بىر ئائىلىدە بىر بالا ئالدىغا ئۆزۈپ چىقسا قالغانلىرىمۇ شۇنى دورايدىغان، شۇنىڭ بىلەن بەسلىشىدىغان بولىدۇ...

تىلەك ئەپەندىنىڭ چىرايى ئۈشتۇملا يەنە دەھشەتلىك قورۇلۇپ، رەڭگى قورقۇنچلۇق ھالغا ئۆزگىرىپ كەتتى، بوغۇزى پاقىنىڭ ھەلقۇمىدەك لىپىلداپ، گېپى چورتلا ئۈزۈلۈپ قالدى. قاسىم كۇنۇپكىنى دەرھال باستى، دوختۇرلار پايپاسلاپ يېتىپ كەلدى، جۇ دوختۇر، ئەمدى دورا كار قىلمايدۇ، ئوپېراتسىيىنى ھازىرلا باشلايلى دەپ ئەتراپىدىكى بارلىق ياردەمچى دوختۇر ۋە سېستىرالارغا دەرھال تەييالىق قىلىشنى بۇيرۇدى. ئون مىنۇتلاردىن كېيىن تىلەك ئەپەندى ئوپېراتسىيە بۆلۈمىگە ئەكىرىپ كېتىلدى. قاسىم قىمار مەيدانىدىكى چوڭ قىمارۋازغا ئوخشاش جىددىيلىك، تەقەززالىق ئىچىدە قالدى، بىر تىرىك جاننىڭ، بىرقەدىرلىك، ئۇلۇغ جاننىڭ قانداق قىسمەتكە ئېغىپ كېتىشىنى بىلەلمەي، ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە تەلمۈرۈپ، تەمتىرەپ تۇرۇپ قالدى. زىلالە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ كەچتە بىر يەردە ئويۇن قويىدىغانلىقىنى، بالدۇراق بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى، بىرەر ئىش بولسا دەرھال خەۋەر قىلىشنى ئېيتىپ، خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. قاسىم قىزنىڭ كەينىدىن قاراپ، ئۆزىنىڭ تەنھالىقىغا ئىچى ئاغرىپ، كۆڭلى

بۇزۇلۇپ كەتتى. يىتىملىك ئۇنىڭغا يىراقتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىدىغان قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئاللىبۇرۇن يېتىپ كەلگەنىدى. ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنى قورقۇتمايتتى، بەلكى يىتىملىك ئەسكى ئىش. ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھاياتلىق قىلاتتى.

3

تۇيغۇنىڭ يوقىلىشى ئەلۋەتتە قازايى قەدەردىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا تۇيغۇنى، بولۇپمۇ ئىزگۇ تۇيغۇلارنى چىن دىلدىن قەدىرلەش كېرەك. تەقدىر بۇشۇكىدە ئەللەيلىنىپ، تاسقىلىپ، چايقىلىپ، ئاخىرىدا شالاڭلىنىپ تۇگىشىپ كېتىدىغان رەزگى ئادەملەردىن بولماسلىققا تىرىشىش كېرەك. ئۇلۇغلۇققا ئىنتىلىش ۋە يېقىنلىشىشنىڭ چېكى، قېلىپى بولمايدۇ، گەپ ھايات مۆجىزىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ھېس قىلىشتا. روھىيەتنىڭ چەكسىزلىكى ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالالمىدۇ، ئۆلۈم روھنىڭ ئاخىرقى چېكىمۇ ئەمەسمۇ، بۇ ھەر كىمنىڭ خۇسۇسىي چۈشەنچىسىگە باغلىق.

تىلەك ئەپەندى ئوپېراتسىيە جەريانىدا ھەربىر ئادەم زاتى خالىي بولالمايدىغان ئازاب، تەشۋىشلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشقا ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسى ئارقىلىق ئېرىشىشنى بىلسىمۇ، جىق كەپسىزلىك قىلىپ ئاخىر دادىسى چاقىرغاندا ئۇنىڭدىن تاياق يېيىشتىن قورقىدىغان بالىنىڭ قەلبىدىكى ئەنسىرەش، ئەپۇ تىلەشكە ئوخشايدىغان بىر ھېسسىياتتىن خالاس بولالمايتتى. بۇ ھېسسىيات ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنىڭ ھەربىر قاتلىمىدا تومۇردەك قاندەك ئۈزلۈكسىز ئېقىپ، گاھىدا قىياندەك دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. بۇنداق ھېسسىيات ئىچىگە كىرىپ قالغان ئادەمگە،

ئۆزىنىڭ پانىي دۇنيادىكى ھەممە قىلمىش-ئەتمىشلىكى بىر ئاخشاملىق ئۇزۇن چۈشتەك تۇيۇلۇشى تەبىئىي. تىلەك ئەپەندىنىڭ جىمى ئەزالىرى يۇگۇرۇش تەنھەرىكەتچىسىنىڭ ئاخىرقى پەللىگە يۇرۇش قىلىۋاتقاندىكى ھارغىن ھەمدە جىددىي ھالىتىگە ئۆتتى. ئۇنىڭ كېسىلى كونىراپ، كېڭىيىپ تېنى ھەددىدىن زىيادە زەئىپلىشىپ كەتكەچكە ئوپېراتسىيە ئۇنۇملۇك بولمىدى. جۇ دوختۇر بېشىنى چايقاپ، باشقا ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، كارىدۇردىكى ئورۇندۇقتا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان قاسىم ئۇلارغا چۆچۈپ قاراپ، جۇ دوختۇرنىڭ چىرايىدىكى ئۈمىدسىزلىكنى كۆرۈپ يۈرىكى پۇلاڭلاپ كەتتى، دېمىسىمۇ چۈشەنگىلى بولىدىغان بىر ئازابلىق ئالامەتتىن قاتتىق ھەسرەتلىنىپ، ئاتىسى بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈۋېلىش ئۈچۈن ئوپېراتسىيە بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى.

تىلەك ئەپەندى كۆز ئالدىدا تىترەپ يوقۇلۇپ كېتىۋاتقان دۇنياغا ناتونۇش بىر نەزەردە قاراپ قالدى، كۆزىنى ئاچتى، يۇمدى، يەنە ئاچتى، قاسىمنى يىغلامسىرىغان ھالدا كۆردى، تىلىنى تەستە زۇۋانغا كەلتۈردى:

— بېرى كەل بالام، ئادەم ئەسلىدە ئۆلۈمدىن قورقمايدىكەن، يالغۇز كېتىپ قېلىشتىن قورقىدىكەن. ئاپاڭغا تېلېفون بېرىپ دەپ قوي، تولا بەك يىغلاپ ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈۋالمىسۇن. سەنمۇ بۇنداق مىشىلداپ يۈرمە، ئوغۇل بالىدەك گاڭگۆك ياشا. ئادەم بۇرۇن بولسۇن، كېيىن بولسۇن، بەرىبىر ئۆلۈپ كېتىدۇ، بۇ تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، ھېچكىم ئۆلمەيمەن دېيەلمەيدۇ. ئۆلۈمدىن قورقسا تۇغۇلمىسا بولىدۇ.

امانەتنى فايتورمايدىغان ئىش نەدە بار. ساڭا قىلىدىغان ۋەسىيد-
ىم شۇكى، مەن قازا تاپقاندىن كېيىن جەسىتىمنى بىر ئامال
ىلىپ يۇرتقا ئېلىپ كەت، نامىزىم شۇ يەردە چۈشۈرۈلسۇن.
سەنمۇ بۇندىن كېيىن ئەل-جامائەتكە قېتىل، كەيپ-ساپانى تاش-
لا. ئاپاڭنى قاقشاتما، ئۇكىلىرىڭنى ئاسرا. .
تىلەك ئەپەندىنىڭ دېمى ئىچىگە بارغانسېرى چۈشۈپ كەت-
تى، ھاياتلىق پائالىيىتىگە قاتنىشۋاتقان ھەممە ئەزالىرى تەلتۆ-
كۈس ئارامغا چىقتى. تىلەك ئەپەندىنىڭ شۇ دەقىقە ئىچىدىكى
تەسەۋۋۇرى بەلكىم شۇ دەقىقىدە ئۆلۈپ كېتىۋاتقان باشقا يەردد-
كى بىر ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ئوخشاپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ
تېخى ھايات ئادەملەرنىڭ دىلىغا ئايان ئەمەس، تەسەۋۋۇرغا بەك
چوڭقۇرلاپ كىرىپ كەتكەندىمۇ يەنە ئۇنىڭ قالدۇق ئىمكانىيىتى
چەكسىز بولىدۇ. چەكسىز تەسەۋۋۇرغا ئىگە ئادەم مۇرەككەپلىك-
كە مەھكۇم ئادەمنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى. مەۋجۇدىيەتچىلىك
پەلسەپىسىنىڭ پېشۋاسى سارتىرې ئېيتقان ”ئادەملا ئەركىنلىككە
مەھكۇم“ دېگەن مەشھۇر سۆزنىڭ مېغىزى ئەنە شۇ يەردە.
تىلەك ئەپەندىنىڭ جان چىقماستىن ئۆزىنىڭ جەسىتىگە
كۆڭۈل بۆلۈشى ئۇنىڭ ئەنە شۇ ئەركىن خاھىشىنىڭ ئاخىرقى
نامايەندىسى. قاسىم ئاتىسى بىلەن قايغۇلۇق ۋىدالىشىۋېتىپ،
ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئىش قىلىشقا قەسەم قىلدى، قەلبىنى
قاماللاپ تۇرغان ھېلىقى زور تەشۋىش راستىتىنلا ئەمەلىيەتكە
ئايلانغاندا ئەقلى-ھوشىنى يوقىتىپ قويغۇدەك دەرىجىدە ئازابلد-
نىپ، ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىنى
بۇنداق تېز ھەم تەسىرلىك بولار دەپ ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ

قاباھەتلىك قايغۇغا ئۇرالغان روھىي دۇنياسى مۇسىبەت يىغا-زا-
رى بىلەن تولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۇنىڭ ئاپىسى ۋە
ئۇكىلىرىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يىغلاۋاتاتتى، ھەر بىرسىنىڭ
ۋۇجۇدى ئەلەملىك سىلكىنەتتى.

قاسىم ئاتىسىنىڭ جىددىيلىك ئىچىدە قېتىپ قالغان يۈزى-
نى يېپىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بايىلا تېخى ھايات ئىزى ئۆچمىگەن
سۆيۈملۈك دىدارىنى دىل خانىسىگە يادىكار قىلىپ تىكلەپ قوي-
دى. قاسىمنىڭ شۇ تاپتىكى ھايات پائالىيىتى ئۇنىڭ ئۆزىگە بىر
قاباھەتلىك چۈشتەك تۇيۇلاتتى. لېكىن چۈش دېگەن بۇ ئۇقۇم
كۆپ مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى ھاياتلىق ھادىسىلى-
رىنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمى، كۆچمە مەنىسى ھاياتلىق
ھادىسىلىرىنىڭ روھىيەتتىكى پۈتكۈل تۈيغۇ جەريانىدىن ئىبا-
رەت. شۇنداقتىمۇ ھاياتلىقنى چۈش دەپ قاراش ھاياتلىق جەريا-
نىنى، ئۆمۈرنىڭ تۈمەن تۈرلۈك تەپسىلاتلىرىنى ئىنكار قىلغانغا
يېقىنلىشىپ قالىدۇ. پەقەت ئۆزىنى ئۆز ھاياتىنىڭ شېرىن مې-
ۋىسى دەپ قارايدىغان ئادەملا ئۇنداق قاراشنى تۇز كۆرلۇق دەپ
ھېسابلايدۇ.

قاسىم «بابۇرنامە»نى ئاتىسىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوقۇپ
بېرىپ بولغانىدى. تىلەك ئەپەندى بابۇرنىڭ ئىش-پائالىيەت-
لىرىدىن نېمىنى چۈشەندى، نېمىنى ئويلىدى، بۇنى قاسىم خىرە
ھېس قىلىدۇ. ئاتىسى نېمىشقىدۇر ئاشۇ بابۇر بىلەن ئۆزىنى
مەلۇم جەھەتتىن قانداشلىقى باردەك، ئۇنى ئۆزىگە دىلكەش
دوستتەك بىلەتتى. ئەمما بابۇر بىر مەشھۇر تارىخىي شەخس،
تىلەك ئەپەندى بولسا ئادەتتىكى بىر ئادەم. بابۇر تارىخقا خېلى

چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن سەلتەنەتلىك پادىشاھ، تىلەك ئەپەندى پەقەت مەكتەپ مۇھىتىغا ئازغىنە تەسىر كۆرسىتەلىگەن، پەقەت بىر تۈركۈم كىچىك بالىلارنى باشقۇرالىغان سىنىپ مۇدىرى. قىسقىسى، پەرق بەكمۇ چوڭ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئاساسەن ئوخشاش، بەدەن ئەزالىرىنىڭ ماھىيەتلىك تۈيغۇ جەريا-نىمۇ ئوخشاش. ياشىغان دەۋر ۋە كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئەۋزەللىك دەرىجىسىمۇ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى جەھەتتىن ئومۇمەن تەڭشىلىپ كېتىدۇ. ئۆتكەن تارىخ بىلەن ھازىر داۋاملىشىۋاتقان تارىخنىڭ شۇنىڭدەك، بىر ئادەمنىڭ ئۆزۈن ئۆمرى بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ قىسقا ئۆمرىنىڭ، بىر مىللەتنىڭ پەيدا بولۇشى، گۈللىنىشى، ھالاكىتى بىلەن شۇ مىللەتكە تەۋە بىر ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى، تەرەققىي قىلىشى، ئۆلۈشىنىڭ ۋاقىت جەھەتتىكى ماھىيەتلىك پەرقى يوق دېيەرلىك. جاننىڭ مۆجىزىسى تارىخ مۆجىزاتىنىڭ ماھىيىتى، ئادەم كىچىككىدىنلا مۆجىزىلەرگە ما-يىل كېلىدۇ. بەزىلەر شۇ مۆجىزىلەرنى سىرتتىن كۆزىتىشكە، سىرىنى بىلىشكە قىزىقىپ ئالىم بولىدۇ، بەزىلەر ئۆزىنى مۆجە-زىدەكلا كۆرۈپ، ئۆزىدىن مەست بولۇپ دۇنيادىن ئۆتىدۇ.

قاسىم بېشىنى ئاتىسىنىڭ جەسىتى ياتقان كارىۋاتنىڭ قى-رىغا قويۇپ خېلى ئۇزاققىچە يىغلىدى. بىر كەمدىن كېيىن دوختۇرلار كېلىپ جەسەتنى جەسەت توڭلىتىش ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

قاسىمنىڭ ۋۇجۇدىدا ھاياتلىق يەنىلا داۋام قىلماقتا. ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن بىلەن ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئىز-ئەسنالىرى يەنىلا بالىسىدا ساقلىنىپ قالدى. تىلەك ئەپەندىنىڭ دىلىدا بۇ سۆيۈنچ

قاسىم تۇغۇلغاندىن بېرى مەۋجۇت ئىدى، شۇڭا تىلەك ئەپەندى ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئەڭ ياخشى ئارزۇ-تىلەكلىرىنى ئايالى ۋە باشقا بالىلىرىغا ۋاكالىتەن ئوغلىغا قالدۇرۇپ قويۇپ كەتتى. قاسىم ئۆز ۋۇجۇدىدا ئاتىسىنىڭ قېنى ئېقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانچە، قايغۇنى چوقۇم كۈچكە ئايلاندۇرۇشنى نىيەت قىلدى. ھاياتلىق چوقۇم ئەنە شۇنداق ئۈمىد بىلەن داۋاملىشىشى كېرەك ئىدى.

4

”تاشقى پىلانېتا ئادىمى دىسكو كۇلۇبى“نىڭ مەركىزىي سەيناسىدىكى رەڭگارەڭ چىراغ بىلەن بېزەلگەن يۇمۇلاق سەھنىدە زىلالە پەستە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ دىسكو ئويناۋاتقان تاماشىبىنلارغا ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر ناخشىچىسى مادونانىڭ ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىراغ يورۇغىدا ئوتقاشتەك چاقناپ تۇرىدىغان قىزىل كۆڭلىكى بەدىنىنىڭ گۈزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلاتتى، مۇرىسىگە يېيىلىپ چۈشكەن قاپقارا چاچلىرى مۇزىكا رىتىمىغا ھەم بەدەن ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ شادىيانە يەلپۈنەتتى، پەستىكىلەرنىڭ دىققىتىگە تەلپۈنەتتى. . قىزنىڭ ناخشا ئاۋازى ئەۋجىگە چىققاندا پەستىكىلەر ھاياجانلىنىپ بولالماي قېلىشتى، ھەممىسى سۇپىغا يېقىن كېلىۋېلىشتى، زىلالىگە قوللىرىنى شىلتىپ دىسكو ئويناشتى. ئۇلار ئازاب دېگەن نەرسىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان تاشقى پىلانېتا ئادەملىرىگە ئوخشاش غەيرىي تۇس، غەيرىي ھالەتلەردە خىلمۇخىل قىلىقلارنى چىقى-

ـراتتى، شوخلۇقتىن قىن-قىنىغا سىغمايتتى؛ مەست ئادەملەر-
نىڭ كۆزىدەك خۇمارلاشقان قىسىق كۆزلىرىنى زىلالەنىڭ ھەر د-
ىكتى، ئاۋازى، بوينى، چىرايى ۋە باشقا ھەممە قىياپەت-تۇرقى-
دىن ئۇزەلمەيتتى، ئۇنى تەسەۋۋۇرىدا يالىڭاچ ھالەتتە كۆرەتتى،
جىنسىي گۇزەللىكتىن زوقلىناتتى. ئادەملەرنىڭ نەپسانىيەت
خۇسۇسىيىتى مودا بولۇۋاتقان زامانىۋى جەمئىيەتتە زىلالىدەك
قىزلارنىڭ ئىدىيىسىنى چىرىتىدىغان نەرسىلەر ناھايىتى نۇرغۇن
بولسىمۇ، زىلالە يەنىلا ئۆزىنىڭ بەدەن ۋە روھىي پاكلىقىنى
ساقلاپ كېلىۋاتاتتى، چۈنكى ئۇ ئاپىسىنى ۋە كىچىك ۋاقتىدىكى
گۇزەل، غۇبارسىز كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ، قەدىرلەپ تۇراتت-
تى. غۇرۇر كۈچى ئۇنى بەزى ھەزىلەك ئوغۇللاردىنمۇ كۈچ-
لۈك، قۇدرەتلىك قىلىۋەتكەنىدى. فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگى-
رىش سەۋەبىدىن ئۇنىڭ روھىدا ئالىقاندىداق ۋەسۋەسە باش كۆتۈ-
رۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ شۇ تىرتەك غۇرۇرىنىڭ خاسىيىتى،
بالىلىق دەۋرىدىن قالغان پاكلىق، گۇزەللىك تۇيغۇسىنىڭ دا-
ۋاملىق رول ئوينىشى بىلەن بۇگۇنگە قەدەر ئۆزىنى سەدەپ قۇلۇ-
لىسى ئىچىدىكى مەرۋايىتتەك ساقلاپ كەلدى، بەزى قىز ساۋاق-
داشلىرىنىڭ بىشەم، بىھايا ئىستەكلىرىگە قارشى ئۆزىنى ھەردا-
ئىم تۇتۇۋېلىپ يۈردى. بۇ جەريانىدا ئۇچراپ كەتكەن تالاي ئىش-
لار، تۆكۈلگەن ئازابلىق ياشلار، تولا ئويلىنىپ قېتىپ كەتكەن
باشلارنى بىر دېمەڭ. بۇنى ئۇ ئۆزى بىلىدۇ. ئۇنىڭ بىردىنبىر
ئويلايدىغىنى ئۆزىنى كەلگۈسىدە بىر ياخشى يىگىتكە ۋە ئۆز
ئارزۇسىدىكى كەسىپكە تەقدىم قىلىش مەسىلىسى ئىدى. ئۇ
ئۆزىنىڭ ئىپپەتلىك ئايال، كۆيۈمچان ئانا، ئاتاقلىق ئارتىس

بولۇش ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقى، كېچىۋاتقان ئار-زۇ-ھەۋىسى ئالدىدا ئەپسۇسلانغۇدەك ھېچ نەرسىنىڭ يوقلۇقىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى. لېكىن ئىززەت نەپسى، شۆھرەت تۇيغۇ-سى باشقا قىزلارغا ئوخشاش كۈچلۈك بولغان بۇ قىزمۇ، بىر كۈنلەردە كۈتكەن ئادىمى بىلەن تۇرمۇش قۇرالماسلىقىدىن، تۇر-مۇش قۇرغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك بول-ماسلىقىدىن، قىزلىق ھېسسىياتىنىڭ خەتەرلىك بوران-چاپقۇنلى-رىدىن ئامان قالغان ئىسىل قەلبى ۋە پاك بەدىنىنىڭ خارلىنىپ قېلىشىدىن، شوغۇللانماقچى بولغان كەسپىدىن كۈتكەندەك نەتى-جىگە ئېرىشەلمەسلىكىدىن بەزىدە تەشۋىشلىنىپ كېتەتتى. شۇن-داق چاغلاردا ياتىقىدىكى قىزلار بىلەن تەڭ بۇ جەمئىيەتتىكى بەزى ئەر زاتىنىڭ ئەسلى سۈپىتىنىڭ بارغانچە ناچارلىشىپ كې-تىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىر بولسا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوق شەھۋەت بۆرىلىرى ئىكەنلىكىنى، بىر بولسا ئىش ئۇقمايدىغان ياۋاش، كالۋا قويلار ئىكەنلىكىنى غەزەپ، ئېچىنىش بىلەن سۆكۈپ، قارغاپ، ئارقىدىن ئەرلەر زورلاۋاتقان قىلىۋاتقان بۇ جەمئىيەتنىڭمۇ بارغانچە غەلىتىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن زارلى-نىپ، ئاھ ئۇرۇپ كېتەتتى. ئەمما بۇ ۋاقىتتا زىلالە ياتاقداشلى-رىنىڭ ئۆزىنى يوشۇرۇن مازاق قىلىۋاتقىنىنى كۆپ ھاللاردا بايقىيالماي قالاتتى.

چىراي ۋە قامەتتىكى گۈزەللىك زىلالەگە ئەڭ زور شادلىق، تەسەللىي، ئىشەنچ، غۇرۇر، مەغرۇرلۇق ۋە يۇقىرى ئارزۇ-تە-لەپ، شۇنداقلا قايغۇ-ئەلەم، پەرىشانلىق ئېلىپ كېلەتتى، بۇنىڭ شۇقەدەر غەيرىي تەبىئىي ئىش ئىكەنلىكى زىلالىدەك چىرايلىق

قىزلارنىڭ خاراكتېرىگە دائىم مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك تەسىر بېرىپ قويىدۇ. كوچىلاردا، كىنو-تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا كۆ-رۈلۈۋاتقان گۈزەللىك قىممىتى ئۇنداق قىزلارنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلىدۇ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئىزدەشكە ئوندەي-دۇ. گۈزەللىك دەسمايىسىنىڭ بىباھا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدى-غان قىزلارغا ھاياتىنىڭ باھار پەسلى بوران-چاپقۇن ئىچىدە ئۆتۈ-ۋاتقاندەك، غازاڭ پەسلى چاققانلا يېتىپ كېلىدىغاندەك، بەخت دېگەن نەرسە ئۆلۈمگە قاراپ قېچىۋاتقاندەك تۇيۇلۇش مۇمكىن. شۇنىڭدەك، ھازىرقى قىزلار كەلگۈسىدە قېرىلىقتىن قاچىدى-غان، موماي بولغاندا ياشلىق، گۈزەللىك دېگەن نەرسىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق كۆپتۇرۈلۈپ ماختىلىپ كېتىدىغانلىقىدىن ئە-جەبلىنىدىغان بولۇشى مۇمكىن.

شۇ تاپتا سەھنىدە نەچچە يۈز ئادەمگە ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان زىلالە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بۇ دۇنيانى، بۇ دۇنيانىڭ كىچىككىنە بىر بۇرجىكىنى سەھنە قىلىپ ھاياتلىق ئويۇنلىرىنى ئويناپ بولغان تىلەك ئەپەندىنىڭ ئۇ دۇنياغا قىلغان سەپىرىدىن خەۋەر-سىز ئىدى. ئۇ ئاخىرقى ناخشىسىنى ئەڭ يۇقىرى ماھارىتى ۋە نەپىس ھەرىكەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، تازا مۇۋاپپەقىيەتلىك ئو-رۇنلاۋاتقاندا يېنىغا ئېسىۋالغان چاقىرغۇسى سىگنال بەردى.

زىلالە دوختۇرخانىغا كەلگەندە قاسىم ياشاڭغۇراپ تۇرغان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ئولتۇ-راتتى، زىلالەنىڭ كۆزىدىمۇ ياش لىغىرلاپ قالدى، قاسىمغا تەسەللى بەردى. قاسىمنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلدى.

—ئەمدى ئاتامنىڭ جەسىتىنى يۇرتقا قانداق ئەكىتەرمەن،

بۇ خەۋەرنى ئاپامغا قانداق ئۇقتۇرارمەن، ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ئالدىغا نېمىدەپ بارارمەن، پۇل ياردەم قىلغانلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارارمەن! ئەكەلگەن پۇلنىڭ ھەممىسى تۈگىدى، بىر تىيىنمۇ قالمىدى. دوختۇرلار ئاتامنى جەسەت ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى، سىز بېرىپ سوراپ بېقىڭە، ئۇلار ئۇنى قانداق قىلماقچىكەن، جەسەتنى يۇرتقا ئېلىپ كېتىمىز دەڭ، بۇ ئاتامنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەسىيىتى.

زىلالە جۇ دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىپ بىردەمدىن كېيىن چىقتى، قاسىم جىددىيلىشىپ ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى.

—جەسەتنى بۇ يەردە ئۈچ كۈنلا قويۇشقا بولىدىكەن. ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتسە كۈنلۈكىگە يۈز يۈەندىن تۆلىگۈدەكمىز. بۇ يەردە جەسەتنى ئۇزاق ساقلايدىغان ئىش بولمىغاچقا ئۆزلىرى شۇنداق قائىدە چىقىرىۋالغان ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە دوختۇرخانىدا ۋاپات بولغانلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىدىن بىرەرسى كېلىپ جەسەتنى ئەكەتمىسە جەسەتنىڭ ئىگىسى چىقمىغان ھېسابلىنىپ جەسەت كۆيدۈرىدىغان يەرگە ئاپىرىۋېتىلىدىكەن. ئۇلار بىزنىڭ مۇسۇلمان مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ جەسەتنى ۋاقتىنچە بىر تەرەپ قىلمايدىغان، بىز ئۇنى ئېلىپ كەتكۈچە ساقلاپ تۇرىدىغان بولدى، ئەمما پۇلنىڭ ئىشى چاتاق بولدى، يېنىڭىزدا زادى ھېچقانداق پۇل قالمىدىمۇ؟

—قالمىدى، ھەممە پۇل دوختۇرخانىغا كەتتى. ئۆيگە تېلېفون بېرىپ پۇل دېگۈچە ھەم ئۇ پۇل تېپىلىپ بۇ يەرگە ئەۋەتىلىپ بولغۇچىمۇ پۇل كېرەك، ئاڭغىچە يەنە نەچچە كۈن ئۆتىدۇ.

ئاتام ئۇ مۇزخانىدا تۇرۇۋەرسە بولمايدۇ. مېيىتنى ئۇنداق ئۇزاق ساقلاشمۇ مۇسۇلمانچىلىق قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئاتامنى ئەسلىدە بۇ يەرگە ئەكەلمەيدىغان ئىش ئىكەندۇق، ئەمدى قانداق قىلارمەن...

قاسىم ئەلەم بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ، ئۈمىدسىزلىنىپ، قايغۇرۇپ ئاخىرى يىغلاپ تاشلىدى.

— بولدى يىغلىماڭ، ئامال تېپىلىپ قالار، — دېدى زىلالە تەمكىنلىك بىلەن، — بەك بولمىسا، تاغامنى بېيجىڭدىكى مۇسۇلمانلار زاراتگاھلىقىغا دەپنە قىلساقمۇ بولىدۇ، بېيجىڭغا داۋالانغىلى كېلىپ قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەن، ئاق چېكىپ ئۆلۈپ كەتكەن ۋە باشقا خىلمۇ خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسەن شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نامىزىنى چۇشۇرۇشكە گەنجياكۇدىكى ئۇيغۇرلار مەھەللىسىنىڭ بىر ئىمامى مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. سىز بەلكىم بىلمەيسىز، جەسەتنى بۇ يەردىن شىنجاڭغا ئېلىپ كېتىش راستتىنلا ئاسان ئەمەس، جەسەتنى ئادەتتە ئايروپىلان ياكى پويىزدا ئەكەتكىلى بولمايدۇ. مۇبادا شىنجاڭغا بارىدىغان يۈك ماشىنىسى چىقىپ قالسا، شوپۇر ئۇناپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ئەمما ئۇ ئىنساپلىق شوپۇر بولمىسا نۇرغۇن پۇل تەلەپ قىلىدۇ. گەپ ھازىر سىزدە پۇل يوق، ئەڭ ياخشى ئامال نېمە دېگەندە، خۇيزۇ زاراتگاھلىقىدىن مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراق پۇلغا بىر گۆرلۈك سېتىۋالغىلى بولىدىكەن، گەنجياكۇدىكى ھېلىقى ئىمامنى دەرھال تېپىپ، تاغامنى چاققان دەپنە قىلىۋېتەيلى.

— ياق، بۇنداق قىلساق ئاتامنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭ روھىغا يۈز كېلەلمەي قالىمەن، ئۇنىڭ ماڭا ئىشىنىپ قىلغان ۋەسىيىتىنى ئورۇندىمىسام بىر ئۆمۈر قارغىشقا ئۇچرايمەن، يەنە كېلىپ، ئاتامنى داۋالىتىپ ساقايتىپ ئۆيگە خۇشال قايتالمىغانلىقىم ئۇستىگە ئۇنىڭ جەسىتىنى بولسىمۇ يۇرتقا ئەكېتەلمىسەم ئۆيدىكىلەر ۋە ئەل-جامائەت نېمەدەيدۇ؟! ئاتامنىڭ جەسىتىنىڭ يىراق بىر يەردە تاشلىنىپ قېلىشىغا ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئۇنىمايدۇ، مېنىڭمۇ ھەم شۇنداق. زادى باشقا بىرەر چارە تاپقىلى بولماسمۇ؟ سىز ئۆزىڭىز تونۇيدىغان بىرەرسىدىن قەرز ئالالماسسىزمۇ؟ شىنجاڭغا بارىدىغان ماشىنا مۇشۇنداق چوڭ بىر شەھەردىن تېپىلماي قالارمۇ؟ بىرەر ياخشى ئادەم، بىرەر ئىنساپلىق ئۇيغۇر شوپۇر ئۇچراپ بىزگە ياردەم قىلالماسمۇ؟

— تەس، بەكمۇ تەس. ياخشى ئادەملەر بارغانچە ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. كۆرمەيۋاتامسىز بۇ شەھەردىكى ئەھۋاللارنى، ھەممە ئىش پۇل بىلەن ئوخشايدۇ. يېنىمدا ئۆزۈم تاپقان بىر ئاز پۇل بار، لېكىن ئۇ پەقەت تاغامنى بېيجىڭدا دەپنە قىلىشقىلا ئاران يېتىدۇ. خۇيزۇ زاراتگاھلىقىدىكى يەرلىكنىڭ باھاسى بەلكىم بۇرۇنقىدىن ئۆسۈپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ بىر ئامال قىلغىلى بولىدۇ.

— ياق، ئاتامنى ئۇ يەردە يەرلىككە قويۇشقا بولمايدۇ، ئاتام بايا سىز دېگەندەك ئاشۇنداق خىروئىنكەشلەرنىڭ ئۆلۈكى توپلانغان يەرگە دەپنە قىلىنسا، بۇنىڭغا سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئۇنامدۇ؟

— مەن دېدىمغۇ، ئۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى

ئاقچى ياكى ئوغرى قاراقچى ئەمەس. ئۇ يەرگە شىنجاڭغا ئېلىپ كېتىشكە مۇمكىن بولمىغان، ياكى ئۇنداق قىلىش ھاجەتسىز دەپ قارالغان نى نى ياخشى ئۇيغۇرلارمۇ دەپنە قىلىنغان. ئۇ يەرگە دەپنە قىلىنسا ھېچنېمە بولمايدىغۇ، ھەممىسى خۇدايىمنىڭ يېرى، زاراتلىقنىڭ ئۆزى مۇسۇلمانلار زاراتلىقى، بۇنىڭدا قىلچە شەك يوق.

—لېكىن شۇنداقتىمۇ ئاتامنى ئۇ يەرگە يەرلىكىدە قويۇشقا بولمايدۇ، مەنغۇ قەتئىي ئامال بولمىسا بوپتۇلا، خۇدايىممۇ، ئاتاممۇ كەچۈرەر، شۇ يەرگە دەپنە قىلساق مەيلى دېسەم، ئەمما ئاپام، ئۇكىلىرىم، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم ئاتام بىلەن ۋىدالىشالمىغاننىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ جەسەت دىدارىنىمۇ كۆرەلمىسە قانداق بولىدۇ؟!

—ئەمىسە ئۆيىڭىزگە تېلېفون بېرىپ باقايلى، ئۆيدە تېلېفون بارمۇ؟

—مەكتەپ ئىشخانىسىدا بار، دېسەك چاقىرىپ قويىدۇ.

ئۇلار دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون تىجارىتى قىلىدىغان دوكانغا كەلدى. يولدا كەلگۈچە زىلالە تېلېفوندا نېمىلەرنى دېيىش توغرۇلۇق قاسىمغا بىرمۇنچە گەپ ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ قايغۇ-ئەلىمىنى ۋە يوشۇرۇن نارازىلىقىنى كۆچەيتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئەسلىدە بۇ شۇم خەۋەرنى ئاپىسىغا بالدۇرلا ئۇقتۇرۇش خىيالى يوق ئىدى، مېيىتنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئاپام ”ۋاي يولدۇشۇم“ دەپ ئۆكسۈپ يىغلامدۇ ياكى چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلامدۇ، ھەممە مۇسىبەت، يىغا-زارنى شۇ يەردە كۆرگىنىم ياخشى دەپ ئويلايتتى، شۇنداقلا ئاپىسىنىڭ بۇ خەۋەرنى

ئاڭلىمىسىمۇ يۈرىكىنىڭ تۈيۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايتى. ئۇ ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئادەتتە ناھايىتى ئىناق ئۆتىدىغانلىقىنى، گاھىدا قىزىرىشىپ، تىللىشىپ، ئۇرۇشۇپ قالغان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئىتتىكلا يارىشىپ قالىدىغانلىقىنى ئېسىنى بىلگەندىن باشلاپ بايقىغان ھەم ئۇنىڭغا كۆنۈپمۇ كەتكەنىدى. قاسىمنىڭ نەزىرىدە ئاتىسىنىڭ ئەڭ چوڭ كەمچىلىكى ئۇنىڭ ئۇششاق سۆزلۈكى ئىدى. تىلەك ئەپەندى ھەقىقەتەن ئايالىدىنمۇ بەك تولا سۆزلەيتتى، ئايالى تاماق ئېتىۋاتقاندا قازان بېشىغا چېپىلىۋالاتتى، بىر كۈنلۈك خىزمەت ۋە شۇ كۈندە ئۆپچۆرىسىدە بولغان ئىشلار، ئاڭلىغان گەپ، توقۇناق سۆز-چۆچەكلەرنى ئايالىغا قالدۇرماي سۆزلەپ بېرەتتى، ئۆزىچە ئاچچىقلىناتتى، ياكى كۈلەتتى، ئايالى ئەگەر ئۆزىگە ئورتاقلاشمىسا خۇيى تۇتۇپ قالاتتى، ئۇنى تېرىكتۈرەتتى، رەنجىتىپ قويۇپ ئارقىدىن كۆڭلىنى ياسايتتى. قاسىم كىچىك چاغلىرىدا ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە دائىم مېھمان چاقىرىدىغانلىقىنى، بىچارە ئاپىسىنىڭ ھاراق زاكوسكىسى ئۈچۈن سەي قورۇپ ئۆلگۈرەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. ئاپىسى ئۇ چاغلاردا ياش، چىرايلىق، تېتىك ئىدى، قاسىمغا سەيىنىڭ گۆشلىرىدىن يېگۈزەتتى. تىلەك ئەپەندى سورۇندا دۇتار چېلىپ ئايالىنى ئۇسسۇلغا سالاتتى. مەكتەپ مۇدىرى، ياش، ئوتتۇرا ياش مۇئەللىملەر ۋە مەكتەپ تەۋە بولغان شۇ يېزا بازىرىنىڭ قوڭالتاق باشلىقلىرى ئۆيىنى قويۇق بۇس ۋە تاماكا ئىسلىرىغا تولدۇرۇپ تىلەك ئەپەندىنىڭ ھوزۇرىدىن يەنە نېمىلەرنىدۇر تىلەپ ئولتۇراتتى، كىچىك قاسىم ئەگەر مېھمانخانىغا كىرىپ قالغۇدەك بولسا ئاتىسى ئۇنىڭغا كەمپۈتتىن بىر ئىككى

تال تۇتقۇزۇپ قالاغا چىقىرىۋەتتى. قاسىم تالاغا چىقىپ يەنە قازان بېشىدا پايپېتەك بولۇۋاتقان ئاپىسىنى كۆرەتتى، ئاپىسىنىڭ قازان بېشىدىكى ھەرىكىتىمۇ، مېھمانلار ئالدىدا ئويناپ بەرگەن ئۇسسۇلىمۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى بىچارە تۇيۇلاتتى. نەدىكى ئاشۇنداق كۆڭۈلسىز ئۇششاق ئىشلار قاسىمنىڭ ئېسىدىن ئاسان چىقمايتتى. شۇ ۋاقىتقا تەۋە ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا كىچىكىدە تۇنجى كۆرگەن كىنودەك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

قاسىم بەرگەن تېلېفون مەكتەپ ئىشخانىسىغا ئۇلاندى، ئىشخانىدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان بىر ئوقۇتقۇچى قاسىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تىلەك ئەپەندىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ كەتتى، قاسىم يالغاندىن ياخشى دەپ قويۇپ، ئاپىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىر ھازادىن كېيىن قاسىم تېلېفوندىن ئاپىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، بوغۇزىغا يىغا كەپلىشىپ قالدى.

— ئاتاڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق بالام، ئۆزۈڭچۇ، ياقا يۇرتتا قىينىلىپ قالمىغانسىلەر؟

—ياق ئاپا، ئۆزىڭىزچۇ، ئوبدان تۇرۇۋاتقانسىز؟

—ياخشى بالام، ئۇكىلىرىڭمۇ تىنچلىق، تۇغقانلار ساق-سالامەت. ھەممىمىز ئاتا-بالا ئىككىڭلارنىڭ يولىغا قاراپلا قالدۇق، قاچان كېلىدىغاندەك تۇرىسىلەر؟

—ئۇقمايمىز.

—پۇل يېتىشتىمۇ؟

—يېتىشتى.

گەپ ئەسلى مەقسەتتىن چەتنەپ كەتكەنچە قاسىمغا ئاپىسىغا

ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇش ئىنتايىن تەس كەلدى، زىلالىنىڭ ئابايىقى گەپلىرىنى ھەم كېيىنكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالدى. ئاپىسى تېلېفوندا ئۆزىنىڭ ئاخشام بىر چۈش كۆرگەنلىكىنى، ئاتا-بالا ئىككىيلەننىڭ ئايروپىلانغا چىقىپ يۇرتقا قايتىمىز دەپ ئىچىدە ئادەم يوق بىر، چوڭ ئايروپىلاننىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىنى، تىلەك ئەپەندى ئايروپىلانغا چىقىپ تۇرۇشىغا ئىشىك يېپىلىپ، كەيىندە قالغان قاسىمنىڭ كىرەلمەي قالغانلىقىنى، ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەندە پەستە قالغان قاسىمنىڭ ئاسمانغا قاراپ ھۆركىرەپ يىغلاپ تۇرۇپ: ”ئاتا، سىز تېخى ساقايمىدىڭىزغۇ؟! مېنى تاشلاپ كەتتىڭىزغۇ!“ دەۋەتقانلىقىنى، چۈشتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ئاتا-بالىنىڭ بېيجىڭدىكى ئەھۋالى ھەققىدە ئەنسىگەندىن كەچكىچە خىيال سۈرۈپ، ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىپ كەتكەنلىكىنى، مانا ئەمدى ئوغلىدىن كەلگەن تېلېفوندىن خاتىرجەم بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. قاسىم بۇ گەپلەرنى گاراڭلىقتا ئاڭلىدى، ئىچىدىكى مۇڭ-زارى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى، ئۆزىنى تۇتالماي ئۈن چىقىرىپ يىغلاپ سالدى ۋە بۇ يىغا نىداسىنى ئاپىسىنىڭ ئاللىقاچان ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى كوچىلاپ سورايدىغانلىقىنى دەرھاللا ئويلاپ ئاخىرى ھەقىقىي گېپىنى چىقاردى:

—ئاتام بۈگۈن كەچ سائەت 11دە قازا قىلدى. . .

—نېمە دەۋاتىسەن بالام، ئاتاڭ قانداقىسىگە. . . —

تېلېفوندىن قاسىمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان يىغا-زارى ئاڭلاندى، قاسىممۇ ئاپىسىغا تەسەللى بەرگەچ يىغلاۋاتاتتى. ئانا-بالا بىر-بىرىنىڭ دىدارىنى كۆرەلمىسىمۇ مۇسىبەت قايغۇسىنىڭ قەھرى

ئاۋازىدىن ئۆزلىرىنىڭ ھېچكىم ئورتاق بولالمايدىغان ئازابىنى ۋە كۆز ياشتىن يۇيۇلۇۋاتقان ئازابلىق چىرايىنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلالايتتى.

— سەۋر قىلىڭ ئاپا، قازاغا رىزا بولۇڭ، ئەمدى سىزگە ئاتامنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى توغرۇلۇق دەيدىغان بىر گېپىم بار. ھازىر ئاتام دوختۇرخانىنىڭ جەسەت ساقلاش ئۆيىدە، ئاتامـنى يۇرتقا ئەكىتەي دېسەم يانچۇقتا پۇل يوق، ماڭىدىغان يولمۇ يوق. قانداق قىلىمەن؟ مېيىت ئۇزاق تۇرۇپ كەتسە بولمايدۇ، ئاڭلىسام مۇشۇ يەردىمۇ مۇسۇلمانلار زاراتگاھلىقى بار ئىكەن، سىزنىڭچە، ئاتامنى مۇشۇ يەردە يەرلىكىدە قويساق بولارمۇ؟

قاسىمنىڭ گېپى تۈگەپ تۇرۇشىغا ئاپىسىنىڭ ئاينىچلىق ئاۋازى يىراق-يىراقلاردىن گويا غايىب بىر نىدادەك قۇدرەتلىك تۇستە يېتىپ كەلدى:

— خۇدايا توۋا دە بالام، ئاتاڭنى ئۇ يەرە تاشلاپ قويما، مەن ئۇنىڭ دىدارىنى بىر كۆرۈۋالاي. . تۇپراق بېشى مۇشۇ يەردە بولغاي، مەن كېيىن ئۇ يەرگە بېرىپ دۇئا ئوقۇپ تۇرىمەن، سىلەرمۇ بېرىپ يوقلاپ تۇرىسىلەر. كېيىن مەن ئۆلسەم مېنىڭ يەرلىكىممۇ شۇنىڭ يېنىدا بولىدۇ. مەن سەن كەلگۈچە ئاتاڭغا يەرلىك كولىتىپ تەييار قىلىپ تۇرىمەن، تاش گۆرلۈك بىر، ئىچ گۆرلۈك ئىككى بولىدۇ. ئاتاڭنىڭ نامىزىغا كەڭ جامائەت قاتنىشىدۇ، مەن ئۆلگەندىمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئاتاڭنى جامائەتـتىن يىراق يەردە، بىزدىن يىراق يەردە قالسۇن دەمسەن! قانچە پۇل كەتسە مەن تاپاي، سەن ئۇنداق قاملاشمايدىغان ئىشنى قىلىمەن دېمە، پۇل ئەۋەتكۈچە ساقلاپ تۇر، ئاتاڭنى ياندۇرۇپ

كېلەلمىسەڭ يۇرتقا يېنىپ كېلىمەن دېمە. .

قاسىم ئاپىسىنىڭ سۆزىنى ۋە ئۇنىڭ بايقىدىنمۇ بەك قايغۇ-
رۇپ يىغلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىچ-باغرى بىر نېمىدە
قوچۇلغاندەك ئازابلاندى، ئاتىسىنى چوقۇم بىر ئامال قىلىپ
يۇرتقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە قىلىشقا ئۇلگۇرمەيلا،
ئاپىسى تېلېفوننى قويۇۋەتتى. تېلېفون ھەققىنى تۆلەۋاتقان زىلا-
لە قاسىمنىڭ مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ، ئەتراپىدىكى ھەممە
نەرسىگە ئۇمىدسىزلىنىپ مەتۇلارچە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،
ئۆزى كۆرسەتكەن پىلانىنىڭ سۇغا چىلاشقانلىقىنى بايقىدى.

— ئاپام نەدىنمۇ پۇل تاپار، ئۇنىڭ مائاشى ئۆيگە ئارانلا
يېتىدۇ، مائارىپ ئىدارىلىرى بىزگە بېرىدىغىنىنى بۇرۇنلا بې-
رىپ بولغان. ئاتامنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىمىز دەپ باشقا خەق-
تىن ئالغان قەرزىمىزمۇ ئاز ئەمەس، يەنە كېلىپ شۇ قەرزلەرنى
ئالالىغۇچە ئارىلىقتا ئۆيمۇ ئۆي قەلەندەردەك دوقۇرۇپ بۇرنى-
مىزغا يېگەنلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. خەقلەرنىڭ ئەپەندى دېگەنـ-
نىڭ ھالى شۇ دەپ بىزنى تولا مەسخىرە قىلىشلىرىغىمۇ كۆنۈپ
قالدۇق. ھەي شۇ بىچارە ئاپام پۇل تاپىمەن دەپ يەنە نەلەردە
سارغىيىپ يۈرەر، ئۇ پۇلنى نەگە سالىمەن دەپ سوراپمۇ قويمى-
دى، قارىغاندا قايسى پۇلنى، قانچىلىك پۇلنى سېلىشنى بىلمە-
گەندىكىن ئۇنى ئۇنتۇپ قالدى بولغاي.

قاسىم ھەسرەتلىك كۇلۇۋاتقاندا كۆزىدىن يەنە ئازابلىق ياش-
لار تاراملاپ ئاقتى، تاماكا چېكەي دەپ يانچۇقىنى ئاقتۇرۇپ
باقتى، قۇرۇق قاپ ۋە سەرەڭگىدىن باشقا ھېچنېمە چىقمىدى.
زىلالە ئۇنىڭغا بىر قاپ تاماكا ئېلىپ بەردى. زىلالە قاسىمنىڭ

يەلكىسىنى تاغدەك بېسىۋاتقان موھتاجلىق ۋە مەجبۇرىيەت يۈك-لىرىنىڭ سالمىقىنى تولۇق ھېس قىلغانسېرى ئۇنىڭغا ئىمكاندە-يەتتنىڭ بېرىچە ياردەم قىلىش قارارىغا كەلدى، ئەگەر قاسىم ئۇنىڭ نەۋرە ئاكىسى بولماي، ئۇنىڭ يىگىتى ياكى يولدىشى بولغان بولسىمۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقى ئۇنىڭ تەسىرچان كۆڭلى-گە ئايان ئىدى. ئىزگۈ كۆڭۈلدە ھەر دائىم ئۇلۇغ بىر تەسىرچان-لىق، ئەبەدىيلىك ھېسداشلىق بولىدۇ. خەقنىڭ ئېغىرىنى كۆ-تۈرۈش ئارقىلىق بۈيۈك ئادەم بولۇش ماھارىتى پەقەت ئىنتايىن ئاز ئادەمدىلا بولىدۇ، ئۇ ماھارەتكە تۇغما پاراسەت ۋە كېيىنكى جاسارەتلا كۇپايە، ئۇ ياسىمىلىقنى كۆتۈرمەيدۇ. شۇڭا ئەرلەر بەلكىم قەدىمىي تۇستىكى ئايالالارنى ئەڭ ھەقىقىي، دىلرەبا ئايال دەپ ئويلىسا كېرەك.

5

ئىككى ئادەمنىڭ روھىدا مۇتلەق ئۆتۈشۈشنىڭ بولمايدىغان-لىقى مۇرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۇرگەن. ھەربىر ئادەمنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىدا شەخسىي ھېسسىياتنىڭ ھامان ئالدىغا ئۆتۈۋالىدىغانلىقى، مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابى-قىسىدا چېمپىيونلۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۈزۈپ چىقىۋاتقان تەنھەرىكەتچىدەك كۈچەپ تۈرىدىغانلى-قى ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال. بۇنداق تەبىئىيلىك ئىچىمىزدىلا گەۋدىلىنىدۇ، ئەمما تىلىمىزدا كۆپ ھاللاردا سەلبىي تۇستە ئىپادىلىنىدۇ. ئادەملەرنىڭ ھەرىكەت، تىل ئارقىلىق مۇناسى-

ۋەتلىشىشى ۋە بىر-بىرىنى خىلمۇ خىل تەرزدە چەكلىشى نەتىجى-
سىدە جەمئىيەت ئۆمۈچۈك تورىدىنمۇ مۇرەككەپ تۈس ئالغان
بولىدۇ، ئەر، ئايال مۇناسىۋىتى شۇ تورنىڭ ئاساسىي تۈگۈنچەك-
لىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىرادىسىگە باقمايدىغان، كۆڭلىگە ياقماي-
دىغان ئىشلارنىڭ تولىلىقىدىن ھەممىشە خاپا بولۇپ، قايغۇرۇپ
يۈرىدىغان قاسىمغا ئوخشاش كىشىلەر ئۆزىنى بەلكىم شۇ مۇرەك-
كەپ تورغا ئىلىنىپ قالغان پاشا ياكى چىۋىندەك رەزگى، نىم-
جان، قۇدرەتسىز ھېس قىلىشى ھەمدە ۋاقىتنىڭمۇ گويا ئۇچقۇر
شامالدەك ئۇچۇپ كېلىپ ئۇ تورنى بۆسۈپ تاشلىيالىشىغا ئىشەن-
مەسلىكى مۇمكىن.
قاسىم تىياتىر ئىنىستىتۇتىدىكى ئوغۇللارنىڭ ياتىقىدا بىر
ئاخشام يېتىپ شۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىققا چۆكۈپ كەتتىكى، بىچا-
رىلىك، ئىمكانسىزلىق گويا تاڭ ئاتماس كېچىدەك شۇنداق قابا-
ھەتلىك ۋە ئۇزاق تۇيۇلۇپ كەتتى. ئادەم مەلۇم بىر ناچار كەيپى-
ياتنىڭ ئاسارىتىدە تۇرغاندا سەزگۈرلۈك ۋە كۆڭۈلنىڭ قايتۇرما
ئىنكاسى ناھايىتى پاسسىپ، قېرىق بولىدۇ. ھەرخىل كەيپىيات-
نىڭ بىر-بىرىنى چەكلىشى، ماسلىشىشى ۋە يەنە قېرىشىپ
تۇرۇشى ئاقىۋەتتە كۆڭۈلنى ھالسىرىتىدۇ، قەلبىنى قېرىتىدۇ.
قاسىم قاتمۇقات ئېغىرچىلىق ۋە تۈگىمەس روھىي بېسىمدىن
سالماق، ئېغىر-بېسىق، پۇختا ئادەم بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى
ئۇ ئىشلارنى ئىچىگە بەك ئېلىپ كېتىپ، كېيىن بارا-بارا سول-
غۇن، چۈشكۈن، دەردمەن ۋە تېخىمۇ ھاراقكەش، جاپاكەش
ئادەم بولۇشى مۇمكىن. بۇنى ھازىر ئۆزىمۇ ئاڭقىرالمايدۇ.
بىر-بىرىنى بەك چۈشىنىپ كەتكەن ئىككى ئادەمنىڭ ئۆز

ئارا بىزارلىقىغا بىر نېمىدەپ بولمايدۇ. ئاتالمىش يېقىنلىق ۋە دوستلۇق ئىككى تەرەپنىڭ موھتاجلىق ئاساردىدە بولىدۇ. ئۇ-لۇغ شەخسىيەتنىڭ قاتمۇ قات چۈشەكلىرىدە تورغا چۈشكەن بې-لىقتەك تېپىرلاۋاتقان ئادەملەر ھەقىقىي ئەركىنلىككە ۋە ئېرىتقۇ بەختكە قانداق ئېرىشەلەيدۇ؟ گۇمانسىراپ تۇرغان ئەنئەنىۋى ئەقىل بىنورمال ھېسسىياتنى ھەرگىز سىغدۇرمايدۇ. قاسىم توي قىلىپ، خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئاجرىشالماي ئاۋارە بولۇۋاتقان ئەركەكلەرنىڭ بىرسى. ئەمما بىر ئۇنى ئەركەك دې-گەن بىلەن ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئەركەكنىڭ پۇرىقى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس. خوتۇنى ئۇنى ”ماز“دەپ تىللىغاندا ئۇ ئۇجۇقۇپ كەت-كەن، شۇ چاغدا تىلەك ئەپەندى چىداپ تۇرالماي، كېلىنىنى بىر شاپىلاق سالغان ۋە خوتۇن كىشىدەك ۋاتىلداپ خوتۇننى بىزار قىلىۋاتقان قاسىمنىڭ كۆتىگە تېپىپ ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارغانىدى. ئەركەكلىكنى بىزدەك قەدىرلەيدىغان مىللەت كەم ئۇچرايدۇ. ئەمما كېيىنكى ئەۋلادلار ئەركەكلىكنى قەدىرلەش جەھەتتە ئەجدادلىرىغا يەتمەيدۇ. ھازىر ئاياللار كۈچىيىپ كەت-تى، ئەرلەر ۋەھىمىگە چۈشتى. قاسىم تاماكا چېكىپ ئولتۇ-رۇپ، نېمىنىڭ ياشلىق گۈزەللىكى، نېمىنىڭ ئۆمۈر شادلىقى ئىكەنلىكىنى پەقەت ئويلاپ قويىدى؛ تۇتۇندەك تۇمانلىق، خىرە بىر كۆڭۈلسىزلىك پۈتكۈل ھاياتنىڭ ئومۇمىي كارتىنىسىنى ۋە ماھىيىتى سۈپىتىدە ناتىۋان قاسىمغا قانخور پاشىدەك يېپىشىپ تۇراتتى. ئەمىلىيەتتە پاشىمۇ بۇ دۇنياغا قاسىمدەك مۇكەممەل يارىتىلغان بىر مەخلۇق، ئادەم ھەرگىز تەكەببۇر بولماسلىقى كېرەك. قاسىم پوچىلىق بىلەن تاماكا چېكىۋاتامدۇ ياكى بىچارە-

لىك ئىچىدە ئاچچىق ئىسنى شوراپ ئىچىدىكى ئاچچىقىنى چىقى-
رىۋاتامدۇ، بۇنى بىز بىلمەيمىز، ئەمما شۇ نەرسە ئايدىڭكى،
ئادەم ھەممىشە ئەرزىمەس نەرسىدىن كۆڭۈل شادلىقى تاپالايدۇ.
يىگىنگە يىپ ئۆتكۈزەلمەيۋاتقان موماي لار ياش، چىرايلىق
قىز ۋاقىتلىرىدا قىزلىق ھېسسىياتىدىن تەمتىرەپ، بىر نىمى-
لەردىن ئەنسىرەپ، كۆز يەتكۈسىز بەختتىن نېسۋە تىلەپ
يۈرگەندە ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ ئەسلىدىنلا بىر مۆجىزە، بايلىق،
بەخت ئىكەنلىكىنى نېمىشقا ئويلىمىغان بولغىيتى؟ ئاياللارنىڭ
نەزىرىدىكى ئۆلۈم ئەرلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئۆلۈمگە قارىغاندا
رومانتىكىغا، تەسەللىگە باي بولۇشى مۇمكىن. تارىختا ئۆتكەن
بابۇردەك شاھلارغا، نى ساھىبجامال خانىش، مەلىكىلەرگە بۇ-
گۈنكى كۈندە ھېلىمۇ ھەۋەسلىنىدىغانلار تولا. ئۇلۇغلۇققا، ئۇ-
زۇلمەس ئەيش-ئىشرەتكە ھېرىسمەن ئادەملەر تەقدىرگە پەقەت
تەن بەرمەيدۇ. تىلەك ئەپەندى ئەسلىدە شۇنداق ئادەملەردىن
ئىدى، ئامما ئۆلۈم ئۇنىڭ قانماس نىيەتلىرىنى جەھەننەمگە پالى-
ۋەتتى. نەپسانىيەت ھالاكەت تەرىپىدىن مۇددەتسىز قاماققا ھۆ-
كۈم قىلىندى.

قاسىم ئۆزىنى كەلگۈسىدە ئاتىسىنى دوراپ قالىدىغاندەك
ھېس قىلاتتى، ئەمما ئۇ ئاتىسىنىڭ ئەركەكلىكىنى دوراپ بولال-
مايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، بىلسىمۇ ھەرگىز تەن ئالمايتتى.
ئاتىسى ئۇششاق سۆز بولغان بىلەن قانداق چاغدا، قانداق يەردە
كەم سۆز، ئېغىر بېسىق بولۇشنى بىلەتتى. خوتۇنىنى قانداق
باشقۇرۇشنى ئۇقاتتى. ئۇ ھەقىقەتەن جىگەرلىك ئادەم ئىدى،
ئەمما شۇ خۇسۇسىيىتىنى ئۆزى كۆنۈپ قالغان تۇرمۇشنىڭ

دائىرىسىدىن ھالقىتالمىغانىدى. گەپ شۇ يەردىكى، ئۇ ئۆزىدە بار ئەركەكلىك خۇسۇسىيەتنى ئەسلىدىنلا بار، تەبىئىي نەرسە دەپ قاراپ، ئۇنى باشقا تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرگە يېقىنلاشتۇرالمىغانىدى، ھاراق بىلەن تاماكىمۇ ئۇ-نىڭ ئەركەكلىكىنى ھاماقەتلەرچە كۆز-كۆز قىلىپ، ئاخىر ئۇ ئەركەكلىكنى خارابلاشتۇرغان ھەم تۈگەشتۈرگەنىدى.

زىلالە قاسىمنى ئوغۇللار ياتىقىدىكى ئۇرۇمچىلىك ساۋاق-داشلىرىنىڭ خەۋەر ئېلىشىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ھېلىقى ئىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار توپلاشقان كوچا ۋە مەھەللىلەرگە بېرىپ ئەھۋال ئىگەللىدى، بارمىغان شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنى، گەنجياكۇ، ۋېيگۇڭسۈن ۋە باشقا ئىدارە-ئورۇنلار قالمىدى. ھەجگە بېرىشقا پاسپورت ھەل قىلىمەن دەپ بېجىڭغا بۇرۇنلا كېلىۋالغان بىر ئۇيغۇر بوۋاي بېيجىڭدىكى شىنجاڭ ئىش بىج-رىش ئورنىدا زىلالەگە ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىڭغا جەسەتنى يۇرتقا چوقۇم ئېلىپ كېتىش ھەققىدە بىرمۇنچە ۋەز-نەسىھەت قىلدى ھەمدە ھەممىگە قادىر خۇدا نېسىپ قىلسا ماشىنىنىڭ چوقۇم تېپىلىدىغانلىقى ھەققىدە خىزىر ئەلەيھىسسالامدەك بېشا-رەت بەردى.

زىلالە بىر كۈن كەچكىچە شۇ ئىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، ھېچقانداق ئۇچۇر ئۇقالماي، يىغلىغۇدەك بولۇپ مەكتەپكە يې-نىپ كەلدى، قاسىمغا ئۇنداق سولغۇن ھالەتتە كۆرۈنۈشنى خالىماي، ياتىقىغا كىرىپلا يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇنىڭ ھار-غىنلىق يەتكەن گۈزەل ۋۇجۇدى شۇتاپتا روھ ۋە بەدەن گۈزەللى-كىنىڭ يارقىن ئىپادىسى سۈپىتىدە پەرىشتىدەك سىياقتا جىلۋى-

لىنىپ تۇراتتى. كەچتە ئۇنىڭ ”ئەپەندى رېستورانى“دا كۆرسى-
تىدىغان ئويۇنى بار ئىدى. كىشىگە ناخشا-ئۇسۇل ئۇچۇنلا دۇنيا-
غا تۆرەلگەندەك بىلىنىدىغان بۇ تالانتلىق قىز ھەپتە ئارىلىقىدا
”تاشقى پىلانېتا ئادىمى دېسكو كۇلۇبى“دا ياۋروپاچە مودا ناخشى-
لارنى ئېيتىپ ھەم زامانىۋى ئۇسۇللارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئويىنى-
سا ھەپتە ئاخىرىدا ”ئەپەندى رېستورانى“دا ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى
چاڭ كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇرچە ئۇسسۇللارنى ئىنتايىن نەپىس، نازا-
كەتلىك ئويناپ شۇ ئاشخانىغا كىرگەن خەنزۇ قېرىنداشلار ۋە
چەت ئەللىكلەرنى تاڭ قالدۇراتتى. ”ئەپەندى رېستورانى“نىڭ
نامىمۇ زىلالەنىڭ شۇ ئاشخانىغا پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭلا يى-
راق-يېراقلارغا تاراپ كەتكەنىدى. ھەپتە ئاخىرى يېتىپ كەلسىلا
شۇ ئاشخانىغا زىلالەنىڭ ئويۇنلىرىنى مەخسۇس كۆرگىلى كېلى-
دىغانلار ئاۋۇپ كېتەتتى.

زىلالە بەكلا ئۇخلاپ كەتكەنىدى، چۈشىمۇ، ئوڭىمۇ ئىشقى-
لىپ گىرىمسەن بىر خىياللار گاھى تاتلىق گاھى قىرتاق بىر
تۇيغۇ ئىچىدە ئۇنىڭ سەزگۈلىرىگە تومۇردىكى قان كەبى تاراپ
كەتكەنىدى. ساۋاقداشلىرى ئۇنى ئويغاتقاندا، ئۇ ناھايىتى ئېغىر
قوپتى، ”ئەپەندى رېستورانى“غا بېرىشقىمۇ ئېرىنىپ قالدى.
ئەمما ھەر قېتىملىق ئويۇندىن كېلىدىغان يۈز يۈەن پۇل ئۇنى
يەنىلا قىزىقتۇرۇپ، ئالدىرىتىپ تۇراتتى. ئۇ قورسىقىنىڭ ئاچ-
لىقىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئالدىراپ كىيىنىپ، تارىنىپ-ياسىنىپ
دەرھال يولغا چىقتى ۋە ھەيۋەتلىك بېزەلگەن، كاتتا رېستورانغا
يېتىپ كەلدى. رېستوراننىڭ خوجايىنى ئابلىز ئۇنى شەھۋەت
تەبەسسۇمى بىلەن قارشى ئالدى ۋە قەدىناسلارچە خۇشامەت سۆزى

بىلەن ئۇنى تاماق جوزىسىغا تەكلىپ قىلىپ، ئالدىغا زىلالە ياخشى كۆرىدىغان ئېسىل تائام ۋە ئىچىملىكلەرنى كەلتۈردى. زىلالە قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ بولغۇچە ئاشخانىغا ئاللىقاچان يىغدىلىپ بولغان پۇلدار خوجايىنلار ۋە چەت ئەللىكلەر ئۇنى ئالدىرىتىپ كەتتى. بىر دەمدىن كېيىن ياللانما سازەندىلەر ئۆز ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ سازلىرىنى ئەڭ مۇڭلۇق، تەسىرلىك كۈيلەرگە چالغىلى تۇردى. زىلالە رەڭگارەڭ چىراغلار يالىلداپ تۇرغان كىچىك سەھنە ئۈستىدە مىكروفوننى قولىغا ئېلىپ، بارچە ھېسسىيات ۋە مەھلىيالىق چىراي ئىپادىلىرىنى مۇمكىنقەدەر نامايان قىلىپ، قول-پۇتلىرىنى تولىمۇ ئەركىن ۋە جەزبىدار تۇستە ئوينىتىپ ھەم شۇ ھەرىكىتىنى ئاسانلىقچە ئوسەي كەتمەيدىغان ياڭراق ئاۋازىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئۆزىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قالغانلارنى ئۇلار ئويلاپمۇ باقمىغان ئاجايىپ غايىۋى، گۈزەل بىر دۇنياغا باشلاپ كەتتى. ناخشا تۈگەپ، چاۋاك توختىماي تۇرغاندا سازەندىلەر سازىنى شوخ ئاھاڭغا كەلتۈرۈپ چېلىشقا باشلىدى، زىلالە مىكروفوننى قويۇپ، پەستىكى كىچىك مەيدانغا چۈشتىدە، كېپىنەكتەك پىرقىراپ، تال چىۋىقتەك تولغىنىپ، شامال سوققان قىزىلگۈلدەك ھەر يان تەۋرىنىپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى، سۇمبۇل چاچلىرىنى يېنىك پىرقىرىتىپ گۈزەل رۇخسارىنى ئاسماندا ئۇزۇۋاتقان ئاي سىماسىدا جىلۋىلەندۈرۈپ، زىنالىرىنى خۇش تەبەسسۇمدا گەۋدىلەندۈرۈپ مېھمانلارنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىپ، يۈرەكلىرىنى ئالەمچە يايرىتىۋەتتى، ئۇلارنىڭ چاۋاكلىرى ئىپادىلىگەن شۇنچە قىزغىنلىقمۇ زىلالەنىڭ ئۇلارغا بەخش ئەتكەن چوڭ بەھرىمەنلىك ۋە رازىلىق تۇيغۇسىغا

يېتىشمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ”ھەممىڭلار ئۆلۈپ كېتىسىلەر“ دەپ ئويلايتتى زىلالە ئۇلارنىڭ شادلىقتىن باشقا ئىپادە كۆرۈلمى-گەن چىرايلىرىغا قاراپ. ئۇ دوختۇرخانىدىكى جەسەت ساقلاش ئۆيىدە تۇرغان تىلەك ئەپەندىنى ۋە ئۆلۈمنى خىيالىدىن تېخى چىقىرىۋەتمىگەنىدى، شۇلارنى ئويلىغىنىچە ئەسەبىي قىزغىنلىق ۋە ھاياجانلىغا تولغان مۇزىكا ھەم ئۇنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى ئىپادى-سى بولغان نەپىس، نازاكەتلىك ئۇسسۇلغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭ شۇ ۋاقىت ئىچىد-دىكى ئەسەبىي ھەم ھاياجانلىق تۇيغۇلىرى ئۆلۈمنى يىراققا ھەي-دەيدىغان، ھاياتلىقنى ۋە ياشلىق باھارنى ئۇزارتىدىغان قۇدرەتكە ئىگە نەرسىدەك قىلاتتى. جۈپ-جۈپ كۆزلەر نەزىرىدىكى بۇ ئېسىل سەنئەت بۇيۇمى ناھايىتى زور ھاياتىي كۈچكە ۋە ئۆزىنى ھەرۋاقىت نامايان قىلالايدىغان ھەرىكەتچان خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى.

زىلالە ئادەتتىكى، تىنچ ھالەتكە قايتقاندا، ئابلىز يەنە ئاۋال-قىدەكلا ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى، ئالدىغا ئېسىل ئىچىملىك-لەرنى كەلتۈردى، نېمە دېسە شۇنى ھازىر قىلدى. شۇ ئەسنادا تۇركىيىلىك بىر مېھمان زىلالەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىنى تو-نۇشتۇردى ۋە نام ئەمەل كارتوچكىسىنى ئىككى يۈز دوللار بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى، زىلالە رەت قىلالماي قالدى، چۈنكى بۇ ئادەم بەكمۇ تەسىرچان، سەممىي، ئاقكۆڭۈل كۆرۈنەتتى؛ كۆزىدە ھاياجان ياشلىرى يالتىراپ، ئېغىزى گەپكە كەلمەي قالغانىدى. ئابلىز بۇ ئىشنى كۆرۈپ زىلالەگە، بۇ كىشى مېنىڭ تۇركىيىلىك تاغام بولىدۇ، دەپ تونۇشتۇرۇپ قويدى.

زىلالە بەك تەسىرلىنىپ كەتتى، قىرىلارغا ئۆزى كۆيۈنىدىغان ئىشلارنىڭ پۈلدىنمۇ نەچچە ھەسسە قەدىر-قىممەتلىك ئىكەنلىكىدىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

## 6

رۇس يازغۇچىسى تورگېنىف "ئۆلۈم تەقدىرنىڭ كونا چاقچىقى، ئەمما ئۇ ھەر بىر كىشىگە يېڭى تۇيۇلىدۇ" دېگەنىكەن. جەسەت ئۆيىدىكى تىلەك ئەپەندى ئاددىي ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھەممىمىز گە ناتونۇش بولغان دۇنياغا سەپەر قىلغاندا تېخى ئەللىك ياشقا كىرمىگەنىدى، ئۇ ئەگەر يۈز ياشقا، يۈز ئەللىك ياشقا كىرگەن تەقدىردىمۇ يەنە جەسەت ئۆيىدە ياكى جىنازا ئۈستىدە جانسىز يېتى يېتىش تەقدىردىن قۇتۇلالمايتتى، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈۋشنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلمەيلا كەتكەن ئادەمگە ئۆمۈر مەيلى قىسقا ياكى ئۇزاق بولسۇن بەرىبىر، چۈنكى ئۆلۈم ئۆمۈرنىڭ قالايمىقان چاقچاقلىرىنى كۆتۈرەلمەيدۇ، ئۆمۈرنىڭ مۇساپىسىنى يولنى ئۆلچەيدىغان ئۇزۇن-قىسقىلىق بىلەن ئەمەس بەلكى ۋاقىتنىڭ ئېزىتقۇ ماھىيىتى بىلەن ئۆلچەيدۇ. مەنىلىك ئۆتكەن ۋاقىت ئەلۋەتتە زورۇقۇپ ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتىن مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەل. شۇڭا شائىر لۇتپۇللانىڭ ئۆمرىنىڭ قىممىتىنى شۇ دەۋرنى ئۆتكۈزۈپ يەنە نەچچە ئون يىللارغىچە ياشىغان پارازىت كەبى ئادەملەرنىڭ چەيلەنگەن ئۆمرىنىڭ قىممىتىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ دېيىشكە بولىدۇ. جەمئىيەت جۇۋىسىنى يېپىنىۋالغان ۋە شۇنىڭدىنلا تەرلەيدىغان تىرىك مۇردىلارنى كىممۇ مال

باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبچى ئەمەس دېيە-
لەيدۇ؟
ۋاقىتنىڭ كۆكسىدە قېتىپ قالغان مۆجىزىلەرنى يارىتىشقا
جېنى بىلەن ئارا تۇرالايدىغانلارلا ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى قوي پادىسىد-
نى ھەيدىگەندەك ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭالايدۇ ۋە قېرىپ،
توگەيدىغان چاغدا مەنىلىك ئۆتكەن ۋاقىتنىڭ چەكسىز ئۇزۇرۇپ
كەتكەن قوينىغا بەختىيارلارچە سىڭىپ كىرىپ كېتىدۇ.
ئۇسسۇل ئۇيناۋاتقان زىلالەنىڭ ياشلىق باھارى شۇ دەقىقە
ئىچىدە ئەبەدىيلىككە يۇزلىنىۋاتقاندەك قىلسىمۇ ئەڭ ئاخىرىدا
يەنە پەقەت ۋاقىتلىقلا بولىدۇ. ”ۋاقىتلىق“ دېگەن بۇ سۆزنىڭ
يىلتىزى ۋە قوشۇمچىسىدىنلا بىز ۋاقىتنىڭ نەقەدەر زور ئىگد-
دارچىلىق ۋە چەكلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.
زىلالە ئابلىزنى ئاكىسى قاتارىدا ھۆرمەتلەي دېسىمۇ، ئۇنىڭ قۇۋ
كۆزلىرىدىكى بىھايا بېقىشلارغا دۇچ كېلىپ تۇرۇپ قالغاندەك،
بەزىلەر ۋاقىتنى ئۆز ئىلكىگە ئالاي دېسىمۇ ھۇرۇنلۇقنىڭ راھەت-
لىك قۇچىقىغا تاشلىنىپ تۇرۇپ قالىدۇ، ئۆپچۆرىسىدىكى خىل-
مۇخىل چۈشەكلەرنى تۆشەك قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇستىدە ئوخلاي-
دۇ. ئادەمنى چۈشەپ قويىدىغان ھەممە چۈشەكلەر ئىچىدە مېڭە
قېپىدەك مۇستەھكەم كىشىلىك مۇناسىۋەت ئەڭ قەدىمىيدۇر.
ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن تېپىلغان ئادەم باش سۆڭەك-
لىرىنىڭ قېتىدىكى ئەگرى-بۈگرى ئىزلار ۋە توپا تىقىلىپ كەت-
كەن كۆز چاناقلىرىدىنمۇ بۇ مەسىلىنى بايقىغىلى بولىدۇ.
زىلالە ئويۇننى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مەكتىپىگە قايتىش ئال-
دىدا ئابلىزگە ھېلىقى ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچتى.

— جەسەتنى ماشىنىغا سېلىپ ئەكەتكىلى بولىدۇ، — دېدى ئابلىز، — مەن ھېلىقى شوپۇر ئاغىنەمگە دەي، ئۇ بېيجىڭغا تېخى تۇنۇگۈنلا كەلدى، موشۇ يەردە تاماق يېدى. بۇ يەرگە ئۇ ھەر قېتىم كەلسە تىرىك قوي، گىلەم قوغۇن-تاۋۇز، ئۈزۈم، قاق ئەكىلىدۇ، ھەققىنى ئوبدان بېرىمەن. ئاندىن ئۇ بېيجىڭدىن نېمە ئەرزان بولسا شۇنى شىنجاڭغا يۆتكەيدۇ. ئۇ ئوبدان گۆي، خەنزۇ بولغان بىلەن گەپنى غۇددى بىزدەكلا سۆزلەيدۇ، كۆڭلى-مۇ ياخشى. ئۇنىڭغا مۇنداق بىر ھاجىتىم بار ئىدى دېسەملا ئالدىمغا تەييار بولۇپ تۇرىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز قاراپ تۇرۇڭ، ئۇنى بۇ يەرگە دەرھال ئۇندۇرىمەن!

ئابلىز زىلالەنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئېچىلىپ، كۈلۈپ كې-تىۋاتقانىغا قاراپ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى ۋە دەرھال تېلېفوننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، شوپۇر ئاغىنىسىگە دەرھال سىگنال بەردى، قارشى تەرەپ جاۋاب قايتۇردى. ئىككى تەرەپ قىزغىن سۆھبەتلىشىپ كەتتى. زىلالە بايا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان چاغدىكى-دىنمۇ بەك يەڭگىللەپ، يايراپ كېتىۋاتاتتى، قارىغاندا ئۇ شۇپۇر بۇ يەرگە كېلىدىغاندەك، ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدىغاندەك قىلىۋاتاتتى. شوپۇر كەلگۈچە ئارىلىقتا ئابلىز زىلالەنىڭ خۇش كەيپ ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى ماختاپ پوچىلىق قىلدى ۋە ئۇنىڭغا خۇشامەت سۆزلىرىنى ياغدۇرۇپ، ئارقىدىن ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرۈشنىڭ تۈرلۈك چارە-ئۇسۇللىرى ھەققىدە شىددەت بىلەن پىكىر يۈرگۈزدى. ياخشى ئوي-پىكىرنىڭ كاللىغا كەلمىكى تەس، ئەمما رەزىل ئوي-پىكىرلەر روھىي دۇنيانى گويا سۈزۈك ئاسماننى بىردەمدىلا قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتكەندەك قاپلى-

ۋالىدۇ. زىلالەنىڭ ئېۋەنسىز جامالى، كۆزىدىكى قۇدرەت-كاما-
لى، كۆكسىگە مۇجەسسەملەنگەن ئىشق جەزبىسى، بىر قاراشتىلا
ھەرقانداق ئەر زاتىنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغان گۈزەللىك ھەيۋىسى
ئالدىدا، ئابلىز ئەرلىك ھېسسىياتى ئاسانلا يۇقىرى پەللىگە ئۆر-
لەيدىغان ئەركەكتەك شادلىنىپ بولالماي قالدى، تېشىپ تۇرمى-
سا ئۇنىمايدىغان بېسىق ھەۋەسلىرى يىراق-يىراقلاردىن قويۇن-
دەك تېزلىكتە پىرقىراپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ شەھۋەت قۇرتلىرى
ئۇۋىلاپ قالغان كاللىسىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى.

شوپۇر شاپاشلاپ يېتىپ كەلدى، ئابلىز ئۇنىڭ قولىدىن
تارتىپ زىلالەنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ۋە
ئۇنىڭغا رەسمىي گەپنى دېدى. شوپۇرنىڭ چىرايى سەل جىددىي-
لەشتى.

— نەچچە پۇل كەتسە دە، بۇرادەر، مەن بېرىمەن، — دېدى
ئابلىز زىلالەنىڭ ھەيرانلىق ھەم تەڭسىز شادلىقتىن كىرىلگەن
كۆزىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ.

— پۇلدا مەسىلە يوق، ئەمما يول توسىدىغان ساقچىلار تولا
تەكشۈرۈپ ئاۋارە قىلارمىكىن دەيمەن، — دېدى شوپۇر قۇرۇپ
كەتكەن لېۋىنى يالاپ.

— ئابلىز كۆتكۈچىلەرگە مۇزدەك پىۋىلاردىن كەلتۈرۈش-
نى، ئاشپەزلەرگە چوڭ تەخسىلىك توخۇ گۆشى ۋە بېلىق گۆشى-
دىن دەرھال ئىككىنى چىقىرىشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى
تېزلىكتە ئورۇنلاندى. شوپۇر گۆشتىن يەپ، پىۋىدىن ئىچىپ،
يېنىدىكى چىرايلىق ئۇيغۇر قىزىغا قاراپ ناھايىتى تېتىكلىشىپ
كەتتى ۋە ئابلىزغا دوستانىلارچە تىكىلىپ:

—بولدى، چاتاق يوق، جەسەتنى مۇشۇ قىزنىڭ ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويىمەن، — دېدى.

—بىزنىڭ ئۆي ئۈرۈمچىدە، ۋاپات بولغۇچى مېنىڭ تاغام بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۆيى كەلپىندە، سىز شۇ يەرگىچە ئاپىرىپ قويالارسىزمۇ، — دېدى زىلالە شوپۇرغا ئۇتلۇق كۆزى بىلەن ئىلتىجالىق تەرزدە تىكىلىپ.

شوپۇر ئىختىيارسىز ئېرىپ كەتتى، ئابلىز يەنىلا بولالماي قالدى:

—ئاپىرىپ قويىدۇ، ئۈرۈمچى بىلەن كەلپىننىڭ ئارىلىقى بۇ ئاغىنىمىز ئۈچۈن ھېچقانچىلىك يول ئەمەس.

شوپۇرنىڭ چىرايى يەنە سەل ئۆزگىرىپ قالدى. زىلالە ئابلىزنىڭ ئۇنى يەنە ماقۇل دېگۈزۈشكە تەشنا بولۇپ قاراپ تۇردى، ئۇنىڭ بۇ قارىشى يىگىتكە بىر نەرسىنى ئۆتۈنۈۋاتقان قىزنىڭ ئىنتىزارلىق قاراشلىرىغا بەكمۇ ئوخشاپ كەتتى. ئابلىز ئۆزىدىن ئىشەنچ ۋە يەنە باشقا ئالالىقانداق نەرسىلەرنى گاھى ئاشكارە، گاھى يوشۇرۇن تەلەپ قىلىۋاتقان ئىنتىزارلىق كۆزلەرگە قاراپ يەنە بولماي قالدى:

—شىنجاڭغا بارغۇچە شۇنچە ئۇزۇن يولغا پايلىغان ئادەم ئەمدى ئاشۇ كىچىككىنە ئارىلىققا پايلىيالامسەن ئاغىنە، ماقۇل دېگىنە، پۇل دېسەڭ بېرىمەن، مېنى بىلىسەنغۇ، مەن ئۇنداق مۇنداق ئادەم بىلەن ئارىلاشمايمەن، سېنىڭدەك كىرەككە كېلىدىغان، پۇلدا نېرى-بېرى كەتسىمۇ ئاغىنىدارچىلىقنى ئەلا بىلىدىغان مەرد، نوچى ئادەم بىلەن ئارىلىشىمەن. قېنى دېگىنە قانچە پۇل ئالىسەن؟

—ئۆزەڭ بىلىپ بىرنەرسە بېرەرسەن، —دېدى شوپۇر قى-
سىق كۆزىنى خۇمارلاشتۇرۇپ.

—ماشىنىغا ئىككى ئادەم چىقىدۇ، بۇنىڭغا ئىككى كىشى-
لىك ھەق ئالمايدىغانسىز؟ —دېدى زىلالە ئۇنىڭ نەزىرىدىكى بۇ
قەدىرلىك ئادەمگە ئاپتاپپەرەستەك ئېچىلىپ.

—ئالىمىز، ئالىمىز، —دېدى شوپۇر تاماكىسىنى پۇرقىرى-
تىپ چېكىپ.

—قانچە پۇل ئالىسەن، دېگىنە، —دېدى ئابلىز تۇرۇپلا
ئۆزگىرىپ قېلىشۋاتقان شوپۇرغا ئەجەبلىنىپ قاراپ.

—ئىككى ئادەمگە بەش مىڭدىن ئون مىڭ كوي ئالىمەن.

—تۇزۇك گەپ قىل ئاغىنە، —دېدى ئابلىز زىلالەنىڭ تاتى-
رىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ يەنە بولالماي، ئىككى ئادەمگە بەش
مىڭ سوم دېسەڭمۇ مەن تېخى نېمە دەيمەنكىن؟

ئەمما ئۇيلاپ باق ئابلىز، —دېدى شوپۇر تاماكىسىنى كۆل-
دانغا مىجىقېتىپ، —مەن ماشىنا ھەيدەپ ماڭغان شۇ ئۇزاق
يولدا سەن ماشىنا ھەيدەپ باقمىدىڭ، سەھىيە ئىدارىلىرىنىڭ
ئۆلۈك ساقلاشقا، ئۆلۈك يۆتكەشكە بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى
بەلگىلىمىلىرىنى ئاڭلاپ باقمىدىڭ، مېنىڭ ئىلگىرى بېيجىڭدا
ھەرخىل سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ
ئۆلۈكىنى شىنجاڭغا بىر نەچچە قېتىم يۆتكەش جەريانىدا يول
ئۈستىدە تۆلىگەن جەرىمانەمنىڭ كۆپلۈكىنى تېخىمۇ بىلمەيسەن.
ئىلگىرى پۇلنىڭ كۈچى بار چاغلاردىمۇ تۆت-بەش مىڭنى ئالاتى-
تىم، ھازىر پۇلنىڭ كۈچى تۈزۈك قالمىدى، بۇنى ئۆزەڭ بىلى-
سەن، شۇڭا ئويلاپ بىر نېمە دەرسەن.

—تاغامنىڭ ئائىلىسى بەك كەمبەغەل، پەقەتلا پۇلى يوق، دوختۇرخانىغا كەتكەن پۇلنىڭ كۆپ قىسمى قەرز ئېلىنغان. . . ھەتتا ئۇلار تاغامنىڭ نەزىر-سىنىمۇ ئۆتكۈزەلمەي قېلىشى مۇمكىن. .

—بولدى ئۇ گەپنى دەپ يۈرمەڭ، —دېدى ئابلىز زىلالەنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەن ئىلتىجالىق كۆزىنىڭ سېھرىنى قاچۇرماسلىققا تىرىشىپ، —ئاغىنە، بولدى، سەنمۇ ئون مىڭ دەۋالما، مەنمۇ بەش مىڭ دەپ تۇرىۋالماي، ئالتە مىڭغىلا ئاپىرىپ قويغىن.

شوپۇر ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئاخىرى تەستە ماقۇل بولدى، گۆشلەرنىمۇ يەپ تۈگەتتى، پىۋىدىن راسا ئىچىپ تەڭشەلدى، ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن ماشىنىغا مال بېسىپ چۈشتىن كېيىن يولغا چىقىدىغانلىقىنى، جەسەت ئىگىسىنىڭ ئەتە ئۆزى بىلەن دەل موشۇ رېستوران ئالدىدا كۆرۈشۈشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، خۇش كەيپ ھالدا ئابلىزغا خوش دەپ كېتىپ قالدى. ئابلىزنىڭ بۇئىشنى شۇنچە تېزلا ھەل قىلىۋەتكىنىگە ھەيران قالغان ھەم خۇشال بولۇپ كەتكەن زىلالە بايا ئۇلتۇرغان جوزىغا يەنە قانداق بىرىپ قالغىنىنى، شوپۇرنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆزىگە يىراقتىن كۆرەڭلىك بىلەن نەزەر سېلىپ، قورسىقىدىكى جىنلارنى چىللاۋاتقان ئابلىزنىڭ يەنە ئېسىل سەي ۋە قىزىل هاراقلارنى بۇيرۇتۇپ بولۇپ، جوزا يېنىغا كېلىپلا رومكىنى چىڭ سىقىمداپ ئولتۇرغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى.

—قانداقراق؟ ئەمدىغۇ كۆڭلىڭىز تىنغاندۇ؟ —دېدى ئابلىز شاھلاردەك سالاپەتتە گىدىيىپ.

—سىزگە جىق رەھمەت، خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ ياخشىلىقلى-

رىڭىزنى قايتۇرىمەن.
—قايتۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، كۆندە كېلىپ رېستورا-نىمىزنى ئاۋات قىلىپ بەرسىڭىزلا مەن رازى، ھەققىڭىزنى ئوخ-شاشلا بېرىۋېرىمەن.
—دىسكوخانا بىلەن تۇزگەن توختامىم پات ئارىدا بىكار قىلىنىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئاڭلىسام لاۋبەن مېنىڭ ئور-نۇمغا شاڭخەيلىك بىر ناخشىچىنى تېپىپ قويۇپتىمىش، پات ئارىدا كېلىمىش، كېيىمنى يېرىمىدىن بەكرەك سېلىۋېتىپ ئۇسسۇل ئوينايمىش، ئاۋازى مېنىڭكىدىن ياخشىمىش، بولدىلا، ئۇ يەردە ئەمدى شۇنچىلىك تۇرغىنىممۇ يېتىپ ئاشىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بېرىدىغان پۇلىمۇ تايىنلىق.
—بۇ يەردە كىيىمنى سېلىۋېتىپ ئۇسسۇل ئويىنىشىڭىز ھاجەتسىز، سىزنىڭ گۆزەل بەدىنىڭىز، چىرايلىق ئۇسسۇللىرى-ڭىز موشۇ يەردىلا كۆزگە كۆرۈنەلەيدۇ.
زىلالە ئابلىزنىڭ تەلۋىلىك، بىھايالىق قۇتراپ تۇرغان كۆ-زىگە يالغاندىن كۈلۈپ قاراپ قويدى ۋە جوزىدىكى مەينەت تەخسى-لەرگە ئىرەڭسىزلىك بىلەن سەپسالدى. ئابلىز تەخسىلەرنى ئۆ-زى يىغىشتۇردى، كۈتكۈچىلەر جوزىغا يەنە بىر نەچچە خىل سەيلەرنى كەلتۈردى.
—قىزىل هاراق ئىچىسىزغۇ دەيمەن؟—دېدى ئابلىز زىلالە-نىڭ نېمىلەرگىدۇر تەشنا بولۇۋاتقان لەۋلىرىگە قاراپ.
—هاراق ئەكەلمەڭ، چاي ئىچەي.
—ھە راست، سىز زەرەپشان قىزىل چېيىغا ئامراق.
ئابلىز چاي دەملەۋاتقاندا يوشۇرۇن ئېگىدىكى شەھۋەت ئال-

ۋاستىلىرى يەنە ئىشرەت دومبىقىنى چېلىپ، ئۇنىڭ جىمى نورمال ئەقلىي سەزگۈلىرىنى پالەچ قىلىپ قويدى. ئۇ ئەسەبىي- لىك بىلەن ھېلىقى دورىنى ئاختۇرۇشقا چۈشتى، ئاخىرى تاپ- تى. ئەقلىيەت قولىدا چاي دورىسى سالدى، شەھۋەت قولىدا ھوش-ئەقىلنى يوقاتقۇچ دورىسىنى سالدى. بىردەملىك لەززەتنى پۈتۈن ھاياتىنىڭ خوۋلۇقى دەپ قارايدىغان بۇ ئۆلۈمتۈك جانۋارغا بۇ ئىشلار بۇيۇك تەجرىبىگە ئايلىنىپ كەتكەندى. ئەقىل ۋە ئىززەت كۆچى قورشاپ تۇرغان قىزلىق ئىپپەتنى بۇزۇش ياكى ئاشۇنداق نازۇك بەدەنلەردىن پۇل ئارقىلىق شەھۋەت لەززىتى سۈمۈرۈش ئۇنىڭ قانخور پاشىدەك پارازىتلىق خۇسۇسىيىتىگە سىڭىپ كەتكەندى. ئۇ مۇشۇ كەمگىچە ئۆزىنىڭ شۇ بۇزۇق نىيىتىنىڭ ئاسارىتىگە ئۇچراپ كەتكەن قىز-چوكانلارنى زىلالە ئالدىدا گويا بىر گۆش تاغىرىدەك سىياقتا كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈز- دى، ئۇ چاغدىكى ھاياجانلىق سەزگۇ كەچۈرمىشلىرىنى زىلالىدىن ئىزدىمەكچى بولغان ئالەمچە لەززەت شادلىقى ئالدىدا بىر تىيىنگە ئەرزىمەس قىلىۋەتتى. ئۇ قۇۋۋ ئادەمگە خاس سەزگۈرلۈكى بىلەن زىلالە ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنى تېزلا مۆلچەرلەپ، قىزنىڭ تىر- تەك غۇرۇرىنى، ئۆز ھېسسىياتىنى ھەممىشە بېسىپ كەلگەن ئەقلىنى بىھوشلۇق دورىسى ئارقىلىق خۇددى بىر ئايالنىڭ قور- سىقىدىكى بالىنى بىر ئۇكۇل بىلەنلا چۈشۈرۋەتكەندەك چۈشۈرۈ- ۋەتمەكچى بولدى، شۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ پەس جېنى زىلالە- نىڭ بىھوش جېنى بىلەن تەڭشىلەتتى، سېسىق پاقا پاكىز كۆلدە يايرىغاندەك ئەركىن يايرىيالايتتى.

## 7

ئادەمنىڭ ئىچىنى ئۆرتەپ تۇرىدىغان ياۋايى ھېسلار سوغۇق-قان ئەقىلگە بەكمۇ موھتاج، ئەمما بۇ ئەقىل ئادەتكە ئايلانمىسا ياۋايى ھېسسىيات ھەمىشە ئۇنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئادەمنى بەدبەشىرە مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بىز ئەقىلگە-مۇ، ھېلىقىدەك ھېسسىياتقىمۇ ھەم ئىككىسىنىڭ ئەبجەش قو-شۇلمىسىغىمۇ موھتاج. ئېنىق ئايرىغىلى بولمايدىغان مۇرەك-كەپ ئەقىل ۋە ھېسسىيات بىزنىڭ پۈتكۈل روھىي دۇنيايىمىزغا يەر شارىدىنمۇ بەك ئاجايىپ، مەۋھۇم ئالەمدىنمۇ بەك سىرلىق تۈس بەخش ئەتكەن. ئابلىزنىڭ يۈرىكى نېمىلا دېگەنبىلەن ئادەم-نىڭ يۈرىكى، ئامما ئەقىلگە مۇشت كۆتۈرۈپ قوپقان ھېسسىيات ئۇنىڭ يۈرىكىنى دەھشەتلىك قىسىپ، قانلىرىنى ئۇرغۇتۇپ، ئەسلىدىكى نورمال ھالەتتىن بىراقلا بىنورمال، خەتەرلىك ھا-لەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

زىلالە ئابلىزنىڭ خاس ھۇجرىسىدا ئەقىل-ھوشىدىن ئايرىل-غان پېتى ياتاتتى، بۇ ھال گويا بىر تال ئەتىرگۈل ئېشەك تېزىكىگە سانچىپ قويۇلغانغا ئوخشايتتى. گۈزەللىك بىلەن گى-رەلىشىپ كەتكەن چەكسىز جىنسىي ھۇزۇرنى خىيال قىلىۋاتقان ئابلىز پۈلنى خۇددى ئۇچار گىلەم قىلىپ كۆك قەھرىدە ساياھەت قىلىۋاتقاندەك، ئۆزىنى بىر شاھزادىدەك، زىلالەنى يېنىدىكى مەلىكىدەك، بۇنداق پەيزى ۋاقىتنى بۇرۇنمۇ بولمىغاندەك، كې-يىنمۇ بولمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ بەدىنى شۇ تاپتا سېمىزلىك ۋە ھاياجاندىن لەڭپۇڭدەك تىترەپ، قىپقىزىل يۈز-

ـدىن دانىخورەك ئۆرلەپ، پۇتلىرى پاختىدەك يۇمشاپ كېتىۋاتات-
تى. قوينۇڭدا ئېرىپ كېتىدىغان بولدۇم گۈزەل! مەن ئۇچۇن
ئۇنچىلىك پۇل نېمىتى، ئەتە سېنى رازى قىلىشىم ئۇچۇن بۇ-
گۈن مېنى رازى قىلىشىڭ كېرەك، دەپ ئويلايتتى ئۇ زىلالەنىڭ
كىيىملىرىنى يېشىۋېتىپ.

قىزلىق ئىپپەت نومۇسىغا قىزلىق ھېسسىياتنى قەدىرلەپ
كەلگەن غۇرۇر ۋە جىنسىي نەپسانىيەتنى چەكلەپ كەلگەن
سەۋر-تاقەتلا بەدەل بولالايدۇ. ئىپپەت-نومۇسنى ساقلاشقا تولەن-
گەن شۇنچىلىك زور بەدەللا قىزلارنىڭ پاكلىق قىممىتىنى يارد-
تالايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ روھىنى خۇددى مۇنچىدا پاكىز يۇيۇنۇپ
چىققاندىن كېيىنكى ئازادە كەيپىياتتا ساقلاپ تۇرالايدۇ. بىر دەم-
لىك ھاياجان قوزغىغان كېيىنكى ئازاب ۋە بۇرۇقتۇرمىلىقنى
ئۆز ھېسسىياتىغا بەك بېرىلىپ كەتكەن تەنتەك قىزلار ئوبدان
چۈشىنىدۇ. پاكلىق، ئىپپەت پەردىسى بۇرۇنقىدىن نېپىزلەپ
كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە قىزلار، چوكانلار، چوڭ ئايالLارنىڭ
ئەرلەرگە بولغان مۇھەببىتى، نارازىلىقى ۋە باشقا مۇرەككەپ،
دولقۇنسىمان ھېسسىياتلىرىنى مۆلچەرلەپ بولغىلى بولمايدۇ.
ئۇلار بەربىر ھەممىگە چىدامىلىق ئانا، ئەرلەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە
مەڭگۇ چوڭ بولمايدىغان بالا.

ئابلىز زىلالەنى ئاندىن تۇغما ھالەتكە كەلتۈرگەندە كۆز
ئالدىدىكى بۇ گۈزەل ۋۇجۇدقا تىكىلىپ، ھاياجاندىن بىر پەس
تەۋرىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئاۋۋال ئالقىنى ۋە بارماقلىرىدىكى
نېرۋا ئۇچلىرىنى غىدىقلىماقچى بولۇپ، زىلالەنىڭ يۇمران،
ئاپئاق بەدىنىدىكى ئەڭ جەزىبىلىك يەرلەرگە قول ئۇزاتتى. بۇ

چاغدا ئۇنىڭ قولىدىن باشقا غىدىققا ئەڭ ئامراق سەزگۈ ئەزالىرى ۋەھشىي بۆرىدەك ئېچىرقاپ كېتىۋاتاتتى، تېگىش سەزگۈلىرىدى-كى تەلەپ تېزلىكتە يۇقىرىلاۋاتاتتى. بۇنىڭغا چىداش تەس كەل-گەندە ئابلىز ھېچكىم ئاياغ باسمىغان بۇ گۈزەل چىمەنزارلىقتا ئىپلاس ئايىغى بىلەن قەدەم تاشلىدى. ئۇ ياۋۇزلۇق بىلەن توش-قان قوغلاۋاتقان يولۋاستەك كۆچكە تولۇپ كىيىملىرىنى سېلىپ ئولجىنى ئەمدى باسماقداي دېگەندە تۇيۇقسىزلا مادارى تۈگەپ قالدى. ھەددىدىن زىيادە ھاياجاندىن بالدۇرلا ئېقىپ كەتكەن شەھۋەت سۇيۇقلۇقى ئۇنىڭ كاللىسىدىكى شەھۋانىي ئىنتىلىش-لەرنى ھەش-پەش دېگۈچە ئۈزۈپ تاشلىدى. ئۇ ئۆزى ئەنسىرىگەن ئىشنىڭ ئاخىرى يۈز بەرگەنلىكىنى سېزىپ، كۆسىرىنى سېلىپ ئۇنىڭغا ئەلەم بىلەن چەكچىيىپ، ئۇنى غەزەپ ئاچچىقى بىلەن زىلالەنىڭ يۈزىگە ئاتتى، كارغا كەلمىگەن ناكەس ئەزايىنى پالتا بىلەن چېپىپ ناكا قىلىۋەتكۈسى كەلدى.

ئۇ زىلالەنىڭ قىز ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىناتتى، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بىر ئەركەكنىڭ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاشلا ئۇنى ئالداپ ئىندەككە كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئۆزىدىنمۇ بەكرەك رازى قىلغانلىقىنى ئىختىيارسىز تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئەسكى ئادەم ھەمىشە ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى ئويلىغاندەك، پاھىشۋازلارمۇ جىنسىي مۇناسىۋەتنى تاماق يېگەننىڭ ئورنىدىكى ئىشتەك ئاددىي كۆرسە كېرەك، ئۇمۇ ھازىر زىلالەنى كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان پاك، سۆيۈملۈك بىر ئۇسسۇلچى قىز ئەمەس بەلكى ئاللىقاچان دەز كەتكەن ۋە ئىچىدىن سېسىغان توخۇمدەك پەس، پاسكىنا پاھىشە ئايال سىياقىدا كۆرۈشكە باشلىدى ھەم ئۇنى

ئۆزىنىڭ قولىدىن بەرىبىر چىقىپ كېتەلمەيدىغان ئىسىل ئولجا، قاچان پۇرىغۇسى كەلسە شۇ چاغدا پۇراپ چەيلەيدىغان، گېزى كەلسە تاشلايدىغان بىر گۈل سۈپىتىدە چاغلىدى. ئۇ زىلالەنى مەردانىلارچە ئەمەس بەلكى ئۇچىغا چىققان مازلارچە بويسۇندۇرغانلىقىنى، تەييار ئولجىنى تېخىمۇ ئىچىنىشلىق ھالەتتە ھېچنېمە قىلالمايدىغان، شۈلگىينى ئىقتىسىپ قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى تويۇقسىز ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ئەركەكلىككە مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئاندا-ساندا بايقىغاندەكمۇ بولدىيۇ، بىراق ئۇنى تەن ئالغۇسى كەلمىدى، بۇرۇنقى شىردەك ۋاقىتلىرىنى ئەسلىدى، بۇ ئاخشامقى ئىشنى پۈتۈنلەي تەسادىپىيلىق، كېلىشمەسلىك دەپ بىلدى. بىر ئاخشام قېنىپ ئۇخلىسا ئەتىسى سەھەردە جىنسىي ئىقتىدارىنىڭ يەنە ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىنى، شۇ چاغدا يەنە بىر سىناپ بېقىشى كېرەكلىكىنى ئويلاپ خاتىرجەم بولدى. ئەمما زىلالە ئويغىنىپ قالسا يەنە قانداق بالاغا قالىدىغانلىقىنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۇشتۇمتۇت قورقۇپ كەتتى، بىراق ”جاجىسى پۇل“ دېگەن ئىشەنچتە چىڭ تۇرۇپ، بېشىغا كېلىدىغان ھەرقانداق مۇشكۇلاتنى پۇل بىلەن ھەل قىلماقچى بولدى.

ئۇ مادارىدىن كەتكەچكە، زىلالەنىڭ يېنىدا قۇرتتەك تۈگۈلۈپ، تېزلا ئۇخلاپ قالدى. زىلالە يېرىم كېچىدە قاباھەتلىك چۈشىدىن ئويغىنىپ، ئۆز ئەسلىگە كېلىپ، ۋۇجۇدىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئەقلى نورمال ئىقتىدارىغا قايتقاندا، خارلىنىپ تاشلىۋېتىلگەن بەدىنى كۆز ئالدىدا نامايان بولۇپ دەھشەتلىك ئازاب ۋە غەزەپ ئاچچىقتىن ئەقلى-ھوشىنى يەنە يوقاتتى. كېيىمىنى ئالدىراپ كېيىپ، كۆزىدىن تارام-تارام ياش ئاققۇز-

غىنچە، يېنىدىكى بۇ مەخلۇقنى ئۆلتۈرىدىغان ياكى بىر يېرىنى ناكا قىلىدىغان بىر نەرسىنى ئىزدەپ ئۆينى ئاختۇرۇشقا باشلىدى، ھېچنېمە تاپالمىدى. ئاخىر ئابلىزنىڭ ئىشتان بېغىغا ئېسىۋالىدىغان پىچىقى يادىغا يېتىپ، ئۇنى دەرھاللا تاپتى. ئابلىز چوشقىدەك خارتىلداپ، ئوڭىدا قىلالمىغان ئىشلارنى چۈشىدە كۆرۈپ ياتاتتى. زىلالە ئەقلى-ھوشىنى يىغىپ چۆچۈپ كەتتى، پىچاق تۇتقان قوللىرى قورقۇنچتىن تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ غەزەپ-نەپرەت قايناپ تۇرغان مېڭىسىدە باشقا يەنە نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەر بىر-بىرلەپ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا ئۆلۈم ئىككى قاراڭغۇلۇق ئارىسىدىكى غىل-پال نۇردەك ئۆتۈۋاتقان ھاياتنىڭ قەرەلسىز مەنزىلى، مەۋھۇم مەنزىلى، قورقۇنچلۇق، ئازابلىق مەنزىلى، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغان ھەم بولمايدىغان سىرلىق، ناتونۇش مەنزىلى بولۇپ كۆرۈنۈپ كەتتى، جەسەت ئۆيىدىن تېخى يۆتكەلمىگەن تىلەك ئەپەندىنىڭ ئەرۋاھى تېزلىكتە يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋاتقاندەك، مومايلاردەك يۇم-يۇم ياش تۆكۈپ، ئاھ ئۇرۇپ زارلىنىۋاتقاندەك، قاسىمۇ يىراقتىن توۋلاپ، ۋارقىراپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

زىلالە ياستۇقنىڭ يېنىدا تۇرغان مەينەت كۇسارىدىكى قۇرۇپ قېتىپ كەتكەن ھېلىقى قورقۇنچلۇق مەرەزنى ئىختىيارسىز بايقاپ، ئۆزىنىڭ بەدىنىنى يېگىمباشتىن كۆزىتىپ كۆڭلى سەل ئەمىن تاپقاندەكمۇ بولدىيۇ، لېكىن ئابلىزنىڭ ئىپلاس بىر نېمىلىرى ئۆزىنىڭ پاك بەدىنىڭ بىر يەرلىرىدە يەنە ساقلىنىپ قالغاندەك قاتتىق بىئارام بولدى. پىچاقنى غىلاپقا سېلىپ قو-

يۇپ، ئۇنىسىز ياش تۆكۈپ، قاراڭغۇ كېچىنىڭ تېزراق ئاخىرلىشىشىنى كۈتتى.

## 8

قاسىم ئاتىسىنىڭ جەسىتى بېسىلغان ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭدىن ئايرىلغان كۈنى بېيجىڭ شەھىرى ئاھالىسى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بۈگۈنكى بەختلىك جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قۇرغۇچىسى، يېڭى سوتسىيالىستىك زامانىنىڭ بۈيۈك پېشۋاسى بولغان ئۇلۇغ بىر زاتنىڭ ماتەم خەۋىرىدىن چوڭقۇر مۇسىبەت ۋە ئېغىر قايغۇغا چۆمگەنىدى، 20-ئەسىردىكى دۇنياۋى ئۇلۇغ شەخس ۋە بىر دەۋرنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ كۆرەشكە تولغان ھايات پائالىيەتلىرى، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئانا ۋەتىنىگە بېغىشلانغان جاپالىق ئىش-ئىزلىرى، تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدىغان ئۆچمەس تۆھپىلىرى تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ھەر قايسى جايلارغا تېزلىك بىلەن تاراپ، كەڭ خەلق ئامىمىسىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، "جۇڭگو خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى" بولۇشقا مۇناسىپ بۇ ئوغلاننىڭ ئالەمشۇمۇل ھايات ئىزلىرىنى يېڭىۋاشتىن ياد ئېتىشكە ئۈندەۋاتاتتى.

قاسىم ئاتىسىنىڭ جەسىتىنى يۇرتقا ئېلىپ كېتىش شادلىقىدا گويا ئاتىسىنى كېسەلدىن ساقايتىپ ئېلىپ ماڭغاندەك بىر تۇيغۇدا ئازادىلىككە چۆمۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇنداق خۇشاللىققا تولغان كۆڭلى ئۇنىڭغا بېيجىڭدىكى قايغۇلۇق كەيپىياتنى،

زىلالەنىڭ ئۇنىڭ ئۇچۇن تۆلىگەن بەدەللىرىنى ھېس قىلىشقا ئىمكان بەرمەيتتى. خوشلىشىش ئالدىدا زىلالە قاسمىنىڭ ھەيرانلىق ھەم شادلىق ئىلكىدە تۇرغان تېتىك ھالىتىگە مەيۇسلۇك ھالدا قاراپ، ئۇنىڭغا يولدا كۆپ دىققەت قىلىشنى، جەسەتنى يۇرتقا ئۆز ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىشنى كۆپ تاپىلىدى.

زىلالە ئابلىزنىڭ پۇلدىن پايدىلاندى، ئابلىز زىلالەنى تورىدىن قېچىپ كېتەلمەيدىغان بېلىقتەك كۆردى. قانداقلا بولمىسۇن، مۇھىم بىر ئىش ھەل بولدى، زىلالەنىڭ كۆڭلى كۆپ ئەمىن تاپتى. ھەر كۈنى كەچتە ”ئەپەندى رېستورانى“دا ئۇسسۇل ئويناشنى داۋام قىلدى. ئابلىز جىنسىي ھورمۇننى كۈچلەندۈردىغان دورىلارنى ئىچىپ، ئاۋۋالقىدەكلا شۆلگىيىنى ئېقىتىپ زىلالەنى ھېلىقى خاس ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىشكە ۋە نەپسىنى قاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئىش دائىم ئاقمىدى. زىلالە بىر نەرسىنى باھانە قىلىپلا ئۇنىڭ ئىلكىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۇردى. ئابدىلىز ئاخىر چىدىيالماي قالدى:

—بىلىپ قويۇڭ، سىز ماڭا بىرمۇنچە پۇلغا قەرزدار!

—ئىككى ئاي بىكارغا ئۇسسۇل ئويناپ بېرىمەن.

—ماڭا ئۇسسۇلىڭىز ئەمەس، ئۆزىڭىز كېرەك، پەقەت بىر ئاخشام، ئۇنىڭدىن كېيىن سىزنى ھەرگىز ئاۋارە قىلمايمەن، كۆنلۈك ئىش ھەققىڭىزگە يەنە يۈز يۈەن قوشۇپ بېرىمەن، ئۆزىڭىز خالىغان يەرگە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىمەن، نېمە دېسىڭىز ئېلىپ بېرىمەن، ماقۇل دەڭ!

—ياق، ئۆتكەن ئاخشامقى ئىشلىرىڭىزمۇ يېتەر ئەمدى، ئىنساپلىقراق بولۇڭ، سىزنىڭمۇ ھەدىڭىز، سىڭلىڭىز باردۇ،

ئۇلار ئەگەر مەندەك ئىشقا ئۇچرىسا سىز قانداق ھېسسىياتقا كېلىسىز؟!

—ھېچقانداق بولمايمەن، ئەگەر ئۇلار ئۆزى خالىسىلا مېنىڭ نىمە كارىم. ئادەم قىلمايدىغان ئىشمىدى ئۇ! سىز بۇ ئىشنى بەك چوڭ بىلىپ كېتىدىكەنسىز، ئۆزىڭىزنى تېخىچە قىز دەپ چاغلايدىكەنسىز، كاللىڭىز ئىشلىسە، بۇنداق ئادەتتىكى ئىشلارنى قىز ياكى قىز ئەمەسلىككە چېتىۋالمايسىز، بىكاردىنلا يىغلاپ يۈرمەيسىز، خالىغان چېغىڭىزدا بەدىنىڭىزدىن ئۇسسۇل ئوينىغان پەيدە پايدىلىنالايسىز ھەم راھەتلىنەلەيسىز. سىز بەربىر قىز ئەمەس، بۇنچىلىك تارتىشىپ نېمە قىلىسىز؟

—قىزلىق دېگەن ئەسكى چاپاننىڭ مېزىدەك ئەرزىمەس نەرسىمىكەن؟

زىلالەنىڭ ئېغىزىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ كەتكەن ”ماز“ دېگەن سۆز ئابلىزنى ئۇجۇقتۇرۇپ قويدى. زىلالە ئۇنىڭ تۇساتتىنلا سالپىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچىدە كۈلدى.

—ئەر بولسىڭىز ئۆتكەن ئاخشىمى بولغان ئىشتىن تېنىۋالمايسىز، ئەتىسى قىلغان گېپىڭىزدىن يېنىۋالمايسىز.

—ئۇ ئاخشىمى مەن سىزگە راستتىنلا چېقىلمىدىم، نىيىتىمنى نەچچە بۇزۇپ يەنە سىزگە ئىچىم ئاغرىپ، ھاراقنى تازا ئىچىپ، يېنىڭىزدىلا ئۇخلاپ قالدىم. بولمىسا كىممۇ سىزدەك چىرايلىق بىر قىزنى ئاسانلا قولدىن چىقىرىپ قويىدۇ؟ شۇ ۋاقىتتا سىزنى ئاياپ قويغان گۇناھىم بار-دە! مانا ئەمدى بىردىنلا ئېشىۋالدىڭىز. ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولاتتى، بىزمۇ سىز ئويلىغاندەك ئۇنچە ئەسكى ئادەم ئەمەستۇق.

— ئەسكى ئادەم بولمىغاندىكىن ئەمسە ئۇنداق ئەسكى ئىشنى قىلمەن دەپ يۈرمەڭ!

— تولا ياسالمىلىق قىلماڭ، سىز ئىش كۆرمىگەن ئەمەس، تازا كۆرگەن، قىزلىقىڭىزنى بۇرۇنلا يوقاتقان قىز، سىزدەك چىرايلىق قىزلار تۈنجى مۇھەببىتىگىلا ئۆزىنى تەقدىم قىلىشىدۇ، ئاقىۋەت كېرەكسىز تازىلىق قەغىزىدەك تاشلىنىدۇ.

— سىز ھەممە قىزلارنى لاتا قورچاقتەك كۆرمەڭ، سىزدەك ئادەم پۇلدىن باشقا ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ، ھايۋاندەك ياشايدۇ، ئۆزىنىڭ ئىپلاس نەپسىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايدۇ.

— ۋاي پەرىشتەم، قوۋۇرغامنى تولا ئەگمەڭ، سىزمۇ پۇلنى، پۇلنىڭ كۈچىنى ئوبدان چۈشىنىپ قالغانسىز. مۇھەببىتىڭىز سىزگە ئەگەر پۇل خەجلىمەي، قورۇق گەپ قىلىپ بەرسە خۇشياقامدۇ؟ خىيالىڭىزنى خام چاغلىماڭ، سىزگە ئوخشاش خوتۇن خەقلەرنىڭ نەپسى بىزدىن ھەرگىز كەم ئەمەس، بۇنى مەندىن سوراڭ.

— لېكىن ئادەم چوقۇم ئۆزىنىڭ نەپسىنى بېسىشى كېرەك، نەپسىنى باسالمايدىغان سىزدەك ئادەم بولۇپ قېلىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن!

— لېكىن ئادەمنىڭ نەپسى دېگەن ھەرخىل يول بىلەن بېسىلىپ تۇرۇشى كېرەك-تە! مەسىلەن، سىز تاماق يېمىسىڭىز ئاچ قالىسىز، جىنسىي ھەۋىسىڭىزنى قاندۇرۇپ تۇرمىسىڭىز ئىچىدىن سىيىغان تۇخۇمدەك تۇگىشىپ كېتىسىز.

— بۇ سىزگە ئوخشاش ئەسكى ئادەملەرنىڭ دەۋالىدىغان گېپى.

—بۇ راست گەپ، مېنى ياخشى، ئەسكى دەپ ئايرىماڭ، مەن بىرلا ۋاقىتتا سىزگە ئەسكىلىك دەم ياخشىلىق قىلالايمەن. شۇڭا خوتۇن خەقلەر مەندەك ئەرگە ئامراق. سىز بۇنى ئۇقماس بولۇۋالماڭ. مەن تۈركىيە قاتارلىق خېلى كۆپ دۆلەتلەرنى ئايلاندىم، ئۇ يەردىكى ئاياللارنى بىر دېمەڭ، ئۇلار ئۆزىنىڭ بەدىنىدىكى جەلپ قىلىش كۈچىدىن بەك پايدىلىنىدۇ، تۇگەپ كېتىدىغان ئۆمرىنى سىزگە ئوخشاش بۇنداق مەنىسىز، جاپالىق ئۆتكۈزمەيدۇ، بېشىغا كەلگەن ئامەتتىن ئۆزىنى ساراڭلاردەك قاچۇرۇپ يۈرمەيدۇ، جېنىنىڭ بارىچە راھەتلىك ياشايدۇ. ئۇ يەردىكى ئەر-ئاياللار جىنسىي مۇناسىۋەتنى چوڭ بىلىپ كەتمەيدىكەن، سەن ماڭا، مەن ساڭا موھتاج دەپ قارايدىكەن. شۇنداق بولغاچقا ئۇلار تولىمۇ ئەركىن، بەختلىك ياشايدىكەن. سىزدەك، مەندەك بۇنداق ئۆزىنى چۈشەپ قويۇپ يۈرمەيدىكەن.

—سىزگە ئەسلىدە شۇ يەر يارىشىدىكەن ئەمىسە، نېمىشقا تۇرۇپ قالمىدىڭىز؟

—كېيىن چوقۇم چىقىپ كېتىمەن، ئاۋۋال تۈركىيىگە ئاندىن گېرمانىيىگە بارىمەن، ئەگەر خالىسىڭىز سىزنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىمەن.

زىلالە چەت ئەلگە بەك تەلپۈنەتتى، قايسى دۆلەتكە بولمىسۇن بىر چىقىپ بېقىشنى ئارزۇلايتتى. ئابلىزنىڭ پوچىلىقىنى بىلگەچكە ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئالدىراپ بىلدۈرۈپ قويغۇسى كەلمىدى.

—سىز ماڭا موھتاج، مەنمۇ سىزگە موھتاج زىلالە، —دېدى ئابلىز ئۇنىڭ خىيالغا چۆكۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ

تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ،—ئۆزىڭىزنى بۇنچىلىك قىيناپ نېمە قىلى-
سىز، سىزمۇ ئادەم، مەنمۇ ئادەم، بىر-بىرىمىزنىڭ ھالىغا
يەتسەك بولمامدۇ. سىزدەك گۈزەل قىزلار بۇنداق مەنىسىز
ياشىماسلىقى، تېگىشلىك ئىززەت ۋە شۆھرەتكە ئىگە بولۇشى
كېرەك. مەن ئىلگىرى ھەقىقەتەن نى نى سەتەڭ قىزلار بىلەن
بىللە بولغان، ئۇلارنى مەن ئالدىغان ئەمەس بەلكى ئۇلار ئالدى-
نىشنى ئۆزى خالىغان. ئۇلار پەقەت مېنىڭ پۇلۇمنىلا ياخشى
كۆرگەنلىكى ئۈچۈن كېيىن مەن زېرىكىپ قالدىم. ماڭا ھەقى-
قىي كۆيۈنىدىغان، پۇل دېگەننى كۆزىگە ئانچە ئىلىپ كەتمەيدى-
غان، مۇلايىم، چىرايلىق بىر قىزنى تېپىشنى ئارزۇ قىلاتتىم.
مانا ئاخىرى تاپتىم، ماڭا ئىشىنىڭ زىلالە، مەن سىزنى ئاجايىپ
ياخشى كۆرۈپ قالدىمكى، سىزنىڭ كۆزىڭىز، ئايدەك يۈزىڭىز،
زىلۋا بەستىڭىز، ئوينىغان ئۇسۇللىرىڭىزغىمۇ گەپ كەتمەيدۇ،
مۇھىمى سىزنىڭ پاكلىقنى قەدىرلەيدىغان روھىڭىز، پۇلنى
چوڭ بىلمەيدىغان تەرىپىڭىز مېنى بەك قايىل قىلدى. ئۆتكەن
ئاخشىمى مەن ھەقىقەتەن ئەقلىمدىن ئېزىپتىمەن، شۇنداقتىمۇ
يەنە ئەقلىمنى تېپىپتىمەن. سىزدەك موشۇنداق گۈزەل قىزنىڭ
قولىنىڭ ئۈچىنى تۇتۇشقىمۇ باشقا ئەركەكلەرنىڭ قولى كۆيىدى-
غان يەردە سىزگە چېقىلىشقا نېمە ھەددىم! ئەتىسى يىغلاپ-قاق-
شاپ، بىرمۇنچە گەپلەرنى دەپ كەتتىڭىز، ئەمەلىيەتتە ئۇنچى-
لىك بولۇپ كېتىشىڭىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى، مەن شوپۇرغا
بېرىدىغان پۇلنى بىر تىيىن كەم قالدۇرماي بېرەتتىم، سىزنى
ھەم ھېلىقى تۇغقىنىڭىزنى ئوبدان رازى قىلاتتىم. ئەمەلىيەتتى-
مۇ شۇنداق قىلدىم. مەن بۇ ئىشلىرىمغا قىلچە مىننەت قىلماي-

مەن، سىز دىنمۇ ئۆزىڭىز خالىمىغان نەرسىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالمايمەن. لېكىن سىزگە يەنە ئىچىم كۆيىدۇ، سىزنى ئاشۇ گۈزەل چىرايى ھەم خۇلقىغا يارىشا بەختلىك كۈن كەچۈرسە دېگۈم كېلىدۇ. سىز مېنى شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ ئەگەر ئۇنداق بولسام مەن ئاللىقاچان ئۆز مەقسىتىمگە يېتىپ بولغان بولار ئىدىم. بىلىشىڭىز كېرەككى، مەن ئۇنداق ئايال-لاردىن ئاللىقاچان سەسكىنىپ كەتكەن، ئۇنداق بىر نېمىلەرگە ھازىر قارىغۇمۇ كەلمەيدۇ. مېنىڭ ئويلايدىغىنىم ۋە قەدىرلەيدىغىنىم جەزمەن سىزدەك قىز-لار بولۇشى كېرەك. بەلكىم باشقا قىزلارمۇ بۇ جەھەتتىن سىز-نىڭ ئالدىڭىزغا ئۆتەلمەسلىكى مۇمكىن...

ئابلىز بۇ ئاخشىمى تورنى كەڭ قويۇۋەتتى، "بېلىق" ئۆزد-نىڭ ئازادە ماكانىغا قايتتى.

9

تىلەك ئەپەندىنىڭ جەسىتى بېسىلغان ماشىنا شىنجاڭ تامان يۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. قاسىم كوزۇپقا لىققىدە بېسىلغان توپ-توپ كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ئارىسىدا، ئەدىيال بىلەن مەھكەم يۆگەل-گەن جەسەتنىڭ يېنىدا گاھ ئويغاق، گاھ ئۈيقۇلۇق ھالەتتە ئولتۇراتتى، تالاي خىيال سۈرۈپ، تولا سەت چۈشلەرنى كۆ-رۈپ، يۈرىقا پاتراق يېتىشكە ئىنتىزار بولۇپ، كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئادەمنىڭ پۈتكۈل سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ

شاھى بولغان بۇ بىر جۈپ كۆز تىلەك ئەپەندىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئارامغا چىققان بولسا، قاسىمنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنىلا ھاياتلىق چە-رىغىنى ياندۇرۇپ تۇراتتى. ئۆچۈپ كەتكەن ھاياتلىق شامى ئادەمنىڭ كۆزىدە ئەڭ ئېنىق ئەكس ئېتىدۇ، ئاتىسىنىڭ ھايات-لىق شامىنى ئۇچۇرۇپ قويماي ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا يەت-كۈزۈپ بېرىش چوقۇم بالىسىنىڭ مەجبۇرىيىتى بولۇشى كې-رەك. ئۇ ئەۋلاد مەيلى كېرەكلىك ئادەم بولسۇن ياكى ئادەملىك ئورنىنى نۆلنىڭ ئورنىدا ساقلاپ تۇرىدىغان كېرەكسىز مەخلۇق بولسۇن، يەنىلا ئۆزى بىر مۆجىزە سۈپىتىدە ھايات كەچۈرىدۇ، ھايات ئۇلار ئۈچۈن گويا غاجىلاپ يەپ تۈگىتىش كېرەك بولغان بىر پارچە قوناق نان. بۇ ناننى يېيىش جاپالىق بولسىمۇ قورساق تازا ئاچقاندا ئۇ ناھايىتى تەملىك بولۇپ كېتىدۇ، ھېچكىممۇ ئۇنىڭدىن قۇرۇق قېلىشنى خالىمايدۇ. قاسىم بېيجىڭدىن ئېلى-ۋالغان توقاچ نانلارنى ماشىنا ئۈستىدە يەپ ئولتۇرۇپ، قورساق ئېچىش ۋە قورساق تويغۇزۇشتىن مۇستەسنا ئاتىسىنىڭ جەسى-تىگە قاراپ، ھاياتلىقنىڭ پەقەتلا بىر ئايلانما ھەرىكەت ئىكەنلى-كىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

## 10

زامانىنىڭ يەكتا پېشۋاسى بولغان قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭغا بولغان قايغۇلۇق تەزىيە يۈزىسىدىن تەزىيە يىغىنى ئېچىلىشتىن بۇرۇن بېيجىڭدىكى پۈتكۈل كۆڭۈل ئېچىش سو-رۇنلىرى ئەسەبىي شادلىق چۇقانلىرىنى ۋاقتىنچە توختاتتى.

ئابلىزنىڭ رىستورانىغىمۇ كەچتە قورسىقى ئاچقانلاردىن باشقىلى-
رى كەلمىدى.
قەدىردان يولداش دىڭ شياۋپىڭنىڭ جەستى بىسىلغان،
ئالدىغا ئاق گۈلچەمبىرەك تاقالغان ماشىنا ۋە ئۇنىڭ كەينىدە
قاتار تىزىلىپ كەتكەن پىكاپلار بىيجىڭ كوچىلىرىدىن ئۆتكەندە
شەھەر خەلقى يولدا قاتار تىزىلىشىپ، كۆزلىرىگە ياش ئې-
لىپ، ئۆزىگە ھەردائىم قەدىرلىك، سۆيۈملۈك بىلىنىدىغان بۇ
دانا، شەپقەتچى رەھبىرى بىلەن چوڭقۇر قايغۇ ئىلكىدە ۋىدالاش-
تى. ياشانغان بوۋاي، مومايلار نەۋرىلىرىگە قاراپ: ”قارا، دىڭ
بوۋاڭ بىزدىن ئۇزاپ كەتتى، سەن بۇ شەپقەتچى بوۋاڭنى ئۇنتۇ-
ماي، كەلگۈسىدە ياخشى ئادەم بول“ دېگەچ ئۈنسىز ياش تۆكۈش-
تى. نەۋرىلەر ئۇلارنىڭ قايغۇسىنى چوڭقۇر چۈشەنمىسىمۇ،
ئەمما سەبى، غۇبارسىز كۆزلىرىدە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىكى
تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر، ئېگىزدا بىر ئاجايىپ، يوشۇرۇن تەسە-
رات ئەكس ئەتتى، بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۆزگىچە بىر
ئەسلىمە بولۇپ ساقلىنىپ قالغاندۇ.
مەشھۇر كىشىلەر بۇرۇنقىدىن ئازلاپ، تۈگەپ كېتىۋاتقان
بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن قېلىشماسلىق ۋە كۆپ
قۇتۇپلىشىش ئېگىز بارغانچە كۈچىيىپ كېتىۋاتسا كېرەك. تارى-
خىي شەخسلەر ئۆزىنىڭ ئۆمۈر تارىخىنى ئۇستىلىق بىلەن يازى-
دۇ، ئاددىي ئادەملەر ئۇنى ئوقۇيدۇ، ئىلھاملىنىدۇ، بىراق
ئۆزىنى تەقدىرنىڭ ئەركە بالىسى چاغلاپ، ئۆزلۈك مۆجىزىسى-
دىن مەست بولۇپ، ۋاقىتنى چەيلەپ بارىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۆزى
چەيلىنىدۇ.

يەھۇدىيلاردا ”ئادەمنىڭ ئۆيغا چۈمۈشى خۇدانىڭ كۆلكىسى-نى قىستايدۇ“ دېگەن مەشھۇر گەپ بار ئىكەن، بۇ گەپنىڭ ئادىمىي ئاڭ ۋە ئەقىلنى ئۆيغىتىش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

تىلەك ئەپەندى تىلىكىگە يەتمىسىمۇ ئاخىرى يەتكەندەك بول-دى. ئارزۇ-تىلەك بىلەن ئۆلۈمنى باغلاشتۇرغىلى بولىدۇ، ۋاق-تىنى ھەقىقەتەن جان بىلەن تەڭلەشتۇرگىلى بولىدۇ.

زىلالەنىڭ گۈزەل ۋۇجۇدى ئابلىزدا يەنە كونا ۋەسۋەسلەرنى قوزغىتىپ تۇرىدۇ. زىلالە ئالتە مىڭ يۈەندىنمۇ قىممەتلىك قىز-لىقىنى بەخش ئەتكۈدەك بىرەر ئېسىل يىگىتنى ئۈچرىتالىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئابلىزنىڭ ئۆزىگە ئىزچىل قىلغان ياخشىلىقى ۋە خۇشامىتىگە بويسۇنۇپ، ئاخىر ئاشۇ كونا تورغا يەنە چۈشۈپ قالدى ۋە كەڭ دېڭىزدا ئەمەس بەلكى ئەينەك قاچا ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرىدىغان چىرايلىق بېلىققا ئايلاندى.

# ئەجەللىك توقۇنۇش

ھەرەمگە بېرىش ھارپىسىدا ھاياتىدىكى ئەڭ بۈيۈك ئارزۇيىـ
نى ئاللاتائالانىڭ مەرھەمىتىگە ھەم ئەپۇ-رەھمىتىگە باغلىغان ئۇ
تەقۋادار بوۋاي يىگىرمە بىر يېشىدىن باشلاپلا بەش ۋاق نامازنى
تاشلىماي ئوقۇپ كەلگەنىدى، بىراق بۇ شەھەردە ئۇ ئۆزىگە
پايدىسىز مۇھىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىدى، قوينى كەڭ يېزىدا
دېڭىزدىكى بېلىقتەك ئازادە ياشاپ ئۆگىنىپ قالغاچقا، بۇ شە-
ھەردىكى قىستاڭچىلىققا ۋە بۇرۇقتۇرمىلىققا كۆنەلمەي قالدى.
بۇ شەھەر ئۇنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغان، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياق-
مايدىغان ھالدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، بۇنىڭدىن باشقىچە
بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغان، بەلكى ئاشۇنداق بارغانچە تەرەققىي
قىلىپ كېتىۋېرىدىغان بىر شەھەر ئىدى. بوۋاي، ھەرەمگە بې-
رىپ ھاجى بولۇپ قايتىپ كەلسەم، بىرسى بۇ شەھەرگە مېنى
ئەمەلدار قىلىپ قويسىمۇ بۇ يەردە ھەرگىز تۇرمايمەن، بۇ يەردە
بىر ئاي ئەمەس، بىر ھەپتە تۇرسىلا ئادەمنىڭ ئۆپكىسىدىن چاتاق
چىققۇدەك، شۇڭا تېزراق كەتسەم بولغۇدەك، دەپ ئويلايتتى.

بوۋاينىڭ ھەرەمگە زەيتۇن شېخى چىشلىگەن كەپتەردەك ئۇچۇپ بارغۇسى بار ئىدى، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يېشى يەتمىش-تىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۇچۇن ئاپارمىدى. ئاخىرى چوڭ ئوغ-لى ئاشخانا ئېچىپ تاپقان پۇلىغا ۋىزا، پاسپورت ھەل قىلىپ ئاتىسىنى ئىشەنچلىك ھەمراھلار بىلەن بىللە بېيجىڭغا يولغا سېلىپ قويىدى؛ بوۋاي ئەمدى شۇ پاسپورتىغا ئەرەبىستان ئەلچى-خانىسىنىڭ تامغىسىنى باستۇرالىسىلا، ئايروپىلان بېلىتى ئېلى-ۋالالىسىلا بولاتتى. ھەمراھلار بۇ ئىشنى ئۆزىمىز ھەل قىلال-ايمىز، قىلىدىغانلار بار، شۇلارغا پۇل بېرىپ ئىشىمىزنى پۈتتۈرەيلى دېگەن مەسلىھەتكە كېلىشتى. بېيجىڭدىكى شىنجاڭ ئىش باشقارمىسىدا ياتاق ئېلىپ، بولغۇسى ھاجىلارنىڭ يانچۇقى-دىكى پۇلىغا كۆز تىكىپ، پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان بىر پاسپورتچى ئۇلارنى نەق سورۇشتۇرۇپ تاپتى؛ تامغا ھەققى، بېلەت ھەققى، تاپان ھەققى بولۇپ ھەر بىرىدىن ئون مىڭ يۈەننى ئالدى، قۇرئاننى قوش قوللاپ تۇتۇپ قەسەم قىلدى، پاسپورت ھەم بېلەتنى بىر ھەپتىدىن كېيىنلا ئۇلارغا تاپشۇرىدىغانلىقى توغرى-سىدا قايتا-قايتا ۋەدە قىلدى. بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھەرەم سەپىرىدە ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ئىشنى خۇدايىمنىڭ ئاسان قىلىدىغانلىقىنى، بۇنداق چاغدا ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئالداش ھەم ئالدىنىشنىڭ ئوغاي مەۋجۇت بولمايدىغان-لىقىنى ئويلاپ، مۇسۇلمانچىلىقنى ھەممىدىن ئەلا چاغلاپ، ئۇ قويمىچى قېرىندىشىغا ئوغايلا ئىشىنىپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ئون ئادەمدىن يۈز مىڭ يۈەننى بىردەمدىلا قومۇرغان ئۇ كاززاپ ئۆتمۈشتە قومۇل قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى

تۆمۈر خەلپىنى قۇرئان بىلەن ئالداپ قولغا چۈشۈرگەن ھىلىقى مۇناپىق تۇڭگاندەك ناھايىتى ھىيلىگەر ئىدى. خىيالىدا ئۆزىنى ھەرەمگە ئۇچۇپ كىتىۋاتقان كەپتەردەك ھىس قىلىۋاتقان ئاشۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى بىر قۇۋ ئوۋچى قىلتاققا چۈشۈرۈپ، قىينالمايلا ئېرىشكەن بىرمۇنچە ئولجىنى باشقا ئوقەتنىڭ دەسمايىسى قىلىپ، بۇ چوڭ شەھەرنىڭ مەلۇم بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا قانغۇچە ئويناپ، راھەتتە ياشاپ يۈرەتتى.

بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، كۈندە كىتىۋاتقان بىرمۇنچە چىدىملارغا ۋە ئۆزلىرىگە ماس كەلمەيدىغان بۇ بۇرۇقتۇرما مۇھىتقا چىدىيالماي قېلىۋاتقان بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كۈندىن كۈنگە كۆڭۈلسىزلىنىپ، كۆڭۈللىرى قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنى تۇيۇپ، بىر-بىرىگە تەشۋىشلىك، ۋەھىملىك قارىشىپ، تەستە ئېلىنغان تەرىتى بىلەن زورىغا ئوقۇلۇۋاتقان نامىزىدا يەنە خۇدانى سېغىنىشىپ، ئۇنىڭدىن ئاسانلىق تىلىشىپ، نامازدىن كېيىن يەنە شۇ ئەنسىز ئىش توغرىلىق پاراڭ سېلىشىپ، تاماقنى پەقەت ئاچ قالماسلىق ئۈچۈنلا يېيىشىپ، ئۇيقۇسىنىمۇ تەستە ئۇخلىشىپ، سەكرات ئۇستىدە ياتقاندىلا پەيدا بولۇشى مۇمكىن بولغان ئىنتايىن ئازابلىق، ئېغىر بىر كەيپىياتتا كۈن ئۆتكۈزۈشۈۋاتاتتى.

ئۇلار ئاخىرى ئالدانغانلىقىنى ھىس قىلىشقاندا ئۇنىڭغا بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي، ئۈمىدىنى ئالدىراپ ئۈزۈۋەتمەي، پۇل كەتسىمۇ بىر مەزگىل چىداپ ئۇ كازراپنى كۈتۈش قارارىغا كەلدى، ئۇلار ئۇچچە ئالدانغاچقا ئانچە ئاھ ئۇرۇپ كېتىشمىدى، ئەگەر بىرەرسى ئايرىم ئالدانغان بولسا ئالدانمىغانلار ئالدىدا

ئۆزىنى تولىمۇ بىچارە خۇدا ئۇرغان بەندە ھېسابلاب، ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىدىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ، پۇل تاپماق تەسلىشىپ كېتىۋاتقان بۇ جاھاندا شۇنچە كۆپ پۇلنى بىكارلا قولدىن بېرىپ قويغىنىغا ئۆكۈنۈپ، ئاھ ئۇرۇپ، ھەتتا ساقاللىرىنى يۇلۇپ يىغلاپ كەتكەن بولاتتى. كوللېكتىپنىڭ كۈچى ھەقىقەتەن زور بولغاچقا، بارلىق كۈلپەت ۋە ئازابنى تەڭ تارتىپ، ئاشۇ كۈلپەت ۋە زىيان ئازابىنى ھەممىسى تەڭ ئۈستىگە ئالغاچقا شۇنچە زور كېلىشمەسلىك ۋە يوقىتىش ئالدىدا ئۇلار يەنىلا خۇدادىن ئۈمىد، ئىشەنچ تىلەپ، بىر-بىرىدىن تەسەللى ئىزدەپ، بىر-بىرىگە مەدەت بېرىپ، بىر-بىرىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ، تائەت-ئىبادىتىدىن كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشىپ خاتىرجەم ياشاۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر يۇرتلۇق ئىدى، يېشى يەتمىشتىن ئاشقان ھېلىقى بوۋاينى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغانلىرى ئەللىك-ئاتمىش ياشنىڭ ئارىسىدىكى كىشىلەر ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ئاشۇ بوۋايلا ھەقىقىي دىنىي زات بولۇشقا لايىق ئىدى، ھېچقايسىسى ئۇ بوۋايدەك تەقۋادار ئەمەس ھەم ئەللىك يىللىق ئىبادەت تارىخىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. خۇدايىم ئۇ بوۋايغا پەقەت تەقۋادارلىقىنىلا ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭغا كۆپ مال-دۇنيا بەرمىگەندى، قالغان توققۇز كىشىنىڭ ئىككىسى بېيىغان دېھقان، تۆتى سودىگەر، ئۈچى ھۈنەرۋەن ئىدى، قول ئىلكىدە خېلى بىرنېمىسى بار ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ كۆچمەس مۈلۈكلىرى ھەم ئائىلانىما مۈلۈكلىرى ئىسلاھات سىياسىتىنىڭ ھىمايىسىدە يىلدىن يىلغا كۆپىيىش پۇرسىتىگە ئىگە ئىدى؛ ئىشقىلىپ، خۇدايىم

ئۇلارنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلغانىدى، شۇڭا ئۇلار بۇ قېتىم ئالدانـ
غان بىلەن ئۇنچىلىك پۇلنى ھامان تاپالايتتى، ئەمما ئۇ بوۋاينىڭ
ئوغلى ئۇ پۇلنى خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ يۇرۇپ ئاتىسىغا ئاران
ھەل قىلىپ بەرگەن، ئاشخانىسىنىڭ ئىككى يىللىق كىرىمىدىن
بۆلەك يەنە تېخى بانكىدىن ئازراق قەرز ئالغانىدى. بوۋاي ئەمدى
موشۇ قېتىم ھەرەمگە بېرىپ، نىيەت-ئىقبالىغا يېتەلىسە يەتتى،
بولمىسا ئۇنىڭغا بۇنداق پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتنىڭ ئىككىنچىلەپ
كېلىشى ناھايىتى تەس ئىدى، ھەتتا مۇمكىن ئەمەس دېيىشكىمۇ
بولاتتى.

بوۋاي پەرۋەردىگارىغا چەكسىز ئىشىنەتتى، ھەج سەپىرىـ
نىڭ ھامان ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىغا، پەرۋەردىگارىنىڭ ئۆزىـ
گە ھەر ۋاقىت يار-يۆلەكتە بولىدىغانلىقىغا ھەرقانداق ھەمراھىـ
دىنمۇ بەكرەك چوڭ ئۈمىد باغلىغانىدى، ھەمراھلار ئۆزلىرىـ
نىڭ ئالدانغانلىقى، ياكى شۇنداق بولۇش مۇمكىنلىكى ھەققىدە
تەشۋىشلىنىپ پاراڭلارنى قىلسا ئۇلارغا قېتىلماي، دىلىدا ئاللانى
يادلاپ جىمجىت ئولتۇراتتى. بوۋاي ئۆزىنىڭ تەقۋادارلىقىغا قانـ
چە ئىشەنسە پەرۋەردىگارىنىڭ ئۆزىنى شۇنچە ھىمايە قىلىدىغانلىـ
قىغا، ئۆزىگە شۇنچە ھىممەت كۆرسىتىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىـ
نەتتى، ئۆزىنى خۇداغا يېقىنلىقتا باشقا ھەمراھلىرىدىن ئۈستۈن
كۆرەتتى، تەقۋادارلىقتا ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايتتى. دې-
مىسىمۇ ئەللىك يىل ئۇدا كۈندە بەش ۋاق ناماز ئوقۇش، ھەر
يىلى بىر ئاي روزا تۇتۇش ۋە شۇنچە كۆپ پەرز ئەمەللىرىنى
بېجىرىش ئۈچۈن تىرىكچىلىككە زۇرۇر نۇرغۇن ئىشلىرىنى،
ئىختىيارىي ھەرىكەتلىرىنى، نەپسى خاھىشى ھەم راھەت-پاراغىـ

تىنى قايرىپ قويۇش ئەلۋەتتە ئەڭ تەس ئىش، ئۇ ئىشلارنى مانا مەن دېگەن تەقۋادار مۇسۇلمانلار مۇ ئوڭاي ئورۇنلاپ بولالمايدۇ. دە! بوۋاي شۇڭا ئۆزىگە بەك ئىشىنەتتى، پەرۋەردىگارنىڭ مەر. ھەمىتىگە چوقۇم مۇشەررەپ بولالايدىغىنىدىن ئىنتايىن ئۈمىدۋار ئىدى. مەككە مۇكەررەمگە بېرىپ، مۇقەددەس ھەج پەرزىنى ئاخىرى ئادا قىلالايدىغىنىدىن قىلچە گۇمانلانمايتتى، تەشۋىشلەن. مەيتتى؛ ھەممە ئىمكان ھازىرلانغان تۇرۇقلۇق خۇدا ئۆزى نې. سىپ قىلغان بۇ ئۇلۇغ سەپەرنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىدىن گۇمانلىنىش ھەم قايغۇرۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن گويا پەرۋەردىگارد. دىن گۇمانلانغانغا ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنگە ئوخشاش يامان ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىكى قىل سىغماس دەرىجىدە شۇنچە نازۇك ئىدى، يەنى ئۇ ئۆز ئېتىقادى بىلەن ئېتىقاد قىلىنغۇچى ئاللا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە قەلبىدە قىلچە بوشلۇق قالدۇرمىغانىدى. ئادەمنىڭ قەلبى قۇپقۇرۇق بولۇپ كەتسە بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ، بوۋاينىڭ قەلبى بىر قادىر ھەقتائالاغا بولغان ئېتىقادتا قۇرۇماس بۇلاقنىڭ كۆزى سۇغا تولغاندەك تولۇپ تۇراتتى، ئىزگۇ روھى ئۇزۇلمەس بىر زۇمرەت ئېقىنىدەك ئېقىپ تۇراتتى، بەدىنى پاك. لىنىپ، روھىي زېمىنى ياشىرىپ تۇراتتى. ئاپىسىغا يۆلىنىپلا ياشايدىغان بوۋاق بالا ئاپىسىنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنمەيۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالسا شۇھامان كۆزىگە بۇ دۇنيا قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ تاشلىغاندەك، مۇبادا بۇ ئىخلاسمەن بوۋاي ھەرەمگە ھەقىقەتەن بارالماي قالسا ئۇنىڭ نازۇك دىلىنىڭ قانچىلىك ئېزىلىپ، ئېتىقادى تىرەپ تۇرغان روھىنىڭ سۇنۇپ،

ئەقىدە قۇياشى يورۇتۇپ تۇرغان قەلبىنىڭ ئۇشتۇمتۇت زۇلمەتكە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى بىر نېمىدەپ بولمايتتى. ئەمما ئۇ ھازىر ھەممە ھەمراھىدىنمۇ بەك ئۇمىدۋار بولغاچقا بىز پەرەز قىلغان روھىي كرىزىسقا تېخى دۇچ كەلمىگەنىدى.

ئالدامچىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىگەن كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى سەھەردە بوۋاي ھەممىدىن بۇرۇن بامدات نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ، ئۇيقۇ لەشكەرلىرىگە ئىختىيارسىز بويسۇنۇپ ئۇخلاپ قالدى، ئاجايىپ ئۇزۇن بىر چۈش كۆردى: ئەنە ئۇ سەپەر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئايروپىلانغا چىقتى، ئاسمانغا لەپپەڭگىدە كۆتۈرۈلدى، كۆزىنى يۇمۇۋالدى، كۆڭلى ئېلىشقاندەك قىلدى. ئايروپىلاندا ھەمراھلار كۆرۈنمەيتتى، بوۋاي ئۇلار نەگە كەتكەندۇ دەپ بويۇنداپ قارىدى؛ قارىسا ساپلا ناتونۇش كىشىلەر، بۇ كىشىلەرنى ئۇ قاچان، قەيەردە كۆرگەنلىكىنى بىر-بىرلەپ ئەسلەپ باقتى، ئەسلىيەلمىدى؛ قېرىپتىمەن! بەكلا قېرىپ كېتىپتىمەن دەپ خورسىندى، ساقىلىنى ئەلەم بىلەن سىلاپ قويدى؛ پەستىن بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك قىلدى، ئايروپىلان دېرىزىسىدىن ھەممىنى ئوچۇق كۆردى، ھەمراھلار يەردە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۆچكىدەك سەكرەپ، قويدەك مەرەپ، كۆزىنى بۇقىنىڭ كۆزىدەك ئالايتىپ، ھەرخىل قىلىق چىقىرىشىپ، (بەزىسى بىر بىرىگە مىنگىشىپ، بەزىسى كەيپ قىلىشىپ، بەزىسى يەردە ئېشەكتەك ئېغىنىشىپ) ۋارقىرىشىپ ياتاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتى بەئەينى بىر توپ مەست مايمۇنلارغا ئوخشايتتى. بوۋاي ئۇلارنى ئېنىق كۆرۈپ، كۆزىنىڭ ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەنلىكىگە ھەيران قالدى، پەرۋەردىگارنىڭ ھىممىتى-

دىن سۆيۈندى، پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تەقۋادار مۇسۇل-
مان ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۆزىنى ئوڭۇشسىزلىقتىن ساق-
لاپ، بۇ كاتتا سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىمكان بەرگەنلىك-
دىن چەكسىز خۇشاللاندى؛ ئېغىز بىلا ئىمان ئېيتىپ دىلىدا
باشقا بىر نېمىلەرنى ئويلايدىغان، نامازنى مۇنداقلا ئوقۇپلا كېيىن-
دىن يەنە ئۆزى بىلگەنچە ناچار ئىشلارنى قىلىدىغان ھەمراھلىرى-
نىڭ ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن مەمنۇن بول-
دى؛ خۇدايىم ئۇنداق ئىمانى سۇسلارنى ئەمەس بەلكى مەندەك
تەقۋا بەندىلىرىنى ھەج قىلىشقا نېسىپ قىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇن-
داقلارنى ئەمەس بەلكى مەندەك ھەقىقىي ھاجىنى جەننەتكە كىر-
گۈزىدۇ دەپ ئويلىدى. ئايروپىلان ئاۋازسىز ئۇچۇپ كېتىۋاتات-
تى، بوۋاي ئايروپىلانىنىڭ ئۇچقىنىنى سېزەلمىدى، بۇنىڭ
راست ياكى يالغان ئايروپىلان ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدى، ئۆزى
ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ ئايروپىلانىنىڭ ئورۇندۇقى ياكى ھەم-
راھلار بىلەن ياتقان ياتاقنىڭ ئورۇندۇقى ئىكەنلىكىنى پەرقلەن-
دۈرەلمەي ناھايىتى ئەجەبلىنىپ بەك تىت-تىت بولدى؛ ئەتراپى-
دىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلارغا قارىدى، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆ-
لۈكتەك ئۇخلاۋاتاتتى، بەزىسى بوۋايغا نېمىدەيسەن دېگەندەك
قاراپ تۇراتتى؛ بوۋاي بىر توپ ئالدامچىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ
قالغاندەك شۈركىنىپ كەتتى، سومكىسىغا سىنچىلاپ قاراپ
قويدى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇلار كەلدۇق دەپ ھاياجانلىنىپ
توۋلاپ قويۇشتى؛ بوۋاي يېنىك ئۇھ تارتىپ ئورنىدىن قوزغال-
دى، چەكسىز شادلىقتىن يۈرىكى بوۋاقنىڭ پۇتىدەك تىپچەك-
لەيتتى؛ ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يورۇتۇۋاتقان ئېتىقاد قۇياشى

ئەمدى ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك، قەلب ئاسمىنىنى پارلاق نۇرغا چۈمدۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى؛ بۇ ھالەت گويا ۋاقتى قەرەلى توشۇپ يورۇق ئالەمگە كۆز ئېچىۋاتقان بوۋاقنىڭ ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدىن يۈرەكىنىڭ بىر پارىسىدەك ئايرىلىپ چۈشۈۋاتقىنىغا ۋە ئاشۇ جان ئىگىسىنىڭ ئۆزىنىڭ جاراڭلىق يىغىسى (يوشۇرۇن تىلى) ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا كەلگىنىگە تەنتەنە قىلىۋاتقىنىغا ئوخشاپ كېتەتتى. بوۋاي ئەللىك يىللىق تائەت-ئىبادىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىشكە ئاتلىنىۋاتقان، ئۆمرىدىكى بارلىق گۇناھلىرىنى يۇيۇپ گويا بوۋاق بالىدەك پاك ھالەتكە قايتىشقا ئىنتىلىۋاتقان شۇ مىنۇتلاردا ھەرەم تۇپرىقىغا دەسسىگىنىگە، ھەج پائالىيىتىنى ھەقىقىي باشلىغىنىغا تەنتەنە قىلىۋاتاتتى؛ بوۋاي پەرۋەردىگارىغا ئاتاپ نۇرغۇن ھەمدۇسانالارنى ئوقۇدى، ئۇقۇپ قانمىدى، ئوقۇپ ھارمىدى. بوۋاي ئاپئاق ئېھراملىق كىيىپ، ئۆزىگە ئوخشاش (ئېھرام باغلىغان) كىشىلەرگە ئەگىشىپ، ناھايىتى كەڭ، ھەيۋەتلىك، سەلتەنەتلىك بىر مەسچىتكە كىردى؛ يەردە ئوتقاشتەك گىلەملەر چاقناپ تۇراتتى، مەسچىت ئىشىكى ئالدىدا ھەددى-ھېسابسىز كەشلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. بوۋاي ساپما كەشىنىڭ يۇتۇپ ياكى ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەيلا كەشنى سېلىپ، گىلەمگە يالاڭ ئاياغ دەسسەپ، نامازخانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئازادە ئولتۇردى. بوۋاينىڭ ھەرەم دىيارىغا كەلگەندىن بۇيانقى كۆرگەن-بىلگەنلىرى ئىلگىرىكى ھاجىلارنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىغانلىرىغا تامامەن ئوخشاش چىقىۋاتاتتى، ئۇ ئەمدى ھەرەمنىڭ بۇ كاتتا سۈپەتلىرىنى يۇرتىغا بارغاندا باشقىلارغا سۆزلەپ، ئۇلارنى ئاغزىغا قارىتىپ

قويدۇ-دە! بوۋاي ئېھراملىققا ئورۇنۇپ، ناماز ئۈستىدە ئاللاغا قول باغلاپ، بېشىنى ئىخلاس بىلەن ئېگىپ رەتلىك ھالدا ئۆرە تۇرغانلار قاتارىدا قەددىنى رۇسلاپ، سەپنى توغرىلاپ تۇردى، ئىمامنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتىنى تىڭشاپ، ئىچ-ئىچىدىن تەسىرلە-نىپ كەتتى، پەرۋەردىگارىغا بولغان چەكسىز سېغىنىش ھەم ئاخىرەتتە ئۇنىڭ مۇبارەت دىدارىغا مۇلاقات بولۇش ئىنتىزارلى-قىدىن قەلب ھېسسىياتى دېڭىزدەك مەۋج ئۇرۇپ، ئۇزاققىچە بېسىلىپ ياتقان كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى، ھەم ئۆزىمۇ گويا (دىلى سىماپتەك ئېرىپ كەتكەن) ئاشۇ تەقۋادار مۆمىنلەرگە دېڭىزغا قوشۇلغان بىر تامچىدەك، سىڭىپ كەتتى، ئۇلارغا قوشۇلۇپ ناماز ئۆتىدى، ھەجەرۇل ئەسۋەدنى تاۋاپ قىلـ-دى؛ ئادەم شۇنچە كۆپ، قىستاڭچىلىقتىن قۇتۇلغىلى بولمىسىد-مۇ بوۋاي ئاخىرى ئاشۇ قاراتاشنى تۇتۇۋالىدى، ھەتتا كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ سۆيۈۋالىدى. ھاجىلار سافا-مەرۋە ئارىلىقىدا يۈگۈرگەندە بوۋايمۇ بوش كەلمەي، ياش يىگىتلەردەك كۆچكە تولۇپ، تەرلەپ ھالىدىن كەتكۈچە يۈگۈردى؛ ھاجىلار شەيتانغا تاش ئاتىمىز دەپ تاغقا تاش تەرگىلى چىققاندا بوۋايمۇ بىللە چىقىپ تاش تەردى؛ تەرگەن تاشلىرىنى سەللىسىگە ئېر-لىپ، شەيتانغا تاش ئېتىۋاتقان نۇرغۇن ھاجىلارنىڭ سېپىگە قېتىلىپ، بارلىق كۈچىنى يىغىپ تاش ئاتتى چوڭ شەيتانغا، ئوتتۇرانچى شەيتانغا، كىچىك شەيتانغا ساناپ تۇرۇپ يەتتە تالدىن تاش ئاتتى، ئاتقان تېشى ھەممىدىن يىراققا بارغاندەك قىلدى. بوۋاي پەرۋەردىگارىنىڭ مەدىتى بىلەن ھەج پائالىيىتىنى ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ بەك ياخشى داۋاملاشتۇرۇۋاتقىنىدىن، بۇ مۇقەد-

دەس يەردە ھەرگىز تېنەپ قالمىغىنىدىن، پات ئارىدا يۇرتقا
ھاجى بولۇپ قايتىپ بارىدىغىنىدىن ئالەمچە شادلىنىپ كەتتى؛
كەمپىرىگە ھەرەمنىڭ ھالقىسىدىن بىردانە، ئوغلىغا سائەتتىن
بىردانە، كېلىنىگە بىر مارجان، قىزلىرىغا گىجىم ياغلىق،
كىچىك ئوغلىغا بىر قۇرئان ۋە يەنە ئائىلىسىدىكىلەر، ئۇرۇق-
تۇغقانلار ھەم يۇرتداشلارنىڭ تەڭ بەھرىلىنىشى ئۈچۈن زەمزەم
سۈيىدىن ئىككى تۇڭ، خورمىدىن بىر خالتا ئېلىۋېلىشنى ئويلى-
دى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بوۋاينىڭ ھەج سەپىرىگە تىنچ-ئامانلىق
ۋە بەخت-سائادەت تىلىگەن ھەمدە بۇ قۇتلۇق سەپەرگە ئاتىغىنىنى
بىرنشكەنىدى، ئۇلارنى ئويلىماي بولمايتتى. بوۋاي ھەج پائالى-
يىتىنى تولۇق تاماملىدىم، پەرزىمنى ئادا قىلدىم، پەرۋەردىگار-
نىڭ مەرھەمىتىدىن ئۈمىدۋار بولدۇم، ئۆمۈرۈمدە ئەمدى ئارمى-
نىم يوق دەپ ئويلاپ، نەچچە ئون ياش ياشىرىپ كەتكەندەك
تېتىكلىشىپ، ھەرەمدە ئالغان بارلىق قىممەتلىك نەرسىلىرىنى
سومكىسىغا سېلىپ يەنە ئايروپىلانغا چىقتى، سومكا ھېچقانچە
ئېغىر ئەمەس ئىدى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئايروپىلاندا بوۋاي-
دىن بۆلەك ھېچكىم يوق ئىدى، ئىشىك يېپىلدى، ئايروپىلان
كۆتۈرۈلدى، بوۋاينى بىر پەس قورقۇنچ باستى، يۈرىكى پۇلاڭلاپ
كەتتى. بۇ قورقۇنچ بوۋاينى خېلىلا ھالسىرىتىپ قويدى. ئاي-
روپىلاندىكى يالغۇزلۇق ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىۋاتاتتى، يەنە كې-
لىپ، ھەج پەرزىنى تولۇق ئادا قىلالمىدىمۇ قانداق، باشقىلار
ئۇنىڭ چالىسىنى تولۇقلاۋاتامدۇ قانداق، مەن يۇرتقا، ئۆيۈمگە
ئالدىراپ پەرۋەردىگارىم بۇيرۇغان ئىشنى چالا تاشلاپ قويۇپ
ماڭدىمۇ قانداق دېگەن ئەندىشىلىك خىياللاردىن قۇتۇلالمايۋاتات-

تى، شۇنچە ھەشەم ۋە زور ئۇمىد بىلەن قىلغان ھەجىم قوبۇل بولمامدۇ نېمە؟ دېگەن ئويدىن قاتتىق كۆڭۈلسىزلىنىپ، سومـ-كىسىغا ئەلەم بىلەن پات-پات قاراپ قوياتتى. ياق! دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى. ئۇ ھەج پائالىيىتى جەريانىدىكى تە-سىرلىك ئىش-ئىزلىرىنى ئەسلەپ، پەرۋەردىگار بەندىلىرىگە بەكمۇ مېھرىبان، بەندىلىرىنىڭ بىلىپ-بىلمەي ئۆتكۈزۈپ قوي-غان سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرىدۇ، مەن چوڭ گۇناھ قىلمىدىم، تۇنجى قېتىم قىلغان ھەج-تاۋاپ جەريانىدا بەزى سەۋەنلىكتىن ساقلىنىش تەس، پەرۋەردىگار بۇنى بىلىدۇ ھەم ئۇنى كەچۈرۈۋې-تىدۇ! ئايروپىلان يەرگە پەسلىمەي بەلكى ئاسمانغا يەنىمۇ ئۆر-لەپ، بۇلۇت ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرەتتى. بوۋاي سومكىسىنى سى-لاپ قويۇپ، ئائىلىسىدىكىلەرنى ئويلاپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قاندـ-داق كۈتۈۋېلىشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلىپ، كۆزلىرىنى بەختىيارلىق ئىلكىدە يۇمدى، پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا غايىبتىن "ئەي تەقۋادار بەندەم، كۆپ غەم قىلما، ھەج پەرزىڭ تولۇق ئادا بولدى، قىلغان ئەمەلىڭ قوبۇل بولدى، ئاخىرەتلىكىڭمۇ ياخشى بولىدۇ، پۈتۈن ئائىلەڭ ئىككىلا دۇنيادا بالا-قازا ۋە قاتتىق ئازابتىن خالاس بولىدۇ" دەۋاتقاندەك قىلاتتى. بوۋاينىڭ دىلى يەنە يورۇپ كەتتى، ئۇرۇنسىز گۇمان ۋە تەشۋىشتىن قۇ-تۇلدى. "ئى قۇدرەتلىك ئىگەم، مېنى يۇرتقا تىنچ-ئامان يەتكۈز-گىن، ئائىلەمدىكىلەر، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم ۋە يۇرتداشلىرىم بى-لەن تېزرەك كۆرۈشتۈرگىن" دەپ دۇئا قىلدى. ئايروپىلان دەرھال پەسلىدى، يەرگە قوندى. بوۋاي سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئايروپىلاندىن چۈشكەندە كەمپىرى يۇم-يۇم يىغلاپ، ئۇنىڭغا يې-

قىنلاپ كەلدى. بوۋاي ئىككىلەنمەيلا ئۇنى قۇچاقلىۋالدى، چۇن-
كى مۇشۇنداق قىلغاندا، بوۋاي بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ياشاپ،
جاپانى تەڭ تارتىپ ئۆتكەن بولسىمۇ ئىمكانىسىزلىقتىن ھەرەمگە
بارالمىغان بۇ تەقۋادار مەزلۇم قەدىناس ئېرىنىڭ خاسىيىتى
بىلەن گويا ھەرەمگە بارغاندەك بولاتتى، بوۋاينىڭ ئاشۇ مۇقەد-
دەس قاراتاشقا تەگكەن ۋۇجۇدى مومىيىغا تەگسىلا پەرۋەردىگار-
نىڭ رەھمىتى بىلەن مومايغىمۇ ھەج پەرزىنى ئادا قىلغانلىق
شەرىپى بېرىلىشى مۇمكىن ئىدى. بوۋاي بۇ مۇمكىنلىكنىڭ
راست بولۇشىغا چىن دىلىدىن ئىشەنگەچكە مومىينى ئۇزاققىچە
قويۇپ بەرمىدى، ئەمما موماي نېرىدا قاراپ تۇرغان باللىرىدىن
خىجىل بولۇپ، بوۋايغا ئىلتىجالىق تەرزدە تىكىلدى، بوۋاي
ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى، ئارقىدىنلا بوۋاينىڭ باللىرى ھەم
نەۋرىلىرى بوۋاينى ئورۇۋېلىپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىشتى،
ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بوۋاي گويا ھەرەمدىكى قاراتاشقا ئايلانغاندى.
بوۋاي كۆپ ئادەمنىڭ ئارىسىدا قېلىپ ھەم تولا ھاياجانلىنىپ
دېمىنى ئالالماي قالدى. بوۋاينىڭ مەھەللىسىدىكىلەر ۋە ئۇ-
رۇق-تۇغقانلار بىر-بىرلەپ يېتىپ كېلىشىپ بوۋاينىڭ قوللىرىغا
سۆيۈپ ئۇنى مۇبارەكلەشتى. ھەممەيلەن ھويلىغا كىرىشتى.
ھويلىدىكى كەڭ كارىۋاتقا چوڭ داستىخان سېلىندى، نانلار
ئۇشتۇلدى. بوۋاي ئەكەلگەن زەمزەم سۈيى پىيالىلەرگە قويۇل-
دى، خورما خالتىسىنىڭ ئېغىزى ئېچىلدى. ھەممەيلەن خورمى-
غا ۋە زەمزەم سۈيىگە قول ئۇزارتقىلى تۇردى.

—توختاڭلار، ! مەن ئاۋۋال بىر دۇئا قىلىۋېتەي، —دېدى
بوۋاي دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ھاياجان بىلەن، —ئى ئۇلۇغ پەرۋەر-

دىگارىم! مەن سىنىڭ ھىممىتىڭ ۋە ئىلتىپاتىڭ بىلەن پەيغەمبەر-
رىمىزنىڭ يۇرتىنى تاۋاپ قىلىپ كەلدىم، ئەگەر سەن بۇ ئىشقا
نېسىپ قىلمىغان بولساڭ، مەن بۇ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ چوڭ
ئارزۇيۇمغا يېتەلمەيلا، سەن بۇيرۇغان بۇ بۈيۈك پەرزنى ئادا
قىلالمايلا، ئارمان بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن بولاتتىم، ھېلىمۇ
ياخشى ئۆزۈڭنىڭ قۇدرەت كامالىتى بىلەن، ئەللىك يىللىق
ئىبادىتىمنىڭ ئەجرىنى دەپ بولسىمۇ ماڭا شۇ پۇرسەتنى ئاتا
قىلدىڭ ھەم ھەممە ئىشىمنى ئوڭۇشلۇق قىلدىڭ! تەقۋادارلى-
قىمنى يەردە قويمىغان ئى ئۇلۇغ رەببىم! مەن مېنىڭ كۆزقارى-
چۇقۇم بولغان قەدىرلىك ھەمراھىم ۋە ئىنساپلىق ئوغلۇمنىڭ
بەختى-تەلىيى ھەققىدە ساڭا دۇئا قىلىمەن، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى
ئۇزۇن قىلغايسەن، باشقا بالىلىرىم ۋە قوۋم-قېرىنداشلىرىمنىڭ
ئۆمرىنىمۇ ئۇزۇن قىلغايسەن ھەم ئۇلارنى كۈتۈلمىگەن بالا-قازا-
دىن ساقلىغايسەن! يۇرتىمىزنى بالايى-ئاپەتتىن خالاس قىلغاي-
سەن! ئامىن!.

باشقىلارمۇ ئامىن. ئىلاھى ئامىن! دېيىشىپ، ئادەتتىن
تاشقىرى چوڭقۇر ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىشتى. بوۋاي:

— قېنى بالىلىرىم، ئەمدى ھەرەمنىڭ نېمەتلىرىگە ئېغىز
تېگىڭلار! دېدى.

كۆپچىلىك زور قىزىقىش ۋە خۇشاللىق ئىچىدە خورمىنى
قوللىرىغا ئاۋايلاپ ئېلىشىپ، ئېھتىيات بىلەن ئاغزىغا سېلىش-
تى، زەمزەم سۈيىنى ئاز-ئازدىن ئىچىشىپ، گويا مەڭگۈ ئۆل-
مەسلىك دورىسىنى يەۋاتقاندەك، بىر-بىرىگە ئىپتىخارلىق ۋە
رازىمەنلىك بىلەن قارىشىپ، بوۋايغا چەكسىز ھۆرمەتتە بېقىش-

قىنچە ھەرخىل كۆڭۈللۈك پاراڭلارنى قىلىشىپ خۇشال ئولتۇ-رۇشتى. ئارىدا چوڭ ئوغۇل ئاتىسىدىن ھەرەمنىڭ پاراڭلىرىنى قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. بوۋاي ئۇ مۇقەددەس يەردە كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى زوق-شوق بىلەن سۆزلەشكە چۈشتى. بوۋاينىڭ سۆزىدىن ناھايىتى تەسىرلىنىپ كەتكەن كۆپچىلىك گويا ”مىڭ بىر كېچە“ ھېكايىلىرىدىن بىرەرسىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ، گۆ-زەل تەسەۋۋۇرلارغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كېتىشتى. بوۋاي شاھ-لاردەك مەغرۇر ئولتۇراتتى، ئالدىدىكى داستىخاندا نازۇنېمەتلەر تىزىلىپ تۇراتتى، قېرىنداشلار دەرۋەقە ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىد-شىپ، ئۆزلىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىشكەنىدى. بوۋاي ئۆزد-نى يىگىتلىك چاغلىرىدىكى تۇنجى توي كېچىسىدىن بۇيان ئىك-كىنچى قېتىم ئىنتايىن يەڭگىل، بەختلىك ھېس قىلىۋاتاتتى. بوۋاينى ئىلگىرى ھېچكىممۇ بۇ كۈندىكىدەك ھۆرمەتلەپ، ئىز-زەتلەپ باقمىغانىدى، ھەتتا چوڭ ئوغلىنىڭ كۆزى كىچىك، ئاغزى يامان خوتۇنىمۇ شۇتاپتا قۇچىقىدىكى بالىسىنى ئوينىد-تىپ، بالىسىغا ”قارا، قارا، ئاپئاق بالام، ئاۋۇ كىم، بوۋا دە، بوۋا دېگىنە“ دەپ گەپ ئۆگىتىپ تۇراتتى. بوۋىسىغا بەزىدە بويسۇنمايدىغان كەپسىز نەۋرىلەرمۇ بوۋاينىڭ قۇچىقىغا چىقىۋې-لىپ ياكى ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن تالىشىپ، بىر-بىرى بىلەن جېدەللىشىۋاتاتتى. ئۇرۇق-تۇغقانلار ۋە يۇرتداشلار ئالدىراش ئىشلىرىنى قويۇپ، بوۋاينىڭ ئاغزىغا قاراپ، ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي ئولتۇرۇشاتتى، كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. يوقلاپ كەلگەنلەر ئىچىدە ھەتتا بوۋايغا مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامەتچىلىكىنى بەرگىلى ئۇنىمايدىغان

چىقىر كۆز ئىمام، بوۋاينى ئادەتتە يولدا كۆرسىمۇ ئانچە سالام قىلىپ كەتمەيدىغان تەكەببۇر مەھەللە باشلىقى قاتارلىقلار بار ئىدى. بوۋاي ئۇلارنىڭ بىچارە ھالىغا كۇلدى، تەقۋادارلىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى تۆۋەن بولۇشىنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئەزىز ياكى خار بولۇشىدىكى ئاساسلىق ئۆلچەم ئىكەنلىكىنى، ھەقتائالا ئۆز كالامىدا ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئۆلچەمنىڭ بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەندەك بولدى. بوۋاي بۇ مەھەللىنىڭ يەكتاپىرىگە، ھەتتا كىشىلەر چوقۇنۇشقا تاسلا قىلىشۋاتقان ئەۋلىيا ئەزەمگە ئايلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەللىك يىللىق ئىبادەت بوۋاينى بۇ مەھەللىدە ھېچكىم ئېرىشەلمىگەن كاتتا ساۋاب ۋە چوڭ ئابرويغا ئېرىشتۇرۇۋاتاتتى. بوۋاي ئۆزىنى ئەللىك ياش ياشىرىپ كەتكەندەك سەزدى، بۇنى بەلكىم خۇدايىتائالانىڭ ئىلتىپاتى، شۇنداقلا ھەرەمنىڭ خورمىسى ۋە زەمزەم سۈيىنىڭ كارامىتى دەپ ئويلىدى، ئويلىغانسېرى ھاياجانلىرى ئىچىگە سىغماي قالدى، ئەللىك يىللىق ئىبادەت! خۇدا بەرگەن كارامەت! دەپ ئىچ-ئىچىدىن ئىپتىخارلىق بىلەن چۇقان سالدى. كىممۇ ئۆز ئەجرىنىڭ نەتىجىسىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئويلىمىسۇن؟! جاپا ۋە سەۋر-تاقەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ ئاقىۋەتتە كاتتا مۇكاپاتقا مۇشەررەپ بولۇشنى كىممۇ ئارمان قىلمىسۇن! بوۋاي ئارمانىغا ئاخىرى يېتىپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خۇشال جەم بولدى. ئۇ ئەمدى ئەتىلا ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئۇ دۇنياغا بوۋاقتەك پاك كېتىدۇ، يەتمىش نەچچە يىللىق ئۆمرىدە ئۇقماستىن ياكى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆتكۈزۈپ قويغان بارلىق گۇناھلىرىدىن تامامەن خالاس

بولىدۇ، بوۋايغا ئەمدى بۇنىڭدىن چوڭ بەخت-سائادەت نەدە! ھاجىلىق خاسىيىتىگە ئىگە تەقۋادار بەندە بولۇش ئاللانىڭ ئازغى-نە (ئەتىۋارلىق) بەندىلىرىگىلا نېسىپ بولىدىغۇ؟ بوۋاي ھاجى-لىق شەرىپىگە ئېرىشىپ يەلكىسىدىن ئېغىر بىر يۈك ئېلىنىۋېتىل-گەندەك يەڭگىللەپ، شادلىقى تېشىپ، ھەممە قېرىنداشلىرىغا ۋە كۆز ئالدىدىكى مۆجىزاتلىق دۇنياغا سۆيۈنۈش ئىلكىدە بې-قىپ، دۇنيانى پارلاق نۇرغا ۋە ئىسسىقلىققا چۆمدۈرۈۋاتقان قۇياشقا پەرۋەردىگارنىڭ روشەن كارامىتىنى كۆرۈۋاتقاندەك داڭقېتىپ قاراپ، ئالىملاردەك چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ، پەرۋەر-دىگارىغا ھەمدۇسانا ئوقۇپ، ساقاللىرىنى ئەمىنلىك، ئازادىلىك ئىچىدە سىلاپ، ئىزگۈ تۇيغۇلاردىن خۇش كەيپ بولۇپ ئولتۇ-راتتى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇ كۆپچىلىككە يەنە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇشنى لايىق كۆرۈپ، ئاۋازىغا ئاجايىپ سالماق تۈس بېرىپ گېپىنى باشلىدى:

— باللىرىم، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇز-داق قىلماي بەش ۋاق نامازنى تاشلىماي ئوقۇڭلار، ھەقتائالانى ھەرۋاقىت ياد ئېتىڭلار، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ بولسىمۇ ئەل-جامائەتنىڭ نەزەرىگە چېلىقىپ قالىدىغان يامان ئىشلارنى قىل-ماڭلار، مەن پات ئارىدا ھەقتائالانىڭ دەرگاھىغا كېتىدىغاندەك قىلىپ تۇرىمەن، يۈرىكىم بۇنى تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ھەرقايسىڭ-لار مېنىڭ ھايات ۋاقتىمدا ھەقتائالاغا كۆپرەك ئىبادەت قىلىۋې-لىڭلار، ئۇنىڭ بۇيرۇغان ئىشنى كىچىكتۈرمەي ئورۇنداڭلار، يامان ئىش، يامان سۆز-ھەرىكەتلەردىن ئۆزۈڭلارنى تارتىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار مەن ئېرىشكەن كاتتا ساۋابقا سىلەرمۇ چوقۇم

ئېرىشەلەيسىلەر ھەم ئاخىرەتتە بۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈسىلەر. بۇ دۇنيا ئۇدۇنيانىڭ ئېكىنزارىدۇر، نېمە تېرىساڭلار شۇنى ئالىسىلەر!

بوۋاينىڭ سۆزى تۈگىشى ھامان بەش ۋاق نامازغا ھورۇنلۇق قىلىپ كېلىۋاتقانلار ھەم ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تولۇق ئوقۇيالىشىغا كۆزى يەتمەيۋاتقانلارنىڭ كۆزلىرى ھالسىز پارقىراپ، چىرايلىرى تاتىرىپ كەتتى؛ بوۋاي ئۇلارنىڭ تەلەتىگە تەئەججۇپ ئىلكىدە قاراپ ئېغىر خورسىندى، باشلىرى ئىختىيارسىز ساڭگىلاپ كەتتى، نېمىشقا، زادى نېمىشقا موشۇنداق بولىدىغاندۇ دەپ ئويلاپ، تۇرۇپلا سەپرايى ئۆرلەپ كەتتى، بۇدۇنيا تىرىكچىلىكى بۇ دۇنيانىڭ رەپتارىنى ھەرقانچە ئۆزگەرتىۋەتكەن تەقدىردىمۇ ئادەم يەنىلا ئاخىرەتكە قايتىپ قىلمىشلىرىدىن ھېساب بېرىدىغۇ، باشقا بەزى تۈزكور بەندىلەر بۇنىڭغا سەل قارىسىمۇ ھاجىمنىڭ بالىلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بۇنىڭغا سەل قارىماسلىقى كېرەك ئىدىغۇ؛ دەپ ئويلاپ تېخىمۇ جىلە بولدى، ئابايىقى خۇش كەيپىلىرىنى ھەش-پەش دېگۈچە خىرە بىر كۆڭۈلسىزلىك قاپلىدى. . . بوۋاي بۇ كۆڭۈلسىزلىكنىڭ دەھشىتىگە پايلىماي تۇۋلاپ تاشلىدى: ”بەش ۋاق نامازنى زادى ئوقۇمىسىلەر ئوقۇمامسىلەر!“ بوۋاينىڭ قورقۇنچلۇق ئەلپازىغا قاراپ چۆچۈپ كەتكەن چوڭ ئوغۇل: ”ئوقۇيمىز ئاتا، ئوقۇيمىز!“ دېدى، ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك قىلاتتى. بوۋاينىڭ كېلىنى بالىسىنى قۇچاقلاپ، بوۋايغا ئېگىلىپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا: ”ئوقۇيمىز“ دېدى؛ بوۋاي قالغانلارنىڭمۇ بىردەك ”ئوقۇيمىز“دەپ جاراڭلىق تۇۋلاشقىنىنى ئاڭلىدى، سۆيۈندى، كۈلدى، ئۆزىنى گويا مەج-

لىس ئېچىۋاتقان باشلىقتەك ھېس قىلدى. بىراق بوۋاي ئۇلار-
نىڭ ۋەدىسىگە يەنىلا ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتى، ئۇلار بەش ۋاق
نامازنى ئاللاغا چىن دىلىدىن ئەقىدە قىلىپ ئەمەس بەلكى بوۋاي-
نىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن ئوقۇيدىغاندەك، بوۋاي ئۆلۈپ كەت-
كەندىن كېيىن يەنە ئەسلىگە قايتىۋالىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلار
پەقەت قېرىپ، ئۆلۈم كۆزىگە كۆرۈنگىلى تۇرغاندا (بوۋاينىڭ
دىلىدىكى تەقۋادارلىقنى ھەقىقىي چۈشىنەلەيدىغان بەندىگە ئايلان-
غاندا) ئاندىن ھەركۈنلۈك تەكرار-تەكرار ئىبادەتلىرىنى زېرىك-
مەستىن، ئىخلاس بىلەن ئورۇندايدىغان بولىدۇ، ھازىرقى تۇر-
مۇش بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، بۇنى بىلىمەن دەپ ئويلايتتى بو-
ۋاي يەنە بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئۇلارنىڭ دىلىغا خۇدا ئىنساپ
ۋە تەۋپىق بەرمىسە، مېنىڭ مىڭ سۆزلىگىنىم بىكار! ئى،
ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، مەن دەيدىغاننى دەپ كېلىۋاتىمەن، ئىل-
گىرىمۇ دېدىم. ئاڭلىتالمىدىم، ھازىرمۇ دەۋاتىمەن، ئاڭلىتال-
ماسلىقىم مۇمكىن، سەن ئۇلارنى ھەق سۆزنى ئاڭلىيالمايدىغان
گاس-گاچا، ھەق ئىشنى كۆرەلمەيدىغان كور قىلىپ يارىتىپ
قويمىغاندىكىن، ئۇلارنى مۇھەممەت مۇستاپانىڭ ئىززەتلىك
ئۈممەتلىرى قاتارىدا بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغاندىكىن، ئۇلارنى
ئۆزۈڭ ھىدايەت يولىغا باشلىغايسەن! ئۇلارنى قىيامەتتە دەھشەت-
لىك ئازاب تارتىۋاتقان ھالەتتە ماڭا كۆرۈندۈرمىگەيسەن! بىز-
لەرنى ئۇدۇنيا بۇدۇنيا سائادەتمەن بەندە بولۇشقا، ئازابتىن قۇتۇ-
لۇپ بەختكە يېتىشكە نېسىپ قىلغايسەن! بوۋاي كۆكتىكى قۇ-
ياشقا قاراپ كۆپچىلىككە: ”پېشىن ۋاقتى بولۇپقاپتۇ، قوپۇڭلار،
ھازىرلا تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇڭلار!“ دەپ خىتاب قىلدى.

ھەممەيلەن ئورنىدىن قوپۇشۇپ ھەرقاياقلارغا مېڭىشتى. بوۋاي ئورنىدىن قوپۇپ چوگۇننى ئىزدەپ ماڭدى، تاپالماي خېلى ئاۋارە بولدى؛ كەمپىرى چوگۇننى تاپالايتتى، بوۋاي ئۇنى ئىزدەپ ئۆيلەرنى ئاختۇرۇشقا كىردى. قارىسا ئۆزىدىن باشقا ھەممەيلەن ھەر بىر ئۆيدە ئىخلاس بىلەن ناماز ئوقۇۋاتقان؛ بوۋاي بۇلار نېمىدە تەرەت ئالغاندۇ، ئۆزلىرى تەرەت ئېلىپ بولۇپ چوگۇننى نەگە تىقىپ قويغاندۇ دەپ بەك تىت-تىت بولدى، ئۇلاردىن سوراپ باقماقچى بولدى، ئەمما نامىزنى بۇزۇپ قويۇشتىن قورقۇپ قالدى. نامازۋاقتى ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. بوۋاي پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ تۇرالماي قالدى، ھويلىغا يېنىپ چىقتى، چوگۇننى ئىزدەپ ھەممە يەرنى قايتىدىن تەپسىلىي ئاخ-تۇرۇشقا چۈشتى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى گويا دان ئىزدەۋاتقان ئۆلەمجان، ئاچ توخۇغا بەكمۇ ئوخشايتتى. ئۇ چوگۇننى ھويلى-دىن تاپالماي باغقا كىردى، چۈنكى ئۇلار تەرەت ئالسا چوقۇم باغنىڭ مەلۇم بىر بۇلۇڭىدا ئىستىنجا قىلىپ، چوگۇننى ئېسىدە يوق شۇ يەرگە تاشلاپ قويغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بوۋاي باغنىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپ چىقتى، تاپالمىدى. كاللىسى جىددىيلىكتىن قىيىپ كەتتى، ھېلىلا تېخى كۆپچىلىكنى دەر-ھال ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇپ قويۇپ ئۆزى جىن، ئۇۋۇلاپ قالغان بىر يەرلەردە بوۋاقتەك تەمتىلەپ يۈرگىنىدىن، نامازنى ئۇلارغا باشلاپ بەرمىگىنىدىن، قىسقىسى، ھاجى بولغانغا يارىشا ئىش قىلالمىغىنىدىن قاتتىق نومۇس قىلدى، يۈزلىرى تونۇردەك قى-زىرىپ، ھەلقۇمى ئەلەملىك لىپىلداپ، كۆز قارىچۇقلىرى پىل-دىرلاپ كەتتى. ئۇ چوگۇننى تاپالىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ،

ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقنىڭ بويىدىلا (يولدىن ئۆتكەن-كەچكەنگە كۆرۈنمەسلىك شەرتى ئاستىدا) چاققان تەرەت ئېلىشنى ئويلاپ ئېرىق بېشىغا كەلدى. ئەمما ئېرىقنىڭ سۈيى بەكلا مەينەت ئىدى، سۇدىكى سامانلار، پاقىلەشلەر ۋە باشقا خىلمۇخىل ئەب-جەش نەرسىلەر سېسىق پۇراق تارقىتىپ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتاتتى. بوۋاي بۇرنىنى ئېتىپ نېرى كەتتى. پاك تۇپراقتا تەيەممۇم قىلسامۇ بولىدىغۇ دەپ ئويلاپ پاكىز توپا ئىزدەپ ماڭدى، ئەمما نەدىمۇ ئۇنداق توپا بولسۇن، يولدىكى توپىلارغا ساپلا ئېشەك ئېغىناپ قويغان ياكى كالا چىچىپ قويغانىدى، تامنىڭ كەينىدىكى توپىلارنىمۇ بوۋاينىڭ نەۋرىلىرى پوقلاپ بول-غانىدى. بوۋاي ھەر تەرەپكە چېپىپ ھالىدىن كەتتى، تۇرۇپلا يەنە ئاشخانا ئۆيدىكى (تاماق ئېتىدىغان) بىر چېلەك سۇنى ئېسىگە ئالدى، چۆگۈن بولمىسىمۇ چىنە-قاچا بولسىمۇ بولۇۋې-رەتتى. بوۋاي كالىچىنى سۆرەپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ چېلەك-تىن چىنىگە سۇ ئېلىشقا باشلىۋىدى، كۇتۇلمىگەندە سۇدىن بىر چاشقاننىڭ ئۆلۈكى چىقتى، بوۋاي قاتتىق سەسكىنىپ ئۇنى ھويلىغا ئەچىقىپ تاشلىۋەتتى. پاكىز سۇنى نەدىن تاپارمەن دەپ ئاھ ئۇردى، تۇرۇپلا يەنە تۇغدىكى زەمزەم سۈيىنى ئېسىگە ئالدى، بىراق ئۇ ئىچىشكىمۇ ئىنتايىن ئەتىۋارلىق تۇرسا كەلسە كەلمەس ئىسراپ قىلىشقا بولاتتىمۇ؟ بوۋاي ناھايىتى ئۇھساپ كەتكەنىدى، بىراق پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا غايىبتىن، ”ئى بىچارە بەندەم، سەۋر قىل، ئاۋۋال نامىزىڭنى ئوقۇپ بول!“ دەپ خىتاب قىلغاندەكبولدى. بوۋاي قۇرۇپ كەتكەن لېۋىنى يالاپ تۇرۇپ: ”ئى پەرۋەردىگارىم، نەدىنمۇ پاكىز سۇ تاپارمەن، سۇ-

مۇ، تۇپراقمۇ بۇلغىنىپ كەتكەن تۇرسا نېمە بىلەن پاكلىنار-مەن!؟" دەپ نىداقىلدى. بوۋاي ھەرەمنى، ھەرەمنىڭ پاك تۇپرىقى ۋە سۇزۇك، ساپ سۈيىنى قاتتىق سېغىندى، پەرۋەردى-گارىغا يەنە مۇناجات قىلدى: "ئى كەرەملىك ئىگەم، مېنى شۇ مۇقەددەس زېمىنىڭدا ئۆلگۈچە تۇرۇپ قېلىشقا نېسىپ قىلساڭ بولماسمىدى؟! شۇ يەردە بىر كۈن ياشىغىنىم بۇ يەردە بىر يىل ياشىغىنىمدىنمۇ مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەل ئەمەسمىدى؟!" پەرۋەردى-گار ئۇنىڭغا يەنە غايىبتىن: "ئۆزۈڭگە تەۋە زېمىندىن پاكىز سۇ تېپىپ تەرەت ئال، ئۆز تائىپەڭدىكى قوۋم ياسىغان مەسچىتتە ئىبادەت قىل، بۇنىڭ ساۋابىمۇ چوڭ بولىدۇ" دېگەندەك قىلدى. بوۋاينىڭ قەلبى يورۇپ كەتتى، مەھەللىنىڭ ئۈستۈن يېقىدىكى ئۆستەڭگە يۈگۈردى، ئۆيدىكىلەر مەندىن قورقۇپ، تەمتىرەپ، تەرەتسىز لا ناماز ئوقۇپتۇ، مەن ئۆستەڭ بويىدىلا تەرەپ ئېلىپ، مەسچىتكە ئۇدۇللا كېتىۋالاي، ئەسىر، شام، خۇپتەنىنىمۇ شۇ يەردىكى جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇي، ھاجىلىق شەرىپىمنى بىر تونۇتاي دەپ ئويلاپ تېخىمۇ تېز يۈگۈردى، پەقەت ھېرىپ قالمىدى، كالىچىمۇ چۈشۈپ قالمىدى؛ ئۇ ئۆستەڭ بويىغا كەلگەندە بىرمۇنچە كاللار ئۆستەڭگە بويۇنداپ، لاي سۇنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىچىۋاتاتتى، قورسىقى گۇمبەزدەك چىقىپ كەتسىمۇ يەنە تويماي، سۇنى دىۋىدەك سۈمۈرەتتى. كالىغا قاراۋاتقان باللار بولسا كېرەك، ھەممىسى سۇغا چۆمۈلۈپ، بىر-بىرىگە ئالما، جىگدە ئېتىشىپ ئويناۋاتاتتى، خەقنىڭ بېغىدىن ئۆستەڭگە ساڭ-گىلاپ قالغان جىگدە، ئالما شېخى سۇ يۈزىدىكى نۇرغۇن ئەخ-لەت-چاۋارلارنى تۇرۇلدۇرۇپ، قېلىن بىر قەۋەت توسما ھاسىل

قىلغانىدى. بوۋاي بولارنى كۆرۈپ بۇ سۇنىڭمۇ پاكىزلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالدى. ”ئېقىن سۇ، ھېچنېمە بولمايدۇ!“ دېگەن بىر غايىب نىدادىن يەنە ئىلھاملاندى، دېمىسىمۇ بۇ سۇ مەھەللىدە ئەڭ پاكىز سۇ ھېسابلىناتتى، بۇ سۇغىمۇ شەك كەلتۈرۈش جەزمەن ھەقتائالانىڭ تەبىئىي مۆجىزاتىدىن شۈبھىلەنگەنگە ئوخ-شاش يامان ئىش ئىدى؛ بوۋاي ئالدىراپ قالدى، قانداق بولۇشى-دىن قەتئىينەزەر چاققان تەرەت ئېلىپ مەسچىتكە بارمىسا بول-مايتتى. ئۇ بىر ياقتىن پايپاسلاپ، بىرياقتىن غېمىدە يوق سۇ ئۇرۇپ، سۇنى بولغاۋاتقان بالىلارنى قاغاپ، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن چەتلەپ، خىلۋەت بىر يەرگە كەلدى؛ ئۆستەڭ بويىدىكى بىر تۈپ يوغان سۆگەتنى دالدا قىلدى، قوللىرىنى بىسمىللا دەپ سۇغا تىقتى، يولدىن ئۆتكەن خەق كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ئالدىراپ-سالدىراپ ئىستىنجا قىلدى، يۈز-كۆزلىرىنى يۇيدى، ساقاللىرى-نى سىيرىپ نەمدىدى، بېشىغا مەسىھ قىلدى، پۇتىنى يۇيماقچى بولۇپ كالىچىنى سالدى، ئەمما كالىچى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتتى. بوۋاي سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان كا-لىچىغا قاراپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، خەپ دەپ تىزىغا ئۇردى، ئەمدى ئۇ كالاچنى سۇزۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، تولۇق ئېلىنمىغان تەرەتنىڭمۇ ئىناۋەتلىك بولمايدىغانلىقىنى، مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇيالمايدىغانلىقىنى، ئوقۇغان نامىزى-نىڭمۇ مەقبۇل بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ ئىشنى پەرۋەردى-گارنىڭ ئىرادىسىدىن كۆرۈپ ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن ئاغرىنىپ، يەنە تۇرۇپ ئۆزىنىڭ بىخەستەلىكىدىن قاقشاپ، كالىچىنى ئەپ-قاچقان جىن-شەيتانلارنى تىللاپ ئولتۇردى، سەپرايى بارغانچە

ئۆرلىدى، نامازنى ئوقۇيالمىدىمغۇ مانا، ئوقۇمىسامغۇ بولار دەپ ئويلىدى، لېكىن پەرۋەردىگارىدىن قورقۇپ قالدى، پەرۋەردىگا-رى ئۇنىڭ بۇنداق قىيىداشلىرىنى ياقتۇرمايتتى، ئۇنىڭغا ”مەن ساڭا زۇلۇم قىلمىدىم، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ زۇلۇم قىلىۋاتىسەن؛ مەن ساڭا تاللاش ئەركىنلىكى بەردىم، سەن شەيتانلىرىڭنى يې-ڭەلمەيۋاتىسەن“ دەپ تەنبىھ بېرىۋاتاتتى. بوۋاي بايا ئۆزىنىڭ ھاجىلىق شەرىپىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى، سەپرايىغا بەس كې-لەلمەي قالغانلىقىنى ئويلاپ پەرۋەردىگارىدىن ئەپۇ-رەھمەت تىلى-دى؛ مەسە-كالاچلىرىنىڭ ھەممىسىنى سېلىپ تاشلاپ، پۇتىنى دەرھال يۇيدى، ئۇزۇن ئاق تونىنى ئۆستەڭ بويىدىكى چىملىق ئۇستىگە سالدى، يۈزىنى قىبلىگە قارىتىپ نامىزىنى باشلىدى. ئۆستەڭ سۈيى شارشار قىلىپ قىرغاقلارغا ئۇرۇلاتتى، سۇ ئۇل-غىيىۋاتقاندەك قىلاتتى، بوۋاي ئەندىشىگە چۈشتى، سۇ قىرغاق-تىن تېشىپ كەتسىلا ئۇنىڭ مەسە-كالاچلىرىنى ئېقىتىپ كېتەت-تى، ھەرەمدىن ئېلىپ كەلگەن ئاق تونىنى رەسۋا قىلىۋېتەتتى، ھەتتا ئۇنىمۇ لاي سۇغا چۆمدۈرۈۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. بوۋاي نامازنى تېز ئوقۇشقا باشلىدى، ئەمما دىققىتىنى يىغالمىدى، سۇرىدىن ئېزىپ كەتكەنىنىڭ ئۈستىگە قانچە قېتىم رۇكۇ، سەجدە قىلغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى، كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ كەت-تى، شەيتان ئۇنى بىر ياقتىن ئازدۇرۇپ تۇرسا، بىرياقتىن ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىكىنى سىناۋاتقان (ئىككى مۇرىسىدىكى) پە-رىشتىلەر ئۇنىڭغا نامازنى قايتىدىن راۋۇرۇس ئوقۇشقا ئۈندەپ تۇراتتى. بوۋاي نامىزىنى قايتا باشلىدى. سۇ شىددەت بىلەن ئۇلغىيىۋاتاتتى، مەسە-كالاچ خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى. بوۋاي-

نىڭ يۈزى قىبلىگە قاراۋاتقان بولسىمۇ كۆزى مەسە-كاللاچتىن نېرى كەتمەيتتى. ”ئى، رەھمەتلىك پەرۋەردىگارىم، —دەپ دۇئا قىلدى ئۇ نامىزىنى ئوقۇپ بولۇشتىن ئۇمىدىنى ئۈزۈپ، — ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن، بۇ ئەھۋالدا مەن نامىزىمنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدىم، مۇنداق ناھايىتى زۆرۈر ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە نامازنى ۋاقتىنچە توختىتىپ كېيىن قازاسىنى تولۇقلىۋېلىشقا سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىمىز رۇخسەت قىلىپتىكەن، ھازىر مەنمۇ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم، بەندەڭنى ئەپۇ قىلغىن“. بوۋاي دۇئاسىنى تۈگىتىپ تۇرۇشىغا مەسە-كاللىچى سۇدا ئېقىپ كەتتى، بوۋاي ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدى، ”مانا بۇ-پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپى، دەپ ئويلىدى بوۋاي دۇئاسىغا پۇشايمەن قىلىپ، مەسە-كاللىچىمنى نېمىشقا نامازدىن چوڭ بىلگەندىمەن؟! ئەمدى نامىزىمنى قەتئىي داۋاملاشتۇرمىسام پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمەن، ھاجى بولغان ئىكەنمەن پېقىرغا ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئۈستۈنرەك تەلەپ قويۇلۇشى تەبىئىي، تەقۋادارلىقنى ئۆلگۈچە داۋاملاشتۇرۇشۇم كېرەك، يېشىممۇ بىر يەرگە باردى، يەنە نېمىگە تارتىنىمەن؟ يالاڭ ئاياغ يۈرسەم نېمە بولۇپتۇ؟ بۇرۇنقى ۋاقىتلىرىمدىمۇ خېلى بىر مەزگىل يالاڭ ئاياغ يۈرگەنغۇ؟ پاك زېمىندا يالاڭ ئاياغ يۈرۈش گۇناھ ئەمەسقۇ؛ ئاھ، ئۇلۇغ رەببىم، ئازغۇن بەندەڭنى ئەپۇ قىل!“ بوۋاي قايتىدىن چوڭقۇر ئىخلاسقا تولۇپ، راۋۇرۇس تۇرۇپ نامىزىنى باشلىدى؛ سۇ يۈزى بارغانچە كۆتۈرۈلۈپ، بوۋاينىڭ يالىڭاچ پۇتىغا چىقتى، ئاپئاق تون ئاللىقاچان سۇ ئاستىدا قالدى؛ ئۇ شۇ چاغدىلا نېمىشقا بايىلا ئورۇن يۆتكەپ

يىراقراق، خالىيراق بىر يەرگە كېتىۋالمىغىنىنى، كاللىسىنىڭ شۇنچىلىك ئىشقىمۇ ئىشلىمىگىنىنى ئويلاپ، ناماز ئوقۇشتىنمۇ توختاپ، قىرىپ دۈتلىشىپ كېتىپتىمەن دەپ ئۆز-ئۆزىگە قاي-ناپ، ئىچ-ئىچىدىن ئاچچىق ئەلەمگە تولۇپ كەتتى. سۇ پەسلىد-مەكتە يوق بارغانچە ئۆرلەپ بوۋاينىڭ تىزىغا چىقتى؛ بوۋاي نامىزىنى ئىككىنچى رەت بۇزغىنىدىن ئاھ ئۇرۇپ، بۇ گۇناھى ئۈچۈن پەرۋەردىگارىدىن يەنە مەغپىرەت تىلىدى، قىممەتلىك ھەرەم تونىنى سۇدىن سۇزۇپ، چىڭ سىقىپ سۈيىنى چىقىرىۋې-تىپ سۆگەتنىڭ چاتىقىغا ئارتىپ قويدى. قۇياشنىڭ پارلاق نۇرى تونىنى بۆلەكچە يورۇتۇپ، جۇلالاندۇرۇپ تۇراتتى. لېكىن ئۇشتۇمتۇت قاتتىق بوران چىقىپ تونىنى ئۇچۇرۇپ ئۆستەڭگە ئاپىرىپ تاشلىدى، ئارقىدىن تورۇكلاپ مۆلدۈر ياغدى، بوۋاي سۆگەتنىڭ كامىرىغا كىرىۋالدى، سۇدا يېيىلىپ ئېقىپ كېتىۋات-قان تونىغا قاراپ، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەپۇ-رەھمەت قىلىشىدىن گۇمانلىنىپ ھەم ئۇنىڭ ئۆزىگە تېخىچە غەزەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىغاندەك بولۇپ ناھايىتى قورقتى. سۇ سۆگەتنىمۇ ئۆرۈۋەتكۇ-دەك ئەلپازدا يامراپ، دەھشەتلىك يوپۇرۇلۇپ كەلدى، بوۋاي كامىردىن قېچىپ چىقىۋالدى؛ مۆلدۈردىن كېيىن تاراسلاپ يام-غۇر ياغدى ھەم ھەش-پەش دېگۈچە شارقىراپ قۇيۇۋەتتى. بوۋاي تاياق يېگەن ئىتتەك دوڭغاقلاپ، ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى، كې-يىملىرى سۇدىن سۇزۇپ چىققاندەك ھۆل بولدى، بەدىنى سو-غۇقتىن لاغىلداپ تىترىدى. شۇ ئەسنادا ئۆستەڭ سۈيى قىپقىد-زىل رەڭگە كىردى-دە، يولغا پۇتۇنلەي تېشىپ چىقىپ، بوۋاي-نىڭ ئالدى-ئارقا يولىنى تامامەن ئۈزۈۋېتىپ قويدى. بوۋاي كەلگۈن

كەلگەنلىكىنى بايقىدى، مەھەللە تەرەپتىنمۇ قىيا-چىيا ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ”توگىشىپتىمەن، توگىشىپتۇق، — دېدى بوۋاي كاسىلداپ تىترەپ تۇرغان ئېغىزىدىكى سېرىق سولارنى قىيىن-لىپ يۇتۇۋېتىپ، — ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، نېمە قىلغان گۇناھىمىزغا بىزگە بۇ بالا-قازانى بېرىدىغانسەن (مۇشۇلارنى دەۋېتىپ ئۇ يەنە بۇ سۆزىدىن پۇشايمان قىلدى، ئۆزىنىڭ گۇناھى-نى تونۇيالمايۋاتقاندەك، شۇڭا پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا غەزەپ قى-لىۋاتقاندەك بىلىندى)، گۇناھىمىزنى يۇيۇشقا پۇرسەت بەرگەي-سەن، بالا-قازانى ئۇستىمىزدىن كۆتۈرۈۋەتكەيسەن!، ھېچ بول-مىسا پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ مۇقەددەس مەقبەرىلىرىنى تاۋاپ قىل-غىنىمنىڭ ئەجرى ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ دۇئايىمنى ئىجاۋەت قىل-غايسەن، ئامىن!“

بوۋاينىڭ دىلىدىكى قورقۇنچ ئەسلىدە بۇ دۇئادىن كېيىنلا يوقالسا بولاتتى، لېكىن ئۇ كۆز ئالدىدىكى شۇنچە ھەيۋەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق ئاپەتنىڭ ۋەھىمىسىدىن يەنىلا تەمتىرەپ، نېمە قىلارنى بىلمەي تۇرغاندا چۈشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ھەمراھ-لىرى ئۇنىڭ كۆزىدە لىغىرلاپ قالغان ياشنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىن نېمە چۈشلەرنى كۆرگەنلىكىنى سوراشتى. بوۋاي چۈش مۇھتىدىن ئەمدىلا قۇتۇلۇپ رېئاللىققا بۇرۇلۇپ، ئۇخىدا كۆرۈۋاتقان نەرسىلەرنى چۈشىدە كۆرگەن ئىشلارغا بىر-لەشتۈرەلمەي، خېلىغىچە ئېسەنكىرەپ تۇرۇپ قالدى. ھەمراھ-لار بۇ بوۋاينىڭ گاڭگىراپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چۈشى-نى بىلىشكە قىزىقىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇردى. بوۋاي چۈشى بىلەن ئوخشىنى تەستە ئايرىپ، ”خۇداغا شۈكۈر!“ دەپ

ساقلىنى سىيپىدى، ئۆزىگە تەئەججۇپ ئىلكىدە قاراپ تۇرغان ھەمراھلىرىغا ئەجەبلىنىپ قارىدى. ئۇلار ھەيران بولۇپ بىر-بىرىگە قارىشىپلا قالغانىدى، بۇ كۈلكىلىك ھالەت ئۇزاق داۋاملاشمىدى؛ ھەمراھلار بوۋاينىڭ چۈشىنى سورىدى؛ ئۇيقۇدا ياتقان بوۋاينىڭ كاللىسىدا چۈش مەنزىرىسى ناھايىتى ئېنىق ئىدى، ئەمما بوۋاي چۈش مۇھىتىدىن ئايرىلىپلا ئۇلارنى تەپسىلىي ئەسلىيەلمىدى، پەقەتلا شۇ پەرۋەردىگارى ھەققىدىكى ئويلىرى، (بۇ ئوي-خىياللارنى قىلىشقا ئۇنىڭ چۈشىلا سەۋەب بولغان، بولمىسا ئۇ رېئاللىقتا بەزى بىدئەت، كۇپپۇرانە ئوي-خىياللارنى قىلىشقا پېتىنالمايدۇ) ھەرەمدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ”كەچۈرمىش“لىرى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خۇشال جەم بولغانلىقلىرىنىلا يادىغا ئالالىدى. بوۋاينىڭ نىرۋىسى ئاجىز ئىدى، كۆڭۈلسىزلىكنى ئاسان كۆتۈرەلمەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ چۈشىدىكى چۈگۈننى تاپالماسلىقتىن باشلانغان بىر قاتار كۆڭۈلسىز ئىشلار ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ھەمراھلار بوۋاينىڭ چۈشىدە ھەرەمگە بارغانلىقىنى ۋە ئۇ يەردىكى كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ چۈشتىن خەيرلىك بىشارەتلەرنى ئىزدىشىپ، كۆڭۈللىرىنى خۇش ئېتىشتى. ئەمما رېئاللىق رەھىمسىز ئىدى، ئالدامچى پۇلنى ئېلىپ، نەپسانىيەت كوچىسىدىكى ھەددى-ھېسابسىز ئادەملەرگە قېتىلىپ كەتكەنىدى، ئۇلارنى ئاسان تاپقىلى بولمايتتى. ھەمراھلار ئاخىر ئالدانغانلىقىنى تەن ئېلىشتى، مۇسۇلمانچىلىقنى دەستەك قىلىپ، يات بىر شەھەردە ئۆزلىرىنى ئوڭدا قويغان ئىنساپسىز قېرىندىشىنى ئەڭ ئەشەددىي تىللار بىلەن تىللاشتى، قارغاشتى، ئۇلار ياتقان ياتاقنىڭ ئىگىلىرى، ئۇلار تاماق يېگەن ئاشخانىنىڭ

خوجايىنلىرىمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ (ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىپ
ھەم كۆڭلىنى ئاياپ) ئۇ ئىنساپسىز ئالدامچىنى تىللىشىپ بەر-
دى، ھۆكۈمەتكە، قانۇنغا ئەرز قىلىڭلار، يا بولمىسا بىرىڭلار
بىر مەزگىل تۇرۇپ ئىزدەپ بېقىڭلار دەپ تەكلىپ بېرىشتى.
بىراق ئۇلار بۇ شەھەرنىڭ ھەيۋەتتىدىن ۋە ناتونۇشلۇقىدىن تەمتى-
رەپ، تىل ئۇقۇشماسلىقتىن ئەنسىرەپ تۇرغاندا نەدىكى ھۆكۈ-
مەتكە، نەدىكى قانۇنغا بېرىپ ئەرز قىلالىسۇن؟ ئۇلار تىل ئۇقمى-
دىغان ھەم بۇ شەھەرنىڭ ئوي-چوڭقۇرنى بىلمىدىغان بىرەرسىنى
تاپماقچى بولۇشتى، ئىزدەپ سوراپ تاپتى، بىراق ئۇنىڭدىن ”بۇ
ئىشنى ئاقتۇرغىلى بولمايدۇ، ئالدامچىنىڭ بۇ يەردە نوپۇسى
يوق، مۇقىم خىزمىتى يوق، مۇقىم تۇرىدىغان جايى يوق، يەنە
كېلىپ ئۇنىڭ ئېنىق سالاھىيىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ، رەسىمى-
مۇ يوق، شۇڭا تاپقىلى بولمايدۇ، ساقچىلارمۇ ئامال قىلالماي-
دۇ، بۇ ئىشتا ئۆزۈڭلار بەك كەتكۈزۈپ قويۇپسىلەر“ دېگەن
قايىل قىلارلىق جاۋابنى ئاڭلاپ جىم بولۇپ قېلىشتى. بوۋاي
ھەمراھلىرىنىڭ ئالدامچىنى تىپىش ھەلەكچىلىكىدە يۈرگىنىگە
ئانچە كۆڭۈل بۆلمەي، كۆڭۈل كۆزىدە دائىم ھېلىقى خەيرلىك
چۈش مەنزىرىلىرىنى كۆرۈپ، خۇش كەيپ بولۇپ، ھەتتا ئالا-
نىڭ مەرھەمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، نامازنى ياتىقىدىلا ئوقۇپ،
سىرتقىمۇ چىق چىقماي يۈردى. ھەمراھلارمۇ بوۋاينىڭ بەكلا
ياشىنىپ، ئاغىرىقچان بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۆزاققا مېڭىپ با-
رالمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى ئۇ ئىشلارغا سۆرەشتۇرۇپ
يۈرمىدى.

بوۋاينىڭ ھەمراھلىرى بوۋاينىڭ بۇ غايەت زور ئۈمۈشسىز-

لىقنى ئوڭاي ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئاقمايۋاتقان ئىشلىرىنى بوۋايدىن يوشۇراتتى؛ ئۇلار ياتاققا ھەر قېتىم ھېرىپ-ئېچىپ كەلگەندە بوۋاي ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئۇمىدلىك تەلمۈرەتتى "قانداق بولدى، پاسپورتنى قولىمىزغا قاچانراق ئالغۇدەكمىز، بۇ يەردىن پاتراق كېتىۋالساق بولاتتى" دەيتتى. پەقەت ئۇمىد قالمىغاندا ئاندىن ئۇلار بوۋايغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتتى، بوۋاي ئىشەنمىدى، "سىلەر مېنى ئالداۋاتىسىلەر" دېدى.

ئۇلارنىڭ زەردىسى قايناپ كەتتى:

—بىز قانداقسىگە سىلىنى ئالدايمىز قارىكا، بىزنى ئالدامچى ئالدىدى، ئۇقتۇلىمۇ، بىر ئالدامچى! ئۇ ئوغرىنى تاپالمىدۇق، ئۇمىدنى ئۈزدۇق، ئۇ كاپىر بەدبەختنى خۇدا ئۇرغاي! بىز يۇرتقا قايتىلى دەۋاتىمىز، خۇدا نېسىپ قىلسا ئۇنچىلىك پۇلنى يەنە تاپالايمىز، ھەرەمگىمۇ بارالايمىز؛ بىراق پاسپورتىمىزمۇ يوقالدى، ھەممىدىن يامىنى شۇ بولدى، شۇڭا قايتساق ھەممىمىزلا قايتماي، بىرەرسىمىز بۇ يەردە قېلىپ ئۇ ئوغرىنى داۋاملىق سۈرۈشتۈرەيلى. ھېچ بولمىسا شۇ كېتىشكىمىز بولسىمۇ بىر كىملەرنىڭ قولىدىن چىقىپ قالىدۇ، ئۇ ئوغرى ئۇنى بىر نېمە قىلىۋەتمىگەن بولسىلا چوقۇم بىر يەردىن تېپىلىپ قالىدۇ.

كىمنىڭ قالىدىغانلىقى ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىشتى، ئىككى دېھقان قايتىشتا چىڭ تۇردى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىپ كەتتى، يانچۇقىمىزدا ھازىر ھېچنېمە قالمىدى دەپ باھانە كۆرسىتىشتى. ئۈچ ھۈنەرۋەنمۇ قولىمىزدا ئىش بار ئىدى، قايتمىساق بولمايتتى دېيىشتى، تۆت سودىگەردىن ئۈچى بىزنىڭ ئىشىمىزمۇ جىددىي ئىدى، بۇ يەردە بىكار يېتىۋېرىمىزمۇ،

قايتىپ بېرىپ ئوقەتىنىڭ بېشىنى تۇتمايمىزمۇ دېيىشتى. پەقەت قالغان بىر سودىگەرلا بۇ شەھەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ مال ئالغاچ، ئۇ ئالدامچىنى ئىزدەپ بېقىش قارارىغا كەلدى؛ قالغان سەككىزەيلەن ئۇنىڭغا ئىككى يۈز يۈەندىن ياردەم پۇلى بەردى؛ بوۋاينى ئۆزلىرى بىلەن بىللە كېتىشكە كۆندۈرەلمەي ئاخىر ئۆزلىرى كېتىپ قېلىشتى.

بوۋاي بىر ياقتىن قاتتىق قايغۇرۇپ بىر ياقتىن يەنە پەرۋەردىگارىغا چوڭ ئۈمىد باغلاپ، ھەركۈنلۈك نامىزىدا ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ، ئۆتكەنكى چۈشىنى سېغىنىپ، ئۇنىسىز ياش تۆكەتتى، پەرۋەردىگارىدىن ئۆزىگە ئاسانلىق تىلەيتتى، يىلىناتتى، يىغلايتتى؛ سودىگەرنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ ئىچى ئاغرىيتتى، تەسەللى بېرەتتى. ئارىدىن يەنە بىرقانچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بوۋاينىڭ يېنى قۇرۇقدىلىپلا قالدى، ئاق كۆڭۈل سودىگەر ئۇنىڭغا يۇرتداشلىقىنىڭ ھەم مۇسۇلمانچىلىقىنىڭ يۈزىنى قىلىپ ياردەم بېرىپ تۇردى، بوۋاينى ياتاق بېقىشقا (ياتاقتا ئۇنىڭ بۇ شەھەردىن توپ ئالغان ماللىرى بار ئىدى) قالدۇرۇپ قويۇپ ئۆزى كوچا ئايلىنىپ يۈردى.

بىر كۈنى كەچتە سودىگەر ياتاققا قايتىپ كېلىپ بوۋاينىڭ نامازمۇ ئوقۇماي ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، شۇ تاپتا شام ۋاقتى بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

—قارىكا، نېمە بوللا، مىجەزلىرى يوقمۇ نېمە؟—دېدى سودىگەر بوۋاينىڭ تامدەك تاتىرىپ، ھەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ.

—بېشىم قېيىپلا تۇرىدۇ، دېدى بوۋاي. ئۇنىڭ زەئىپ زۇ-

ۋانى سودىگەرگە ئارانلا ئاڭلاندى.

— دورا ئىچەملا، مەندە باش ئاغرىقنىڭ دورىسى بار.

— دورا ئىچمەي ئازراق قايناقسۇ ئىچەي، ئۇھ، كۆڭلۈم بىرقىسىملا تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ پۇلىمىز، كېنىشكىمىز يۇتۇپ كەتتىما، ئۇنى ئوغرىغا بەرگەن بولدۇقما؟

— شۇنداق بولدى قارىكا، قاراپ تۇرۇپ ئالداندۇق، يۈز مىڭ سوم دېسىلە تېخى، ئۇنچىلىك پۇلنى نەچچە ئون يىل ئىشلەپمۇ تاپالمايمىز، ئاتا-بوۋىمىزدىن قالغان ئالتۇن-كۈمۈش يوق دېسىلە بىزدە.

— ئەمدى ھەرەمگە بارالمايدىغان بولدۇقما؟ ھەج تاۋاپ قىلالمايلا كېتىپ قالىمىزما؟ — بوۋاينىڭ ئاۋازى خىرقىراپ قالدى، ئاچچىق ئەلەمدىن ئۇنىڭ بوغۇزى قورۇلۇپ، قىسىلىپ قالغانىدى، ئاغرىق ئاۋۋال ئۇنىڭ يۈرىكىدىن باشلىنىپ كانىيىغا كېلىپ توختىغانىدى. ئۇنىڭ ”كېتىپ قالىمىزما“ دېگەن سۆزىدە بۇ شەھەردىن يۇرتقا قايتىپ كېتىش ھەم بۇدۇنيادىن ئۇ دۇنياغا كېتىپ قېلىش مەنىسى تەڭلا ئىپادىلەنگەنىدى.

— خۇدايىم نېسىپ قىلمىغان ئىشقا بۇنچىلىك ئاھ ئۇرۇپ نېمە قىلىلا قارىكا، — دېدى سودىگەر بوۋاينىڭ ھېلىلا جان بېرىدىغاندەك بىچارە قىياپىتىگە قاراپ، — ئۆزلىرىدەك تەقۋادار ئادەم ھەج قىلمىسىمۇ، بىر ئۆمۈر قىلغان شۇ ئىبادىتى بىلەنمۇ كاتتا ساۋابقا ئېرىشەلەيدۇ، بۇنچە قايغۇرۇپ كەتسىلە بولمايدۇ، بۇ كېلىشمەسلىكنى ئىچىلىرىگە بەك ئېلىپ كەتسىلە كېسەللىرىنى كۆپەيتىۋالىلا، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزلىرىنى كۆپرەك ئاسرىسىلا.

— خۇدايىم نېمىشقا نېسىپ قىلمىغۇدەك، زادى نېمىشقا، — دېدى بوۋاي بەزگەك ئادەمدەك تىترەپ، — خۇدا مېنىڭ شۇ ئۇلۇغ نىيىتىمنى بىلگەندىكىن، مېنى ھەرەمگە بېرىشقا نېسىپ قىلسا بولمامدۇ ئەلۋەتتە! ؟ بوۋاينىڭ قەلب دېڭىزى دەھشەتلىك دولقۇنلايتتى، ئۇ دېڭىزنىڭ ئۈستىنى قويۇق قارا بۇلۇت قاپلىۋالغانىدى. بوۋاي شۇ دېڭىزدا جېنى قالمىغان ئادەمبېلىقتەك چايقىلىپ، گاھىدا شىددەتلىك سوقۇلغان دولقۇنلاردا موللاق ئېتىپ، گاھىدا ئۆلۈك بېلىقتەك لەيلەپ قېلىپ، قارا بۇلۇتتىن چۇشۇۋاتقان يامغۇرنىڭ زەربىسىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالالماي، پەلەكنىڭ سېھرىدىن قۇتۇلالماي، ھېچ ھالى قالمىغانىدى. ”مەن زادى نېمە گۇناھ قىلدىم؟“ دەپ سوئال قوياتتى، ئۇ ئۆزىگە ھەم پەرۋەردىگارىغا، لېكىن ئۇ بۇ سوئالدىن ئۆزىمۇ تەمتىرەيتتى ھەم مۇشۇ سوئال ئارقىلىق پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن قورقاتتى. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا غايىبتىن ”قىلمىشلىرىڭنى ئەخىرەتتە ئېيتىپ بېرىمەن“ دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ قىلمىشلار ئىچىدە گۇناھلىق ئىشنىڭ ساۋابلىق ئىشلاردىن كۆپ ئىكەنلىكى شۇ سۆزدىن ئايان بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن بوۋاي ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر قىلغان تەقۋادارلىقى ۋە ساۋابلىق ئىشلىرىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، پەرۋەردىگار مېنىڭ، قىلمىشلىرىم ۋە ساۋابلىق ئىشلىرىم ئۈستىدىن ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ، نىيەتلىرىمنى بىلىپ تۇرىدۇ، تىلىكىمگە يەتكۈزىدۇ، مېنى بۇ دۇنيا ھەم ئۇ دۇنيادا رەسۋا قىلمايدۇ دەپ ئويلاتتى؛ ئىككىلا دۇنيادا ساۋاب ۋە سائادەت تېپىش ئۈچۈن قىلغان ئەجرى، تۆلىگەن بەدەللىرىنىڭ ھەرگىز بىكار كەتمەيدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنەتتى. شۇ

سەۋەبتىن ئۇ بۇ قېتىمقى ھەج سەپىرىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتى بىلەن ئۇڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىغا بەكلا ئىشەنگەن ۋە بۇ مۇقەددەس ئىشقا مۇشەررەپ بولۇشنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئۆزىگە بەرمەكچى بولغان مۇكاپاتىنىڭ ئەۋۋىلى (ئاخىرەتتىكىسى كېيىنكىسى) دەپ چۈشەنگەنىدى، شۇڭا، ئاقىۋەت بۇ ئىش سۇغا چىلاشقاندا ئىسنى يوقىتىپ، گاڭگىراپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىدىن گۇمانسىراپ، بۇ گۇمانىنىڭ ئاخىر بېرىپ ئۆزىنىڭ ئىمانىنى يوقىتىۋاتقانلىقىنى سەزمەي يۈرەتتى.

بوۋاينىڭ قاراڭغۇلۇشۇۋاتقان روھىي دۇنياسى ئىمانسىز ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدىكى چالا مۇسۇلمانىنىڭ ئاخىرەتتىكى ئازابىنى قايتىدىن ئويلاپ قورقۇپ كەتكەن چاغدىكى خىرە، تۇمانلىق روھىي دۇنياسىغا ئوخشاپ كېتەتتى. بوۋاينىڭ ئېتىقادى گويا نەچچە ئون يىللاردىن بېرى سارغايماي، ياپيېشىل تۇرغان خىسلەتلىك ئۈجمە يوپۇرمىقى بولسا، ئۇ مۇناپىقانە ئوي خىياللار خۇددى پىلە قۇرتىدەك ئولىشىپ كېلىپ ئۇ يوپۇرماقنى يەۋاتقاندەك قىلاتتى، بۇ ئىش تەبىئەتتىكى باشقا ئادەتتىكى ھادىسلەردەك ناھايىتى تەبىئىي ھالدا داۋاملىشىۋاتاتتى.

شۇنداق قىلىپ بوۋاينىڭ ئېتىقاد قەلئەسى قايسىبىر دۈشمەن ئاتقان توپ ئوقىنىڭ زەربىسىدە ۋەيران بولۇشقا يۈز تۇتتى، يەنە كېلىپ ئۇ قەلئە بەكلا كونىراپ كەتكەنىدى، ئۇنداق ئۇششۇمتۇت زەربىگە تېخىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئېتىقادى يىمىرىلىۋاتقان ئادەمنىڭ روھىي يۆلەنچۈكى توساتتىن يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلسە ئۇ ئادەم باشقىچە ئېتىقاد يولىنى تاپالىشى ياكى مەلۇم بىر ئېتىقادنى تاللىۋېلىشى مۇمكىن؛ بىراق، بىچارە

بوۋاي نەدىنمۇ يېڭى ئېتىقاد تاپالىسۇن، بىر ئۆمۈر قىلغان ئەقىدە-ئەمەللىرىنىڭ خاسىيىتىدىن قانداق ۋاز كېچەلىسۇن، ئۇ ھەتتا باشقىچە ئېتىقاد بولۇش ھەققىدە ئويلىنىشقا جۈرئەت قىلالمىسا ھەم بالىلاردەك غەيرىي خىيال سۈرۈشكىمۇ قادىر بولالمايدىغان تۇرسا، ئۇنىڭ روھىدىكى زۇلمەتنى يورۇتقۇدەك ئىزگۈ ئېتىقاد بولۇت يېرىپ چىققان قۇياشتەك تويۇقسىز پەيدا بولۇپ قالارمىكىن؟ ئۇ قۇياشنى بۇلۇت توسۇۋالغان بىلەن ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بوۋاي بىلىدۇ-دە، بوۋاي ھەرقانچە خىيال سۈرگەن بىلەنمۇ ئاشۇ قۇياش كەبى ئىزگۈ ئېتىقادىدىن بۆلەك ئېتىقادنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ ھەم شۇ قۇياشنىڭ قايتا پارلاپ چىقىشىدىن بۆلەك ھېچنېمىنى ئارزۇ قىلالمايدۇ. بىراق ئۇ قۇياشنى شۇ تاپتا قارا بۇلۇت توسۇۋالغانىدى، بوۋاينىڭ روھىي دۇنياسىنى قاراڭغۇلۇق باسقانىدى، بۇ ۋاقىتلىق ئىدى، ئەمما شۇ ۋاقىت ئىچىدە بوۋاي ئۆزىنىڭ شۇ تۇمانلىق روھىي دۇنياسىدا بىر مەزگىل تەمتىرەشكە، قايمۇقۇشقا، قايمۇققانسېرى تېخىمۇ تەمتىرەشكە مەجبۇر بولاتتى، تاشقى مۇھىت ئۇنىڭ ئېتىقاد دۇنياسىغا ئەجەللىك زەربە بېرىۋەرسە بوۋاي ئاخىر ھالىدىن كېتىپ، ھەق يولىدىن ئادىشىپ، ئاداشقىنىنى تۇيماستىن ھەممىدىن گۇمانلىنىپ، ھەتتا ھاياتىدىن ھەم ئاخىرەتلىك تەقدىرىنىڭ ياخشى بولۇشىدىن ئۈمىدسىزلىنىشى مۇمكىن ئىدى. بوۋاينىڭ ئاددىي كاللىسى ئەللىك يىللىق ئىبادەتتىن قاتماللىشىپ، گويا مەسچىتنىڭ مۇناردەك مۇستەھكەم بولۇپ كەتكەن ھەم خىلمۇخىل بوران-چاپقۇنلاردىن ئۆتۈپ، مەزمۇت تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ ئاخىرقى بىر دەھشەتلىك زەربىگە پايلىماي

قالغانىدى؛ دېمىسىمۇ بۇ زەربە ئادەتتىكى زەربە ئەمەس ئىدى، ئاخىرقى مۇقەددەس پەرزىنى ئادا قىلىۋېلىشقا ئىزچىل ئۈمىد- ئىشەنچ قىلىپ كەلگەن بوۋاينىڭ ئۇشبۇ ھېسسىياتى ئۇنىڭ ئېتىد- قادى ۋە ئەقىدە-ئەمەللىرى بىلەن تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ھەم كۈچىيىپ كەلگەنىدى، كۈچىيىپ كەتكەن ئارزۇ دەل شۇ تۇيۇقسىز تەگكەن رېئال زەربىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. بوۋاينىڭ ئاددىي كاللىسى ھەقىقەتەن كونىراپ كەتكەن مۇنارغا ئوخشايتتى، بۇ مۇنار ئەسلىدىمۇ بەك ئاددىي ئىدى، ئۇلى مۇس- تەھكەم بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە ئەللىك يىلدىن بېرى قىلچە يېڭى- لانمىغانىدى. ئاددىي كاللىنى بىرلا نەرسە بىردەمدىلا يېقىلاپ، ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. بەزى ساددا قىزلار ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ خۇدنى تاپالماي قالغاندەك بەزى نادان بوۋايلارمۇ بالىلارچە ساد- دىلىشىپ، ئەسلى خىسلىتىدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ، ئەسلى خىسلىتىدىن يىراقلىشىۋاتقان بۇ بىچارە بوۋاينىڭ ئۆز ئېتىقادىد- دىن يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ، بىراق بوۋاي يەنىلا ئۆزىنىڭ تۇمانلىق روھىي دۇنياسىدا تېڭىرقاپ يۈرىدۇ.

سودىگەر بۇ بىچارە بوۋاينىڭ ھەقىقىي بىچارە ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدىكى سەۋەبنى پۇلغا باغلاپلا چۈشىنەتتى، بوۋاينىڭ شۇ ئاددىي كاللىسىنىڭ بىردىنلا مۇرەككەپلىشىپ كەتكەنلىكىدىن ھەم شۇ كاللىدا يۈز بېرىۋاتقان روھىي ئىختىلاپتىن خەۋەرسىز ئىدى، سودىگەرنىڭ كاللىسىمۇ ئاددىي بولغان بىلەن لېكىن ئۇنىڭ كاللىسى ھەرھالدا ئوچۇق ئىدى، چۈنكى ئۇ خېلى جاھان كۆرگەنىدى، كاللىسىنى ئېتىقاد دېگەن نەرسىدىن كۆرە پۇل دېگەن نەرسە بەكرەك ئىگىلەپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ماددىي

دۇنياسىدا پۇل كىرىزىسى يۈز بەرسىمۇ روھىي دۇنياسىدا ئېتىقاد كىرىزىسىنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئېتىقاد ئوبيېكتى ئەمەلىيەتتە پۇل ئىدى، بۇ ئېتىقاد بۇ دۇنيادىكى ھەددى ھېسابسىز ئادەمنىڭ دىلىغا بارغان-سېرى چوڭقۇر ئورنىشىۋاتاتتى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئادەم-لەر قۇياشنى چوڭ بىلگەچكە ئۇنىڭغا چوقۇناتتى، ھازىرقى زامان-دىكى ئادەملەر پۇلنى چوڭ بىلىدىغان ھەم ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بولۇپ كەتتى، ئېتىقاد پەقەت ئۆلۈم بىلەن باغلىنىشلىق ئابستى-راكت نەرسە، كىشى قاچان موھتاج بولسا شۇ چاغدا خالىغىنىچە تاپالايدىغان بىرخىل روھىي ئوزۇق بولۇپ قالدى. دىنىي ئېتىد-قادنىڭ ئادەملەرگە گويا پۇلغا ئوخشاشلا خىزمەت قىلىشىۋاتقىنىد-نى، ئالدىنقىسىنىڭ ئۇ دۇنيالىق، كېيىنكىسىنىڭ بۇ دۇنيالىق مەنپەئەت ۋە بەخت-سائادەت ئۇچۇن ئىكەنلىكىنى بىچارە ئادەملەر بىلمەي قالاتتى!

ئەتىسى سەھەردە سودىگەر بوۋاينى ئويغاتتى، بوۋاي جىمىد-دە ياتاتتى، سودىگەر ئۇنى ئۆلۈپ قالدىمۇ نېمە، دەپ تۇيۇقسىز قورقۇپ كەتتى، تىنىقىنى تىڭشاپ باقتى، ئۇنداق ئالامەت يوق ئىدى؛ سودىگەر خاتىرجەم بولۇپ، تەرەت ئېلىپ، بامدات نامى-زىنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇۋەردى. بوۋاي بوۋاق بالىدەك يېنىك پۇشۇلداپ تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، كۈن ئۇپۇقتىن قىزىرىپ چىقد-ۋاتاتتى. سودىگەر نامىزىنى ھاپىلا-شاپىلا ئوقۇپ تۈگەتتى ھەم بىر ۋاق نامىزىنى قازا قىلغان بۇ بوۋاينىڭ تەقۋادارلىقىنى ئۆز تەقۋادارلىقىدىن تۆۋەن ھېس قىلىپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى، ھەتتا گويا ھەرەمگە بېرىپ ناماز ئوقۇپ كەلگەندەك كاتتا بىر

تۇيغۇغا چۈمدى، ھۇزۇرلىنىپ ناشتا قىلىۋېتىپ شۇ كۇندىكى ئىش توغرۇلۇق پىلان سوقتى. بوۋاي يەنە چۈش كۆرۈۋاتسا كېرەك، ئورنىدىن قوپماي ياتاتتى. سودىگەر بوۋاينى يەنە يالغۇز قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

بوۋاي ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم بىر ۋاق نامازنى قازا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىسىمۇ ئەمما بۇ ئەمەلىيەت ئىدى، ئەمەلىيەتنى نېرۋىسى نورمال ئادەم نورمال ھېس قىلالايدۇ-دە! ئۇ ھەرەم سەپىرىگە چىقىشقا تەييارلىنىپ يۈرگەن مەزگىلدە بۇ كۈندىكى نامازنى ھەرەمدە ئوقۇيمەن دەپ خىيال قىلغانىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولماي قالدى. كاللىسى مۈرەككەپ ئادەم رېئاللىقنىڭ مۈرەككەپلىكىنى توغرا چۈشىنەلەيدۇ، لېكىن كاللىسى ئاددىي ئادەم مۈرەككەپ رېئاللىقنى ئاسان قوبۇل قىلالمايدۇ ياكى ئۇ رېئاللىققا بىخۇدلارچە سەل قارايدۇ.

بوۋاي ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئېتىقادىغا يەنىلا تارتىنىپ تۇرغاچقا بىر ۋاق نامىزىنى قاراپ تۇرۇپ قازا قىلىۋەتكىنىگە بىر ھازاغىچە ئۆكۈندى. ئەمما ئەمدى ھەقىقىي نامازخان بولالىشىغا ئۆزى چىن كۆڭلىدىن تازا ئىشەنچ قىلالماي تۇراتتى، بۇنداق غەيرىي بىر ھالغا چۈشۈپ قالغان ئادەم نامازنى بۇرۇنقىدەك ئىخلاس بىلەن ئوقۇيالايتتىمۇ؟ ئۇخلاۋاتقان بوۋاينى ئۆزۈنغا سوزۇلغان چۈش ۋە ھەر تۈرلۈك ھەسرەتلىك خىياللار ئېزىۋەتكەن ھەم مەست قىلىۋەتكەن بولۇپ، ئۇ راستلا مەست ئادەمدەك قوپماي ياتاتتى، ئۆرە تۇرسىمۇ دەلدەڭشىپ كېتەتتى، ”ئۇ“نى ھېچكىم يۆلىۋالمايتتى.. بوۋاي شۇ ھالدا بۇنداق بەدبەشىرە، بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغىنىغا ھەيران قېلىپ ھەم ئېچىنىپ،

مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نامازنى قازا قىلماسلىققا قەسەم قىلدى.

بوۋاي پېشىن نامىزىنى سودىگەر بىلەن بىللە ئوقۇدى، ئۇنىڭ تامىنىڭ ئۇلىدىن چۈشكەن توپىدەك بوشاپ كەتكەن ئېتىقادى كۆن نۇرىدا قاتقان سېغىز لايدەك قايتىدىن چىڭىشقا باشلىدى، بوۋاي نامىزىنى تۈگىتىپلا ئېغىر روھىي بېسىمدىن قۇتۇلغاندەك بولدى، دېمەك، ئېتىقادلىق ئادەم شۇ ئېتىقاد قوينىدىلا ئۆزىنى ئەركىن-ئازادە ھېس قىلىدۇ، ئەخلاقلىق ئادەممۇ شۇ ئەخلاق دائىرىسىدە ئازادە، غەمسىز ياشىيالايدۇ. شۇڭا دىن، ئەخلاق، سىياسىي، قانۇنى، ئۆرپ-ئادەت، جامائەت پىكرى قاتارلىقلارنىڭ قۇدرىتى ھەممە (ئەركىن) ئادەمگە كۆن بىلەن ئايدەك روشەندۇر. خۇشاللىق ۋە ئازاب ئادەمنىڭ شۇ كۆڭۈكۈشچان روھىغا تېڭىلىدۇ. كۆنۈپ قېلىش ئادەمنىڭ ئەڭ زور ئاجىزلىقى ھەم ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى، تەبىئىي ئالاھىدىلىك دېگەن ئەنە شۇ، ماھىيەت دېگەن ئەنە شۇ! بوۋاينىڭ ھەسرىتى كونىراپ، سېغىنسېرى بوۋاي ئۇنىڭ بەدبۇي پۇرىقىغا چىدىيالماي قالدى، تەبىئىي تۇردە شادلىق، خۇرسەنلىك ئىزدىدى ھەم ئۇنىڭغا يېڭى، ساپ ھاۋاغا موھتاج بولغاندەك موھتاج بولدى. سودىگەرمۇ ئۇنىڭ نامازدىن كېينلا روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چۈشتىن كېيىن سىرتقا چىقىپ كوچا ئايلىنىپ كېلىش تەكلىپىنى بەردى، بوۋاي چۈشتىن كېيىن چىقسا نامازنى قازا قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى، ئەتە چۈشتىن بۇرۇن چىقسا مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، سودىگەر ئۆز تەقۋادارلىقىنىڭ يەنىلا بوۋايغا يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى،

بىراق بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق دەپ ئويلىدى، چۈنكى تەقۋادار-
لىق ئۇنىڭ نەزىرىدە بەكلا تۇتۇق، ھەتتا كۆرگىلى بولمايدىغان
نەرسە ئىدى، چۈنكى كۆز ئالدىدىكى رەڭگارەڭ مەۋجۇتلۇق ئۇ-
نىڭ كۆزىنى تەدرىجىي پەردىلەپ قويىدۇ، شۇ رەڭگارەڭ مەۋجۇت-
لۇقنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ھەتتا كۆزنى تامامەن كاردىن
چىقىرىدىغان كۈچلۈك نۇرى دائىم ئىمان نۇرىدىن نەچچە ھەسسە
كۈچلۈك كېلىدۇ، بۇ—قۇتۇلغۇسىز رېئاللىق. مانا شۇ رەھىم-
سىز رېئاللىق شۇنچە تەقۋادار بوۋاينى مەست ئادەمدەك دەلدەڭ-
شىتىپ، ئىمانىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ھەتتا شۇ بىر دىنبىر ئىمان-
نى يوقىتىشقا تاس قويغان يەردە، سودىگەرنىڭ ئون مىڭ يۈەنگە
بەر دېسە بېرىۋېتىدىغان تايىنى يوق، ساداقەتسىز ئىمانىنى ئاباي-
لا سۇسلاشتۇرۇپ، ھەتتا ۋاقتى كەلگەندە يوقلا قىلىۋېتىدۇ،
سودىگەر بۇنى تۇيمايلا قالىدۇ، تۇيسىمۇ بويىنىغا ئالمايدۇ، ئىما-
نىم كۈچلۈك دەپلا ئويلايدۇ.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن سودىگەر بوۋاينى باشلاپ كوچا
ئايلاندى، بوۋاي بەزىدە ھەممە نەرسىگە كىچىك بالىدەك قىزىق-
سىنىپ قارايتتى، بەزىدە ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي، بېشىنى
ئىچىگە تىقىپ، ئۆزىنىڭ ئاياغلاشماس ئوي-خىياللىرىغا چۆمەت-
تى. بۇ شەھەرنىڭ ئاۋات مەنزىرىسى ئاخىر ئۇنى ھېچقانچە جەلپ
قىلالمىدى؛ بوۋاي ھە دېگەندىلا چۈشىدە كۆرگەن ھەرەمنى خى-
يال قىلاتتى، ئۇ يەرنى غايىبانە سېغىناتتى، ئۆزىنى ھازىر گويا
شۇ يەردە كېتىۋاتقاندەك تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئىنتىلەتتى، بىراق
بۇ شەھەردىن ئۇ كېلىپلا زېرىككەن بولغاچقا، شۇتاپتىمۇ ناھاي-
تى زېرىكىپ، بېشى ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن ئايلىنىپ، قەدەملىرى

ئىغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. سودىگەر بوۋاينىڭ سولۇشۇپ، سال-پىيىپ قېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تيەنئـەنمېن مەيدانىغا بېرىش ۋە پايتەختكە كەلگەنلىكىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بىرەر پارچە سۈرەتكە چۈشۈش تەكلىپىنى بەردى. بوۋايغا ئۇ يەرگە بېرىشنىڭ ئانچە چوڭ ئەھمىيىتىمۇ يوقتەك بىلىنەتتى، ئەمما ھەرەمگە بارالمىغاننىڭ ئۈستىگە بۇ شەھەرنىڭ بىر بېرىپ كۆ-رۈشكە تېگىشلىك داڭلىق يېرىنىمۇ كۆرەلمەي كېتىپ قېلىشنى خالىمايتتى، چۈنكى ئۇ ئاتا-بوۋىسىمۇ كېلەلمىگەن بۇ شەھەرگە نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ئاران كەلدى-دە! ئۇنىڭغا ماۋجۇشى، تيەنئـەنمېن دېگەن ئىسىملار ئۇنچە ناتونۇش ئەمەس، كوپېرات-سىيە زامانىدىكى ئىغىر كۈنلەردە ئۇ ئىسىملار بوۋايغا گويا نامازنىڭ سۈرە-ئايەتلىرىدەك يادا بولۇپ كەتكەنىدى. بوۋاي نەچ-چە ۋاقىتتىن بېرى ھەرەمگە بېرىشنىڭ قايغۇسىدىلا قالغان، بارالماسلىقى ئىنىق ئەھۋالدىمۇ نىيىتىدىن يانماي، پەرۋەردىگا-رىدىن قاقشاپ، ئىماندىنمۇ ئاز-تولا ئاجراپ كەتكىلى قىل قال-غان، ئاخىرىدا يەنە ئۆز ئېتىقادىنى تېپىۋالغان ئاشۇ جەريانلاردا كوچا ئايلىنىش، تيەنئەنمېنگە بېرىپ ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈش ھەم شۇ يەردە رەسىمگە چۈشۈش دېگەنلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى، مانا ئەمدى ئەسلىدە ھەرەم تۇپرىقىدا ھەج پائالىيىتىنى ئىلىپ بېرىش كېرەك بولغان بۇ ئۇلۇغ كۈندە ئۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ تيەنئەنمېنگە بېرىپ، كۆرمىگەنلىـى كۆرۈپ، رەسىمگـە چۈشۈپ، كەمپۈتكە گوللانغان كىچىك بالى-دەك ئاز-تولا خۇش بولۇپ كېلىدىغان بولدى. مەيلىلا، بۇمۇ خۇدانىڭ تەقدىرىغۇ، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بارغۇ، خۇدا نېسىپ

قىلسا ھەرەمگە ئاخىر بىر كۈنى بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىشقا ھەم ئۇ يەردە بازار ئايلىنىشقا پۇرسەت چىقىدىغۇ! دەپ ئويلايتتى بوۋاي.

تىيەنئەنمېنده ئادەم ئاۋۋالقىدەكلا كۆپ ئىدى، بەزىلەر توختىماي رەسىمگە چۈشەتتى، بەزىلەر ئىللىق شامالدا لەگلەك ئۇچۇرۇتاتتى، نۇرغۇن كىشىلەر قاتار تىزىلىپ ماۋ جۇشى خاتىرە سارىيىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى، يەنە بەزىلەر ماۋ جۇشىنىڭ چوڭ ھەم ھەيۋەتلىك سۈرىتى ئېسىلغان راۋاقنىڭ ئەگمەچ، ئۇزۇنچاق دەرۋازىسىدىن خان سارىيىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. بوۋاينىڭ ئاپتاپتىن قىسىلغان ئاجىز كۆزى ھەممە نەرسىگە ھالسىز تىكىلەتتى، تۆت تەرەپتىكى قەدىمىي، مۇقەددەس بىنالار ئۇنىڭ دىققىتىنى ھېچقانچە جەلپ قىلالمىغاندەك تۇراتتى. سودىگەر بىلەن بوۋاي تۆت پارچە رەسىمگە چۈشۈپ، رەسىم يۇيۇلۇپ چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا خەلق سارىيى، خان سارىيى، قەھرىمانلار خاتىرە سارىيىنىڭ ئالدىنى ئايلىنىپ چىقتى، بوۋاي بەكمۇ ھېرىپ كەتتى، سودىگەر چاقچاق قىلىپ:

— ئەگەر بۇ يەر مەككە مۇكەررەم بولۇپ قالغان بولسا بۇنچىلىك ھېرىپ كەتمەيتتىلىغۇ دەيمەن، بۇ يەرنى كۆزلىرىنى يۇمۇپلا بولدى ھەرەم دەپ ئويلاۋەرسىلە، — دېدى.

بوۋاينىڭ نازۇك دىلى بۇ گەپتىن ئازار يېدى بولغاي:

— ھەرەمگە بۇنداق كەلسە-كەلمەس يەرنى ئوخشاتماڭ، يامان بولىدۇ، — دەپ ئېنكاس قايتۇردى.

ئۇلار ئايلىنىپ كېلىپ ماۋ جۇشى خاتىرە سارىيىنىڭ ئالدىدا توختىدى، بۇ يەردە ماۋ جۇشى خاتىرە سارىيىنىڭ ئىچىنى،

بولۇپمۇ ماۋجۇشىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە تەقەززا كىشىلەر ئۇ-زۇن بىر قاتار بولۇپ تىزىلىپ تۇراتتى. سودىگەر بوۋاينى بۇ خاتىرە سارىيىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇلۇغ داھىي ماۋ جۇشىنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ چىقىشقا قىزىقتۇردى، بوۋاينىڭ ياتاقتا بالدۇر-راق قايتىپ ئارام ئالغۇسى بار ئىدى، ئەمما سودىگەر:

—بۇ يەرگە ئاران بىر كەلگەندە بۇ خاتىرە سارايغا كىرمەي كەتسەك قاملاشمايدۇ، يەنە كېلىپ بۇ سارايىمۇ كۈندە ئېچىۋەر-مەيدۇ، بۈگۈن بىز بىر ياخشى پۇرسەتتە كەپتۇق، بىر كىرىپ كۆرۈپلا يېنىپ چىقمىز، —دەپ تۇرۇۋالدى. بوۋاي بوپتىلا، ھەرەمگە بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقبەرىسىنى بىر كۆرۈپ تاۋاپ قىلىشقا نېسىپ بولالمىغاندىكىن بۇ يەرگە كىرىپ ماۋ جۇشىنىڭ ياتقان يېرىنى ۋە دىدارىنى كۆرۈپ چىقسامۇ چىقاي دەپ ئويلىدى. قاتار ناھايىتى ئۇزۇن بولغاچقا ئۇلارغا يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئاندىن نۆۋەت تەگدى، ئۇلار زور قىزىقىش ۋە ئەيمىنىش ئىچىدە سارايغا كىردى، ئاۋۋال ماۋجۇ-شىنىڭ ھەيكىلىنى، ئارقىدىن ئۇنىڭ ئەينەك رامكا ئىچىدىكى گىرىم قىلىنغان دىدارىنى كۆردى، بۇ يەردە پەقەت بەش سېكونت تۇرۇشقىلا بولاتتى. بوۋاينىڭ كەينىدىن زىيارەتچىلەر قىستاپ كەلدى، بوۋاينىڭ بېشى ئاغرىغىنلى تۇردى، سودىگەرنى بۇ يەر-دىن چاققان چىقىپ كېتەيلى، دەپ ئالدىراتتى. خاتىرە سارايدىن چىقىۋاتقاندا بوۋاينىڭ ئىككى چېكىسى چېكىلىپ، قاپىقى تارتى-شىپ، كۆزى تورلىشىپ كەتتى؛ سودىگەر ئۇنىڭ ھالىنىڭ بوشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ قارىكام بەك قېرىپ كېتىپ-تۇ، بۇ ھالى بىلەن ھەرەمگە بارالىغان بولسىمۇ ئۇ يەردىن

ساق-سالامەت كېلىشى تەس ئىكەن، دەپ ئويلىدى. سودىگەر سۈرەتچىنىڭ قېشىغا بېرىپ سۈرەتنى قولىغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ خېلى راۋۇرۇس چۈشكەنلىكىنى، بوۋاينىڭ بەكمۇ ئەبگا قىياپەتتە چۈشكەنلىكىنى بايقىدى. سۈرەتتە سودىگەرنىڭ مايلىشاڭغۇ يۈزى پارقىراپ، كۆزلىرى ئىنەكنى كۈيلەۋاتقان بۇقىنىڭ كۆزىدەك چاقناپ تۇراتتى، بەستلىك ھەم سېمىز بەدىنى ئۇزاق ياشىرىپ تۇرىدىغان قارىغايدەك تىك ۋە مەزمۇت ئىدى، بوۋاي ئۇنىڭ ئەكسىچە گوردىن چىققان ئەرۋاھدەك سىرلىق، يۈچۈن ھالەتتە، بوران ئېگىۋەتكەن قاقشال سۆگەتتەك ئېگىلىپ تۇراتتى، يۈزى خۇنۈك، كۆزى يۇمۇق ئىدى، رەڭگى روھىدىن بەختسىزلىك ئالامەتلىرى ئېنىق چىقىپ تۇراتتى. سودىگەر ئۆزى بىلەن بۇ بوۋاينىڭ ماسلاشمىغان ھەم قاملاشمىغان سۈرىتىدىن سەل نارازى بولدى، رەسىملەرنى بوۋاينىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

—قارىكا، قارىسىلا، تۆت پارچە رەسىمنىڭ ھەممىسىدىلا كۆزلىرىنى يۇمۇۋاپلا، ھەرەمگە بارالمىغان ئاچچىقلىرىدا بۇ يەرنىمۇ كۆزۈم كۆرمىسۇن دېگەن ئوخشايلا-ھە، بولمىسا ئادەتتە كۆزلىرىمۇ ئۇنچە يۇمۇق ئەمەسكەن، ئاپتاپمۇ بۇنچە كۈچلۈك ئەمەس، نېمىشقا بۇنداق سەت چۈشۈپ قالغانلا، مەن ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم! —دېدى.

بوۋايمۇ سۈرەتنى قولىغا ئېلىپ ھەيران قالدى، رەسىمگە تارتقاندا كۆزى يۇمۇلۇپ قالغاندەكمۇ قىلمىغان، قانداقىسىگە بۇنداق چۈشۈپ قالدىكىن؟! بوۋاي رەسىمدىكى ھالىتىنى ئۆزىگە ھېچ ئوخشىتالمىدى، ئۇ ئۆزىنى پەرىشتىدەك پاكىز قېرىدىم، تېنىم ساغلام، خۇدا ئۆمرۈمنى بەرسە يۈز ياشقا كىرگۈچە ياشى-

يالايمەن دەپ ئويلاتتى، ئۇزاق ۋاقىت ئەينەككە قاراپ باقمىغاچ-قا، ئۆزىنىڭ چىرايىنى خىيالىغا تايىنىپلا پاكىز، نۇرانە، سالا-پەتلىك چاغلاپ يۈرەتتى. بوۋاينىڭ سۈرەتتىكى خۇنۇك، ئورۇق ھەم قورۇق يۈزى، چۇپۇر قېشى ئاستىدىكى (بىر تال قىپپاش سىزىقتا ئايلىنىپ قالغان) يۇمۇق كۆزى بوۋاينى ئۆز ئوبرازى ھەققىدە قايتا ئويلاندۇردى، ئەمما ئۇ قانچە ئويلاپمۇ ئۇ بەدبەشىرە يۈز ۋە كۆزلەرنى ئۆز سىماسىغا زادىلا سىغدۇرالمىدى، ھەتتا بۇ بەدبەشىرىلىكنى ئادەمزاتتىغا ئەمەس بەلكى جىن-ئالۋاستىلار-غا خاس دەپ ئويلىدى.

—ئېلىك بۇ شەيتاننىڭ نەرسىلىرىنى—دېدى بوۋاي سۈرەت-نى سودىگەرگە قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ،—كۆزۈمدىن يوقىتىڭ! رەسىمگە چۈشىلى دەپ يامان قىلدىڭىز، يامان ئىشقا ئەزەلدىن يېقىن يولىمايتتىم، بۈگۈن ئېمىدەپ شەيتاننىڭ كەينىگە كىر-گەندىمەن، باياتىن بېرى بېشىمنىڭ ئاغرىغىنى، كۆزۈمنىڭ تورلاشقىنى بىكار ئەمەسكەن-دە، ئەسلى بۇ مۇبارەك كۈندە ئۆزد-مىزنى ھەرەمدە كۆرسەك ئوبدان بولاتتى، ئەستاغپۇرۇللا دەيمەن شۇ شەيتاننىڭ پۈشتىنى، ئەجەب بىر ئۇلۇغ ئىشتىن قويدىيا ئادەمنى، ھۇ تۇڭگۇزنىڭ قارنىدىن چۈشكەن جوھۇت!

بوۋاي قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكتىن ساقاللىرىنى تىترىتىپ، تۇكۇرۇكىنى چاچرىتىپ سۆزلەپ كەتتى.

—قايىنىمىسىلا قارىكا،—دېدى سودىگەر رەسىمنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ،—بۇنداق يەردە شەيتاننىڭ مۇرىتلىرى جان باقىد-دۇ، شۇڭا شەيتاننىڭ نەرسىلىرىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ، بۇلار دۇن-يانىڭ ھەممە يېرىدە بار، ھەرەمدىمۇ بار.

— ئاغزىڭىزغا كەلگەنچە جۆيلۈمەڭ، — دېدى بوۋاي تېرىك-كەك بالىدەك ئۆكتە قوپۇپ، — خۇدانىڭ ئۆيىدىمۇ شۇنداق نەر-سىلەر بارمىكىن؟

— خۇدانىڭ ئۆيى دېگەن بەيتۇللا، ئۇ دېگەن باشقا گەپ، ئۆزلىرى بۇنى تېخى بىلمەيدىكەنلا، كېيىن بارغاندا بىلىپ قالىلا.

بوۋاي سودىگەرنىڭ سۆزىدە مەلۇم بىر ئاساس بارلىقىنى بايقىغاندەك بولۇپ، بىردىنلا شۈكلەپ قالدى.

سودىگەر بوۋاينى باشلاپ تيەنئەنمېندىن كېتىۋاتقاندا تۇيۇق-سىز ھېلىقى ئالدامچىنى كۆرۈپ قېلىپ، بوۋاينى تاشلاپ شۇ ياققا يۈگۈردى. ئۇ ئالدامچى بىر خەنزۇ قىزنى قولتۇقلاپ، تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى قىزىل بايراقنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى، بوينىغا بىر فوتو ئاپپاراتنى ئېسىۋېلىپ ئۇ قىزنى ئۇ يەر-بۇ يەردە توختىتىپ رەسىمگە تارتىۋاتاتتى. سودىگەر ئۇنىڭغا ئالدىدىن يېقىنلاپ چىرايىنى جەزملەشتۈرۈپ بولغۇچە ئىتتەك سەگەكلىككە، تۈلكىدەك ھىيلىگەرلىككە كۆنۈپ كەتكەن ئۇ ئەب-لەخ بوراندەك كېلىۋاتقان سودىگەرنىڭ تىۋىشىنى تېزدىن باي-قاپ، ئۇنىڭ ئەلپازىغا بىر قاراپلا ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ ئالدىراپ-تېنەپ قاچتى. سودىگەر ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ تۇتۇ-ۋالمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى، شۇنداقتىمۇ ئۇمىدسىزلەنمەي، ئۇنى تۇتۇۋېلىشنى كۆزلەپ، ئۇنىڭ كەينىدىن توشقاننى قوغلى-غان بۆرىدەك تېزلىكتە يۈگۈردى، ئەمما ئالدىغا دائىم بىر كىم-لەر پۇتلىشىپ ئۇنىڭ سۈر ئىتتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قوياتتى، يەنە كېلىپ مۇشۇنداق بىرەر غەيرىي ئىشقا ئىنتايىن سەزگۈر بولۇپ

كەتكەن ئۇ كىشىلەر، ئالدىدا قېچىپ كېتىۋاتقان ئالدامچىنىمۇ، ئۇنى قوغلاۋاتقان سودىگەرنىمۇ بىر-بىرىدىن قىلىشمايدىغان، بىر-بىرىگە نەپ بەرمەيدىغان شىنجاڭلىق ئوغرىلار قاتارىدا كۆر-گەچكە ھەم بۇ گەپلىرىنى سودىگەرگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ دېگەچ-كە، سودىگەرگە ئاشۇنداق كىشىلەر ئارىسىدا ئۆلە-تىرىلىشىگە قارىماي پالاقشىپ يۈگۈرۈش ئىنتايىن ئېغىر كېلىۋاتاتتى. سو-دىگەر ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ مەسخىرىلىك نەزىرىگە يولۇقۇش-نى خالىمىدى، ئەمما سودىگەر ئون پاسپورت بىلەن يۈز مىڭ يۈەننى قاراپ تۇرۇپ ئالداپ ئېلىپ قاچقان ئۇ چوڭ ئالدامچىنى يەنە قاراپ تۇرۇپ قاچۇرۇپ قويسۇنمۇ؟ ئالدامچى يەرئاستى ئۆ-تۈشمە يولىدىن ئۆتۈپلا چوڭ يولغا چىقىپ بىر تاكسىنى توستى. سودىگەر ئۇ ئەبلەخنىڭ تاكسىغا چىقىپلا كېتىپ قالغىنىنى كۆر-دى، خەپ دەپ تىزىغا ئۇردى-دە، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىر-لاپ جىم تۇرالماي قالدى، ئۇمۇ دەرھال تاكسى توستى، ئەمما تاكسىنىڭ ئىچىدە قىرىشقاندەكلا بىرەردىن ئادەم بار ئىدى، ئىچىدە ئادەم يوق تاكسىدىن بىرسى كەلگەنىدى، بىراق شوپۇر سودىگەرنىڭ چىرايىغا بىر قاراپلا توختىماي كېتىپ قالدى، سودىگەر ئۆز چىرايىنىڭ ھېچ بولمىغاندا ھېلىقى ئالدامچىدەك ئازتولا خەنزۇ چىراي بولمىغىنىغا ئۆكۈندى، قۇرۇق تاكسىدىن يەنە بىرىنى توسقانىدى، شوپۇرنىڭ نەگە بارىسەن دېگەن گېپىگە جاۋاب بېرەلمەي، ئۇنىمۇ كەتكۈزۈپ قويدى، سودىگەر ئاچچىق ئەلەمدىن بوغۇلۇپ، كۆزلىرىگە قان تولدى، تاكسىلارنىڭ ھەم-مىنى پارتلىتىۋەتكۈسى كەلدى. ئارقىدىنلا يەنە بىر تاكسى كەل-گەنىدى، سودىگەر ئۇنى توختاتقان ھامانلا ئىچىگە كىرىۋالدى،

شوپۇرغا ئارائىلا، ئالدىڭغا مېڭىۋەر دېيەلىدى، ئالدىدىكى توغرا يولدا قىزىل چىراغ يېنىپ قالغاچقا ئالدامچى چىققان قىزىل پىكاپ تېخى سودىگەرنىڭ كۆزىدىن يوتمىگەنىدى.

بوۋاي سودىگەردىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ھاسىسىدىن ئايرىلغان قارىغۇدەك تەمتىرەپ، نەگە مېڭىشىنى بىلەلمەي قالدى، سودىگەرنى ئۇچرىتىپ قېلىش ئۈمىدىدە تيەنئەنمېن مەيدانىدا پايپاسلاپ يۈردى، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى جايىدىمۇ خېلى ئۇزاق تۇردى. سودىگەر كەلمىدى، كۈن چۈش بولۇپ قالدى، بوۋاينىڭ قورسىقى ئېچىشقا باشلىدى، كۈن چۈشتىن سەل قايرىلسىلا پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى بولۇپ قالاتتى، ئۇ چوقۇم نامازغا ئۈلگۈرۈپ ياتىقىغا بېرىپ بولمىسا بولمايتتى؛ ئۇ سودىگەرگە ئەگىشىپ بۇ نەس باسقۇر يەرگە كەلگىنىدىن كۆپ پۇشايمان قىلدى، ئەمدى قانداق قىلارمەن دەپ غەمگە چۈشتى، ھەرخىل ئاماللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ باقتى، ھېچ بىر ئامال ئۇنىڭغا ئۈمىد، ئىشەنچ بېغىشلىيالمىدى؛ ئۆپچۆرىسىدىكى مۇھىت ۋە خىلمۇخىل سىياقتىكى ئادەملەر ئۇنىڭغا بەكمۇ ۋەھىملىك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ يەنە ئۇلۇغ پەرۋەردىگاردىن ئۆزىگە تەسەللى ئىزدەپ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ بىر ياققا تەۋەككۈل قىلىپ ماڭدى. بوۋاي سودىگەر بىلەن بۇ ياققا ئۆتەشىدە يەر ئاستى يولىدىن ئۆتكەندەك قىلغان، ئەمدى ئۇ ياققا ئۆتۈش ئۈچۈنمۇ شۇ يولدىن ئۆتۈش كېرەك ئىدى. بوۋاي يەر ئاستى يولىغا كىرىش تۆشۈكىنى تاپالمايمۇ خېلى ئاۋارە بولدى، شۇنداقتىمۇ توپ-توپ ئادەملەرنىڭ بېرىش كېلىش يۆنىلىشىگە ئاساسەن بىر نىشاننى بويلاپ ماڭدى ۋە ئاخىر ئادەملەر چۈمۈلىدەك مىغىلدى-

لىشىپ كىرىپ-چىقىۋاتقان بىر تۆشۈكنى تاپتى، يەر ئاستى ئۆ-تۈشمە يولىنىڭ ئىچى خېلىلا قاراڭغۇ بولۇپ، قارىمۇ قارشى يۆنىلىشتە مېڭىۋاتقان ئادەملەر تولىمۇ سۇرلۇك كۆرۈنەتتى، ئۇلار بىر يولغا ئامالسىز سىغدىلىشىپ كىرىۋالغانىدى، بوۋاي بۇ ئۆتۈشمە يولدىكى ئادەملەرنىڭ چىرايىنى ئېنىق پەرق ئېتەل-مەي قالدى، ئۇلار بەكمۇ كۆپ ئىدى، بىر-بىرىنى قىستاپ، ھەتتا ئىتتىرىۋېتىپ ماڭاتتى، بوۋايمۇ بىرنەچچىسىگە سوقۇلۇپ كەتتى، بوۋاينىڭ كۆز ئالدىدا سانجاق-سانجاق گەۋدىلەر قوشۇ-لۇپ بىر سېپىل ھاسىل بولغانىدى، بوۋاي كۆزىگە غەلىتە كۆ-رۈنگەن گەۋدىلەرنى بەكمۇ غۇۋا كۆردى، ئاخىرىدا ئۇشتۇمتۇت ھەممىنى كۆرەلمەي قالدى، ئادەملەر توپىدىن ھاسىل بولغان سېپىلمۇ غايەت زور تاغدەك چوڭىيىپ ئۇنىڭ ئالدىنى تامامەن توسۇۋېلىپ ئۆتۈشمە يولىنىڭ چىقىش ئېغىزىنى چورتلا ئېتىپ تاشلىغاندەك ھەم ئۆزىنى گويا گۆردەك قاراڭغۇ بىر كامىرغا سولىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. بوۋاينىڭ كۆرۈش سەزگۈسى پۈتۈنلەي يوقالغانىدى، بوۋاي ئۆزىنى تىرىك تۇرۇپلا گۆرگە كۆمۈپ تاشلانغاندەك، ھەممە ياقنى شۇ گۆرنىڭ تېمى توسۇپ تۇرغاندەك ھەم ئەمدى يورۇقلۇققا چىقالمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ئەما بولۇپ قېلىشى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ قورسىقىمۇ قاتتىق ئېچىپ كەتتى، يۈرىكى دەھشەتلىك سوقۇپ، پېيى سىرقىراپ كەتتى! ئۇ بۇ "لەھەت"تىن يول ئۇستىگە ھەم يورۇقلۇققا چىقىۋالسىلا ياكى بىر يەرگە بېرىپ قورسىقىنى دەرھال تويغۇزۇۋالسىلا كۆزى ئېچىلىدىغاندەك، پەرۋەردىگارى ئۆزىنى ھەرگىز بۇ ھالەتتە تاشلىۋەتمەيدىغاندەك بىر ھېسسىياتقا

كەلدى، ئۇ ئۆزىنى چوقۇم پەرۋەردىگارىنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشە-
لەيدىغان تەقۋادار بەندە قاتارىدا كۆرگەچكىلا ئۆلۈم بىلەن باراۋەر
كۆرۈنۈۋاتقان بۇ ئېغىر بەختسىزلىككە ئاران چىداۋاتاتتى. بوۋاي-
نىڭ ئۆيىدە ئىلگىرى بىر كۆزى قويۇلۇپ كەتكەن بىر قېرى
قوي بار ئىدى، تالاغا چىقىرىلماي ئېغىلدىلا بېقىلاتتى، شۇنچە
بېقىلسىمۇ يەنە قولاقنى ئاغرىتىپ توختىماي مەرەۋەرگەچكە ئۇ-
زاق ئۆتمەيلا گېلىغا پىچاق يېگەنىدى. بىر كۆزى كۆرمەيدىغان
شۇ قوينىڭ يورۇق ئېتىزنى، ياپيېشىل ئوت-چۆپلەرنى، ئەر-
كىن ئوتلاۋاتقان بەختلىك ھەمراھلىرىنى ئۆلگۈدەك سېغىنىپ
ئۆلگۈدەك مەرەيدىغانلىقىنى بوۋاي بىلەتتى، ئەمدى ئۆزىنىڭ
ئىككىلا كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغاندا ئۇ ئاشۇ بىچارە قوينىڭ
”داد-پەرياد“ىنى ئاڭلىغاندەك بولدى ۋە ئۇ ئاۋازنىڭ نەقەدەر ئې-
چىنىشلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندى.

بوۋاي كۆرۈش قابىلىيىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ ئاڭلاش قا-
بىلىيىتىدىن ئايرىلمىغانىدى، ئەمما ئۇ شۇ تاپتا ئاڭلاش ئىقتىدا-
رىنىمۇ، باشقا بارلىق سەزگۈ ئەزالىرىنىمۇ، ھەتتا جېنىنىمۇ
كېرەك قىلمايدىغان دەھشەتلىك ئازابلىق بىر تۇيغۇ، قورقۇنچ-
لۇق بىر ھېسسىيات ۋە غايەت زور ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە جان
تالىشىۋاتاتتى، پەرۋەردىگارى بىلەن ”يىغلامسىرىغان“ ھالدا مۇنا-
زىرىلىشىۋاتاتتى، پەرۋەردىگارى ئىرادە قىلغان بۇ تەقدىرگە باش
ئەگكەندەكمۇ قىلاتتىيۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۆزىنى نېمىشقا بۇ تەق-
دىرگە يولۇقتۇرغانلىقىنى، يەنە كېلىپ نېمىشقا قېرىشقاندەكلا
دەل بۇ ”قورقۇنچلۇق لەخمە“ ئىچىدە بەختسىزلىككە ئۇچراتقان-
لىقىنى ئاددىي كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمىدى ھەم ئۆزىگە دەماللىققا

ھېچقانداق تەسەللى بېرەلمىدى، ھەتتا روھىي جەھەتتىن ئۆزىگە
ئۆمۈرلۈك يولەنچۈك بولۇپ كېلىۋاتقان مۇقەددەس ئېتىقادىدىنمۇ
ئۆزى كۈتكەن ئۈمىد نۇرىنى كۆرەلمەي، بۇ دۇنيالىق بەختى
ئۈچۈن پەرۋەردىگارىدىن چوڭ ئۈمىد كۈتەلمىدى، دەل شۇ سە-
ۋەبتىن پەرۋەردىگارىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراۋاتقان ياكى ئۇچراۋاتمى-
غانلىقىنى بىلەلمەي، بېشى تۈگمەن تېشىدەك پىرقىراپ كەتتى،
بەدەنلىرى سىرقىراپ، پۇت دەسسەپ تۇرغان يېرى يېرىلىپ،
ئۆزى شۇ يەرنىڭ قېتىغا تۈيۈقسىز كىرىپ كەتكەندەك بولدى،
ئۆزىگىلا قىيامەت قايىم بولغاندەك تۇيۇلدى، پۇت-قوللىرى بو-
شاپ جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈمىد نۇرى چۈشمەيۋات-
قان كۆزىگە ئۆلۈم ۋەھىمىسى كۆرۈنۈۋاتقاندەك قىلاتتى، ئەمما
ئۇ قىستالغانسېرى ئۇنىڭ جېنى مۇداپىئەلىنىشكە شۇنچە تەشنا
بولۇپ كېتىۋاتاتتى. جان نېمىدېگەن تاتلىق ھە! پەرۋەردىگارى
ئۇنىڭغا يەنىلا ئۆز جېنىنى ئاسراشقا دەۋەت قىلىۋاتاتتى. ئۇ
ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئەس-يادىغا، ئەقلىي تۇيغۇسىغا ۋە كۆڭۈل
كۆزىگە تايىنىپ، تەمتىلەپ مېڭىپ، مىڭ تەسلىكتە بىر چەتكە
سىلجىدى، كۆزى ساق چۈمۈلىنىڭ ئىقتىدارىمۇ ئېھتىمال مې-
نىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈكتۇ دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ
لەخمىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ، ئۆزىنى ئاز-تولا ئوڭشىۋېلىپ، ئې-
غىر ئۇھ تارتىپ، پەرۋەردىگارىنى يەنە قايتىدىن سېغىندى،
مۇڭلاندى ھەم بۇرۇن بىلىپ-بىلمەي ئۆتكۈزۈپ قويغان گۇناھلى-
رىغا توۋا قىلىشقا باشلىدى، ئوي-خىياللىرى ئۈزۈلمەس ئېقىن-
دەك يامراپ كەلدى: "خۇدا مېنى ھەرخىل كېلىشمەسلىك ۋە
بەختسىزلىك بىلەن سىناۋاتىدۇ، ئىمان-ئەقىدەمنىڭ چىڭ ياكى

بوشلۇقىنى كۆزىتىۋاتىدۇ، كۆڭلۈمگە كەچكەن ھەرقانداق كۈپ-پۈرانە خىياللىرىمنىمۇ بىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، يارىتقۇچىسىغا ئۆل-گۈچە ئەقىدە قىلامدىكىن ياكى ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ ئىمانسىز ئۆلەمدىكىن دەپ قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ. خۇدا بۆشۈكتىكى چېغىم-دىلا جېنىمنى ئالغان بولسا ئۇنىڭغا نېمە دېيەلەيتتىم، ھېلىمۇ يەتمىش نەچچە يىل ياشىدىم، ئەللىك يىل ئىبادەت قىلدىم، ساۋابىنى بۇ دۇنيادا كۆرەلمىسەممۇ ئۇ دۇنيادا بولسىمۇ كۆرەر-مەن، خۇدايىم ھەرەمگە بېرىشقا نېسىپ قىلمىغان بولسىمۇ جەن-نەتكە كىرىشكە نېسىپ قىلار، ھەممىنى قادىر ئىگەم ئۆزى بىلىدۇ، شۇنچە تەقۋادار ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ قايسىبىرىگە ھە-رەمگە بېرىش نېسىپ بوپتىكەن؟ ئۇلارنى ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولالمىغانلىقى ئۈچۈنلا بەش پەرزنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئادا قىلمىدى، گۇناھىدىن تولۇق پاكلىنالمىدى، شۇڭا ئاخىرەتتە ياخشى ئاقىۋەت كۆرەلىشى ناتايىن دېيىش ئەقىلگە سىغامدۇ؟ ھازىر ئانچىكى بىر ئەمەللىرى بىلەن تەقۋا بولۇۋالغانلار، بەش ۋاق نامازنى تولۇق، ۋاقتىدا ئوقۇمايدىغانلا ياكى زادىلا ئوقۇماي-دىغانلار، ھەتتا بۇزۇقچىلىق ۋە كەيپ-ساپا قىلىدىغانلارمۇ پۇ-لى، يولى بولسىلا ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ھەجى ھەقىقەتەن قوبۇل بولامدۇ يوق، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ئۇلار ھاجى بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە قىلىدىغىنىد-نى قىلىۋېرىدۇ، بۇنىمۇ خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ھەقتائالا ماڭا ھاجىلىق شەرىپىنى بېرىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا مەن ھاجى بولالمىساممۇ ئاخىرەتتە ھاجىلار، يەنى ھەقىقىي ھاجىلارغا نېسىپ بولىدىغان بەختتىن بەھرىمەن بولۇشۇم مۇمكىن. بۇنى

نېمىشقا باشتا ئويلىمىغان بولغىيتتىم، ھەقتا ئالادىن نېمىشقا ئورۇنسىز ئاغرىنىپ كۆپپۇرانە خىياللارنى قىلغان بولغىيتتىم؟ تېخى بىرۋاق نامازنى قاراپ تۇرۇپ قازا قىلىۋەتكىنىمچۇ. . . شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ھېلىقى يەرنى ئايلىنىپ رەسىمگە چۈشكىنىمچۇ؟ شۇ چاغدىلا بېشىمنىڭ ئاغرىغىنى، كۆزۈمنىڭ تورلاشقىنى، مانا ئەمدى قارىغۇ بولۇپ قالغىنىم شۇ ئازغۇنلۇ-قۇمنىڭ جازاسىمۇ قانداق، ھەقتائالا مېنى بۇ جازا ئارقىلىق سىناۋاتامدۇ قانداق؟ مەن يەنە يارانقۇچى ئىگەمنىڭ بۇ ھەقلىق جازاسىغا نارازى بولسام تېخىمۇ ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن بول-مامدىمەن؟ ئاھ، قۇدرىتى ئۇلۇغ ئىگەم، ئازغۇن بەندەڭنى كە-چۈرگىن، ئۇنى كۆزىدىن ئايرىساڭمۇ دىلىدىكى ئىمان نۇرىدىن ئايرىما! سەندىن سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن!“

بوۋاي بەختسىزلىكنىڭ زۇلمەت ئازگىلىغا دومىلاپ چۈشى-ۋاتقاندا ئۇنى يەنە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئېتىقادى چىڭ تۇتۇۋالدى، شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆز ئېتىقادىنىڭ مۇستەھكەم، چىڭ ئالقىنىدا خۇددى گۆھەردەك ئاسرالدى، يوقىلىپ كېتىشتىن ساقلاندى. ئۇنىڭ كۆزى ھېچنېمىنى كۆرمىسىمۇ كۆڭۈل كۆزى ھەممىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئەپسۇسكى ئۇ كۆز ئالدىدا تاشلىنىپ ياتقان زۇلمەتلىك دۇنيانىڭ تۇرلۇك ۋەھىمىلىرىدىن يەنىلا قۇتۇلالمى-دى، چۈنكى ئىلگىرى كۆرۈپ كۆنۈپ قالغان يورۇق دۇنيانىڭ ۋەسۋەسىلىرى ئۇنىڭ دىلىغا ئۈزلۈكسىز تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇنى قورقۇتۇپلا تۇراتتى. ئۇ ئەگەر توغۇلغاندىلا قارىغۇ بولغان بولسا شۇنچە ئۇزاق يىللاردىن بېرى قارىغۇلۇق ئېلىپ كەلگەن كۆلپەت-لەرگە تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىنىپ بولغان ياكى شۇ قارىغۇلۇقتا-

ـمۇ ئاللىقاچان كۆنۈپ قالغان بولاتتى. بىراق ئۇ ئەمدى بۇ دۇنيانىڭ يورۇقلۇقىغا چوڭ ئۈمىد باغلىماسلىقى ياكى بۇ دۇنيا-لىق ئۈمىدىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشى، بۇ دۇنيانىڭ ۋەسۋەسلى-رىدىن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قۇتۇلۇشى ھەم شۇ ۋەسۋەسە كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈگىمەس نەپسانىيەت ۋە كۆپپۈرانە ئوي-خىياللىرىنى يوقىتىشى كېرەك. ئۇ ئەمدى ھەقىقەتەن قېرىدى، بىر پۈتى ئەمەس ئىككىلا پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغىلى، كۆزىگە ھېلىتىن قاراڭغۇ گۆر ۋە ئەزرائىل كۆرۈنگىلى تۇردى. قىسقى-سى، قارىغۇلۇق ئۇنىڭ جېنىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئېلىپ كەتكەندەك بولدى، دېمەك، بوۋاي ئەمدى بۇ دۇنيادىن ئۈمىدىنى ئاستا-ئاستا ئۈزۈپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا ھەر جەھەتتىن تەييار-لىنىپ قويۇشى كېرەك ئەلۋەتتە. بوۋايدەك بۇنداق ئېتىقادلىق ھەم ئۈمىدلىك ئادەملەرگە بۇ دۇنيادىن ئايرىلىش بىر-بىرىگە ئەقىدىسى كۈچلۈك بولغان ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ مەلۇم سەۋەب بىلەن ئايرىلىپ كېتىشىدەك ئېغىر تۇيۇلمايدۇ، بۇ دۇنيانىڭ تارتىشقۇدەك نەرسىلىرىنى بوۋاي ئوڭىدا كۆرمىگەن بولسىمۇ چۈشىدە كۆرۈپ بولدى، بۇ دۇنيادىكى مۇساپىرلىق ھاياتىنى ئاساسەن ياشاپ بولدى، ئۇزۇن سەپەردىن ھېرىپ-ئېچىپ كەلدى ۋە ئاخىرى موشۇ ”لەخمە“ ئىچىدە ئامالسىز توختاپ قالدى، ماڭغان يوللىرى ناھايىتى ئۇزۇن بولسىمۇ، روھىي سەرگۈزەش-تىلىرى ۋە قىلمىش-ئەتمىشلىرى (قىياس ئەتكۈسىز دەرىجىدە) ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ ئاخىرى ھەممىسى يوقالدى، ئۇنتۇلدى، ساقلىنىپ قالغىنى پەقەت ئەللىك يىللىق ئىبادەت، قېرىپ كار-دىن چىققان تەن ۋە كۆز. .

ئەللىك يىللىق تائەت-ئىبادەتنىڭ ساۋابى ھەم بولغۇسى مۇ-كاپاتىلا بوۋاينىڭ دىلىنى يورۇتۇپ تۇراتتى، ئۇ بۇنى كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالغاندىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى، جايىدا جىممىدە ئولتۇرۇپ پەرۋەردىگارىنى سېغىنىدى. باشقا نى-يەت ۋە ئىش-ھەرىكەتتە بولمىدى، ئەرۋاھلاردىن ئۆزىنى قاچۇ-رۇپ، بارلىق غەيرىي تىۋىش، ئۇققىلى بولمايدىغان غەيرىي ئاۋاز ۋە كىشىنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان شاۋقۇن-سۈرەنلەرگە، شۇياق-تىن كېلىۋاتقان قورقۇنچ-ۋەھىمىلەرگە پەرۋا قىلماي، ئۆزىنىڭ ئىمجىنىنى ۋە بۈيۈك ئېتىقادىنى يۈرىكىنىڭ قات-قېتىدىن ئاس-راپ، ھاياتلىق پۈرسىتىنى بىردەم بولسىمۇ غەنىيمەت بىلىپ، ياراتقۇچى ئىگىسى ئالدىدا يەنە توۋا قىلدى، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت ۋە مەدەت تىلىدى. يەر ئاستى يولىدا ئادەملەر يەنە چۇمۇلىدەك مىغىلدىشىپ يۈرەتتى، بوۋايغا ئوخشاش مېيىپلار بىر چەتتە ئاچلىقتىن قورتتەك تولغۇنۇپ، خەقنىڭ پۇتىغا سەجدە قىلاتتى، يولدىن ئۆتۈۋاتقان خەقلەر ئۆزلىرىنى شۇ پەيتتە شاھلاردەك مەغرۇر سېزىپ، رەھمى كەلسە بىرەر تەڭگىنى تاشلاپ بېرىپ كېتىپ قالاتتى. ئەمما چوشقىدەك سەمرىپ كەتكەن بايلار، كۆز-دە كىيىم يەڭگۈشلەپ تۇرىدىغان ئېسىلزادە خېنىملار، ئۆزىنىڭ تۇرقىدىن بۆلەك ھېچنىمىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان شۆھرەتپەرەس قىزلار ھەم شۇ قىزلارنىڭ مۇھاسىرىسىدە زەيپانىلىشىپ كەتكەن ئىچى ئاجىز يىگىتلەر بىر چەتتە دۈمچىيىپ، ئۆلۈمتۈك قىياپەت-تە پۈكلىنىپ، ئۆزىنىڭ جېنىغىمۇ، خەقلەرگىمۇ يۈك بولۇپ ياشاۋاتقان شۇ رەزگى ئادەملەرگە سەسكىنىپ قاراپ قوياتتى، ”ئۇلار بۇنداق خارلىنىپ ياشىغۇچە ئۆلۈپ تۈگەشسە بولمامدۇ-

غاندۇ“ دېگەننىمۇ، ئۆزلىرى ئەگەر ئاشۇلاردەك ھالغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا قانداق قىلىدىغانلىقىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈشمەي ۋە ئۇلارغا ھېچبىر ئىچ ئاغرىتماي پەرۋاسىز ھالدا كېتىپ قالاتتى.

بوۋاي تېخى ئۈچ سائەت ئىلگىرىلا سودىگەر بىلەن بۇ يەر ئاستى يولىدىن ئۆتكەندە يولنىڭ چېتىدە ئەسكى پايتىمىدەك تاشلىنىپ ياتقان ئاشۇ قارىغۇلارنى، قېرىپ جان باقالماي قالغانلارنى، ياش تۇرۇپلا توكۇر، چولاق بولۇپ قالغانلارنى كۆرۈپ رەھمى كەلگەن بولسىمۇ، يانچۇقىدا پارچە پۇل بولمىغاچقا ئۇلارغا سەدىقە بېرەلمىگەنىدى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلانغان پۇللارمۇ ئۇنچە ئاز ئەمەس ئىدى، بوۋاينىڭ ياردىمىسىزمۇ جېنىنى بېقىپ كېتەلەيتتى، بوۋاي ئۆزىدىنمۇ بەك بىچارە ھالەتتە قالغان ئاشۇ كىشىلەرنى كۆرۈپ خۇداغا شۈكۈر قىلغانىدى، مانا ئەمدى ئۆزى خەقلەرنىڭ ئىچ ئاغرىتىش ياكى سەسكىنىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى.

بوۋاينىڭ تۇيغۇسى قاشاڭلاشتى، ئازابى ئېغىرلاشتى، شۇڭا ۋاقىت ئۇنىڭغا تولىمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى. يورۇق دۇنيانىڭ بۇرۇنقى ئەس-خاتىرىلىرى ۋە ھازىرقى شاۋقۇن-سۈرەنلىرى ئۇنىڭ دېڭىز-ئوكياندەك كەڭ قەلبىدە ئۇزلۇكسىز مەۋج ئۇراتتى، ھەقتائالاغا ھەم ئۇ دۇنياغا بېغىشلانغان ھېسسىياتى شۇ دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرىدەك يامراپ، ئۆركەشلەپ كەلگىنىچە ئۇ ناتونۇش دۇنيانىڭ قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلاتتى، ئارقىدىنلا كەينىگە ياناتتى، يەنە ئۇرۇلاتتى. . . بۇ رىتىم تەكرارلىنىۋېرىدىغان مۇقەررەر دەۋرىيلىك بولۇپ، يەر شارىنىڭ دەۋرىيلىك ئايلىنى-

شىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرخىل قانۇنىيەت ئىدى. ئەللىك يىلدىن بېرى تەكرار-تەكرار ئىبادەت قىلىپ ئىچى پۇشماي كەل-گەن بوۋايغا ئەمدى بۇ تەكرار قانۇنىيەتنى قوبۇل قىلىش تەس كېلىۋاتاتتى، ئەڭ يامىنى ئۇ كۆزىدىن ئايرىلدى-دە!

ۋاقىت بەربىر ھەممىنى ئېزىپ تالقان قىلىپ باراتتى، جىمى نەرسىلەر ھامان پۈتۈنلۈكىنى ساقلىيالماي قالاتتى. بوۋاي-نىڭ قورسىقى داۋاملىق ئىچىپ تېنى ماغدۇرسىزلىنىۋاتاتتى، كوركىراۋاتقان قورسىقىدا قانداقتۇر بىر نەپسانىيەت ئالۋاستىلى-رى تېرورلۇق دۈمبىقىنى چېلىپ ئەزرائىلنى تېزرەك كېلىشكە چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. سەل نېرىدا كۆزى ئەما بىر خەنزۇ بوۋاي چالغان غېجەكنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ”لەخمە“ ئىچىدە كۆچ-لۈك ئەكس سادا قوزغاۋاتاتتى، ئادەملەر يەنىلا شۇ سادا ئىچىدە قارىمۇ قارشى يۆنۈلۈشتە قىستىلىشىپ كېتىۋاتاتتى، ۋاقىت سۈدەك ئاقاتتى، ئۇلارمۇ سەلدەك ئاقاتتى؛ دېمەك، ھەممىسى بىر يوقلۇق ئىچىدە قوشۇلۇپ كەتكەندى؛ بوۋايمۇ شۇ سۇدىكى غازاڭدەك ئېقىپ كېتىۋاتاتتى؛ نەدە تۇرۇلۇپ، نەدە توختاپ، نەدە لاينىڭ تېگىدە قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى؛ بوۋاينىڭ نەزى-رىدە پەقەت ئۆزىنىڭ ئىمان-ئېتىقادىلا شۇ سۇدىن ئۆزىنى سۇ-زۇپ ئالالايتتى. بوۋاي ئورنىدا ئولتۇرۇپلا پېشىن نامىزىنى ئوقۇشقا باشلىدى، دىلىدا پەقەت پەرۋەردىگارىلا بولغاچقا، باشقى-لارنىڭ ئۆزىنى تىلەمچى دەپ قالغىنى ھەم پۇل تاشلىغىنى بىلەن قىلچە كارى بولمىدى، نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ يەنە كۆكۈل ئازادىلىكىگە تولۇپ، خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن كۈتۈلمىگەن خې-يىم خەتەر ۋە زىيان-زەخمەتتىن ئامان قېلىشنى تىلەپ سودىگەر-

نىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىپ قىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. دەل شۇ چاغدا بۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كاۋاپچى بالا بوۋاينىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بايقاپ چىداپ تۇرالماي، ئۇنىڭ بىلەن ئاتىسى بىلەن كۆرۈشكەندەك كۆرۈشۈپ ئۇنى يېتىلەپ ”لەخمە“دىن ئاۋات كوچىغا ئېلىپ چىقىپ، بىر ئۇيغۇر ئاشخانىسىغا ئاپىرىپ لەغمەن ئېلىپ بېرىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ قويدى. بوۋاي پەرۋەردىگارى يەتكۈزگەن بۇ شاپائەتچى بالىنىڭ ياخشىلىقىغا يىغلاپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى. بوۋاي ئەسىر ۋاقتى بولۇپ قالغىنىنى كۆڭلى تۇيۇپ، كاۋاپچى بالىغا ئۆزىنى ئېغىر كۆرمەي ئاشۇ ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتتى. كاۋاپچى بالا ئۇ يەرنىڭ خېلىلا يىراق ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەرگە بېرىپ بولغۇچە بوۋاينىڭ نامىزىنىڭ قازا بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كۆرە بوۋاينىڭ مۇشۇ يېقىن ئەتراپتىكى بىر خۇيزۇ مەسچىتىدە نامازنى خاتىرجەم ئوقۇغىنىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بوۋاينى شۇ مەسچىتكە باشلاپ ئاپاردى، كاۋاپچى بالىمۇ ھەر جۈمە كۈنى مۇشۇ مەسچىتكە كېلەتتى، بۇ بىچارە بوۋاي ئۇچۇن قىلغۇدەك ھەرقانداق ساۋابلىق ئىش بولسىلا ئۇنى چوڭ-كىچىك دېمەي، ئېرىنمەي قىلىۋاتاتتى، بوۋاي ئۇنىڭ ياردىمىدە تولۇق تەرەت ئېلىپ ئۇ مەسچىتكە چۈشىدە كۆرگەن ھەرەم مەسچىتىگە كىرگەندەك راھەتلىك، ئازادە تۇيغۇدا كىرىپ، نامىزىنى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىخلاس بىلەن باشلىدى، ھەر قېتىملىق روكۇ ۋە سەجدىدە پەرۋەردىگارىغا ئۇچ قېتىمدىن ئارتۇق ھەمدۇسانا ئېيتتى، ئەڭ ئاخىرقى بىر رەكئەت نامازدا ئۇ يېنىدىكى خۇيزۇ جامائەت بىلەن تەڭ ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ دەپ سەجدىگە باش قويۇپ

”سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا“ دەپ پىچىرلاۋاتقاندا بوۋاي تۇيۇقسىز جان تەسلىم قىلدى، ”لەھەت“تە كۆز نۇرىدىن قانداق ئۇشتۇمـ-تۇت ئايرىلغان بولسا، بۇ مەسچىتتىمۇ قەدىرلىك ئىسسىق جىـ-نىدىن شۇنداق ئايرىلدى. بەلكىم پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ تەقۋادار بەندىلىرىگىلا ئامانەتنى ئاشۇنداق ئاسان تاپشۇرۇشنى نېسىپ قىلسا كېرەك. . .

شۇنداق قىلىپ ئۇ بوۋاي ھەرەمگە بارالمايلا بېيجىڭدىكى بىر مەشھۇر مەسچىتتە جان ئۈزدى. ئۇ ھەرەمگە بارالمىغىنى بىلەن ھەرەمنى ئېغىر يېتىپ كۆرگەن چۈشىدە بولسىمۇ شۇنچە ئېنىق كۆردى، گويا ئاشۇ مۇقەددەس جايغا بارغاندەكلا بولدى. شۇ چۈشنى كۆرۈۋاتقاندا ئۇنىڭ يۈرىكى مايائىنكلىق سائەتتەك سوقۇپ تۇراتتى، كۆز قارىقلىرى پۈتۈن ئالەمنى ئايلىنىپ چىقـ-قان ئۇچار سەييارىدەك ئايلىنىپ تۇراتتى، مېڭىسىدىكى كۆرۈش سەزگۈسى رايونىدا مۇقەددەس بەيتۇللانىڭ بېشارەتلىك مەنزىرىـ-لىرى زاھىر بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆز چۈشىدىكى شۇ ھەج پائالىيەتلىرى بەربىر ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمىنى (گەرچە ناھايىتى قىسقا بولسىمۇ) تەشكىل قىلدى، ئۇ ئەگەر ھەرەمنى ھەقىقەتەن بىرەر ئاي تاۋاپ قىلالىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن قالىدىغان ئەسلىمىسى بەلكىم شۇ ئۆزۈن چۈش بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن ئانچە پەرقلەنمىگەن بولاتتى. ئۇ ئەمما بوۋاي ئەگەر ھايات بولغان بولسا يەنە شۇنداق ياخشى ياكى يامان چۈشلەرنى كۆرۈشى، بۇ دۇنيادا كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى ۋە ھەرخىل ئىشلارنى چۈشىدە كۆرەلىشى مۇمكىن ئىدى، پەرۋەردىگارى ئۇـ-نىڭ ئاشۇ تەقۋادارلىقىغا لايىق ھالدا ئۇنىڭغا يەنە ھەرخىل قابىدـ-

لىيەت، مۆجىزە ۋە هادىسىلەرنى نېسىپ قىلىپ تۇرغان بولاتتى. ئەمما ئۇ بەرىبىر ئۆلۈپ كەتتى، تىرىكلەر بىلىدىغان هەم بىلمەيدىغان سىرلارنىمۇ ئۆزى بىلەن قوشۇپلا ئېلىپ كەتتى.

# جان ئوتى

ئۆزۈمنى ھەرقانداق قىزنى شەيدا قىلالايدىغان ئالاھىدىلىك-
كە ئىگە قىلالىسام ھەم ھەقىقىي ئەركەككە ئايلىنالىسام، ھىج-
ران چۆلىگە پالانسامۇ شادلىق بوستانلىقىدا ئۇسسۇزلۇقۇمنى
قاندۇرالىسام، ئەرلىك ھەۋىسىمدىن لەززەت ئوتىنى ياندۇرالى-
سام، تېنىمنى مۇراد مەنزىلىگە ئاققان كۈرەش دەرياسىدا ئۆلگۈ-
چە ئاقتۇرالىسام، كۆزۈمنى خاتىرجەم يۇماتتىم. بىراق، ئېنىق-
كى، كۆز چانىقىم توپا تىقىلغاندا ئاندىن تويىدۇ، ئارىلىقتىكى
ھايات چۇمۇلىنىڭ مېڭىشىدەك ئاستا، راكېتىنىڭ ئۇچۇشىدەك
تېز، كۆزۈم ھەر دائىم ئالىچەكمەن بولۇپ تۇرىدۇ. . . شەيتان
پېشانەمگە بۇ ئاجايىپ دەۋرنىڭ ئۆچمەس تامغىسىنى باستى،
گۇناھكار بەندىگە ئايلاندىم، توختىماس كارۋانلار توپا قالدۇرۇپ
يۈرۈپ كېتىۋاتماقتا، ئىزلارنى ئېزىتقۇ شاماللار كۆمۈپ بارماق-
تا. ياشىمىغانىنىڭ ئورنىدىكى ياشاشتا ئەھمىيەتلىك نەرسە زادى
نېمە؟ پۇلمۇ، جىنسىيەتمۇ، مۇھەببەتمۇ، راھەتمۇ، شۆھرەتمۇ؟
ئېتىقاد نۇرىدا نۇرلانغان دىلنى ئەتىكى قوي قۇيرۇقىدىن ياخشى

كۆرۈنۈۋاتقان بۈگۈنكى ئېشەك ئۆپكىسى قارىدىتىپ تۈگەشتۈرمەكتە.

مۇھەببەتنى تاج قىلىۋالدىم، كاللام بۇ كىرىزىسقا دۇچ كەلگەندە ئەڭ ئاددىي، ئەقەللىي مەسىلىلەرگىمۇ ئوڭاي جاۋاب تاپالمايمەن. مۇرەككەپلىكنى مېڭىنىڭ تۆرەلمىسى دېيىش كېرەك. تۇيغۇغا تەسىر قىلىۋاتقىنى ئېزىتقۇ ۋاقىت، قورساقتا ھەزىم بولۇۋاتقىنى تاماقنىڭ ئەبجەش بوتقىلىرى، ئاشقازاندىكى يەل ۋە يۈرەكتىكى دەزلەرگە نېمە دېگۈلۈك؟!

قىزلارنىڭ تارتىملىقلىقى يۈرەككە دەرد ئېلىپ كېلىدۇ. ئىنجىقلانغان ھېسسىيات، ھېسىداشلىقتا ئېغىپ كەتكەن پۇل، قورساق تويغۇزۇشقا كەتكەن ۋاقىت، غېرىبلىقتا مەھكۇم بولغان ئۇيقۇ، قۇرۇمايدىغان لەززەت بولىقى يوشۇرۇن ئېڭىنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلانغىلى ئۇزاق بولدى. بۇ بەربىر ۋاقىتلىق جەريان، شۇنداقلا سەۋدا ياشلىقنىڭ ھەيرەت كۆزىدىكى دىققەت نۇقتىسى خالاس.

چىرايلىق قىزلار كوچىدا دائىم ئۇچراپ تۇرغاندەك، كۆڭۈلسىزلىكمۇ ھەر جايدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. قىزلارنى چوڭ بىلىشكە، ئۇلارنىڭمۇ مېنى ئەزىز بىلىپ كېتىشىگە خار مايمۇن بولۇپ كېتىۋاتقان ئەسلى تەبىئىتىم يول قويمايدۇ. ئەنە شۇ بېسىم كىشىنى تۈگەشتۈرۈۋېتىدۇ، ئىززەت جىنسىيەتكە تېتىمايۋاتسا ئۇنىڭ نېمە كېرىكى!

ئۇ قىز پاك سۆيگۈم ئالدىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزدى. مەنمۇ ئۇنىڭ نەزەرىدە مۇھىم ئىشلاردا كەتكۈزۈپ قويغان ئەخمەق ئاشىق بولدۇم. پاكلىق ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلىم ئېرىشكەن نەر-

سەمدىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭغا ئىچىم ھېلىمۇ ئېچىشىدۇ. خىسلەتلىك سۆيگۈ نەقەدەر دىلرەبا! قىز بالاسىدا قالدىم، مۇ-ھەببەتتىكى مەست قىلغۇچ نەرسىلەرنى ماددىيلىقتىن ئەمەس روھىيەتتىن ئىزدەش كېرەكمۇ! ؟ قاغجىرىغان روھنىمغا ئۇسسۇ-لۇق ئىزدەپ يۈرگەن چاغدا ئادىمىي شەيتانلار مىغىلدىشىپ يۈر-گەن كوچىدا مەنمۇ ئاشۇ پەرى سۈپەت شەيتاننى قوغلىشىپ يۈرگەنىدىم. ئۇ دەل دەپسەندە قىلىنغان ۋاقىتنىڭ قىزلىقىدا ئۆيۈپ قالغان قان ئىدى. . . ئۇ قىزنىڭ ۋىسالىغا ئوقۇش پۈت-تۈرگۈچىمۇ ئېرىشەلمىدىم، قىسقىسى، ئۇ قىزنى تۇغۇلغىنىمغا توپۇپ كەتكەن مەلۇم بىر كۈنى (تۇغۇلغان كۈنۈم) دىن باشلاپ قولدىن بېرىپ قويدۇم، ئۆكۈنۈش نەھاجەت! مەن بەرىبىر يەنە سەت چۈشلەرنى كۆرۈپ ئۇخلاپ، ئېزىتقۇ ۋاقىتنىڭ قىزلىقىنى قايتا-قايتا ئېلىپ، يامان ھارسىنىپ ھەم ھالسىراپ كەتتىم. ھالبۇكى، ۋاقىت يەنە قىز پېتى تۇرۇۋەردى، شامالدەك ئۇچۇ-ۋەردى. مەن شۇ قىزلىق پەردىدىن ئاققان خۇن بولۇپ پەسكە — ئۆلۈمگە ئېقىۋاتقان ئازغۇن تامچە بولۇپ قېلىۋەردىم.

ئەي قىز، بىلەمسەن، ئىككى دۇنيادىكى بىچارە ئاشىقلار-نىڭ بىر-بىرىگە تارتىشىشى ۋە بىر-بىرىنى تېپىشىشى ئېلېكتىر زەرەتلىرىنىڭ كۈچىدىنمۇ ئارتۇق! يۇقىرى پەللىدىكى ھاياجان ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنلا گەجگەمنىڭ يەنە قورقۇنچلۇق ئۆلۈم قاراڭغۇلۇقىغا بەنت بولغاندەك قورۇلۇپ، ياستۇققا — بىر ئايال-نىڭ بېشى كەم ياستۇققا غېرىبانە چىڭ چاپلىشىپ قېلىشى بويتاقلىقىمنىڭ ئالامىتى. ئاخشامقى چۈشۈمدە ئامېرىكىنىڭ نا-ھايىتى تەسىرلىك بىر كىنوسىنى كۆرۈپ چىقىپتىمەن، كىنودا

ئىدىيىسى ئەركىن ئامېرىكىلىقلارنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىنى، يۇ-
قىرى پەللىدە ھاياجانلىنىۋېتىپ پىچاق يەپ ئۆلگەن ئەرنىڭ ئۆل-
تۈرۈلۈش ئۇسۇلىنى، ئىشقىۋاز ئايال ئارتىسنىڭ ئەڭ زور
تەبىئىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش ماھارىتىنى، ساقچى بولۇ-
ۋالغان پىسخىلوگنىڭ ئۇ ئايالنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىنىمۇ بېسىپ
چۈشكەن ئەركەكلىك قۇدرىتىنى ۋە جاسارىتىنى كۆرۈپ ھەيران
قاپتىمىشمەن. چۈشۈمدە يەنە يوشۇرۇن ئېڭىم قارا دېڭىزدەك
ئۆركەشلىدى، ئىمكانسىزلىق، بىچارىلىك بورانلىرى غەزەپ بى-
لەن گۈركىرىدى، ئەقىل ۋە ئەخلاقنىڭ تۆمۈر قەپىزىدىكى شەھ-
ۋەت شىرلىرىم دەھشەتلىك ھۆركىرىدى، قورقۇپ ئويغىنىپ
كەتتىم، يېنىمدا بىر ئايال بولمىغاچقا جېنىمنىڭ يېرىمى قاپتۇ.
يوتقانغا يېگانە مەھبۇستەك سولىنىشتىن بىزار بولۇپ كەتتىم.
كەسكىنلىك مۇلايىملىقنى قاچان ئاياغ ئاستى قىلار؟ مەن شۇ-
نىڭغا تەشنا ھەم بىر تەشەببۇسكار قىزغا غايىۋى ئاشنا. جىنسىي
تۇرمۇشتا ھەركىم ئۆزىگە ئۆزىدىنمۇ بەك ماس كېلىدىغان بىر
كىمنى تاپالىشىدىن چوڭ ئۈمىد كۈتمىسە كېرەك، ئانانىزىم
ئالۋاستىلىرى بۇنى بەكمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ. شۇ چاغدا گۇناھقا چوڭ-
قۇر پېتىپ كېتىۋاتقانچە راھەتلىنىۋاتقاندەك، قىن-قىنىغا سىغ-
مايۋاتقاندەك بولىسەن، ياش جېنىڭغا قىلچە ئېچىنىڭ ئاغرىمايدۇ؛
سۆيۈق كۆڭۈلنى، مۇھەببەتتىكى قورقۇنچ ۋە ئىمكانسىزلىقنى،
چىرايىڭنى تاتىراتقۇ قىلىۋاتقان گۇناھكارلىق تۇيغۇسىنى ئەمە-
لىيەتتە شۇ ئالۋاستىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشىمۇ مۇم-
كىن.

يوتقاندىكى خىيالىمدا پۈل ۋەسۋەسىسى قىز ۋەسۋەسىلىرىگە

تۇتۇشۇپ كەتكەن. يېتىپ ئويلايمەن، مىليونىر بولسام، قول ئاستىمدىكى ۋە باشقا ھەر يەردىكى سەتەڭلەرنى ئويناتسام، قىز چىقسا، سېسىق كۆلدىكى پاقىدەك راھەتلىنىپ كېتەر ئىدىم؛ كۆلدىن چىقمايلا جاھاننىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان جاھانكەزدى پا-قىغا ئايلانسام، ئامەت، راھەت ھەر يەردىن كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم؛ بىراۋلار مەندەك كۆسپوق پاقىدىن يىرگىنىپ نېرى كەتسە، ھەسەتخورلۇق چېلىكىنى كۆلگە تاشلىسىمۇ مېنى سۈ-زۈپ ئالالمىسا، شۇ يەردە ئۆلگۈچە شۇنداق ياير سام نە ئارمان!

. . .

ئۇ قىزنى، ئاشۇ قىزنى ئانانىزم ئالۋاستىلىرى بىلەن يوق قىلدىم، ئۆزۈمنى سۆيگۈ-مۇھەببەت ئالدىدا تۇگەشتۈرۈۋەتتىم. يوشۇرۇن ئېڭىمدا شۇنداق بىر كۆرۈنۈش ئەكس ئەتتى: ساغرى-سىغا پەشۋا يېگەن قىز ئۇ باتۇر يىگىت ئالدىدا تىزلاندى، ساغرى-سىنى تەسلىم بولغان ئەسكەرنىڭ قولىدەك كۆتۈردى، پۇتىنى كەردى، يىگىتنىڭ قوچىقىغا يىقىلدى، ئاخىر ئازاب رەقىبلىرى-نى بىر نەپەستە يېڭىپ ۋىسالغا—چەكسىز راھەتكە يەتتى. بەخت دېگەن شۇمىدۇ؟! توساتتىنلا ئۆزۈمنى باراڭدىكى تاتلىق ئۈزۈم-گە بويى يەتمەي، ئۈنى ئاچچىق دەپ كېتىپ قالغان تۈلكىگە ئوخشىتىپ قالدىم، تۈلكىگە ھەقىقەتەن ئوخشىيالىغان بولسام نى-نى سەتەڭ قىزلارنى ھىيلىگەرلىك بىلەن ئىندەككە كەلتۈرۈ-ۋالماتتىم؟ بەلكىم مەن مۇھەببەتكە قىلچە قادىر بولالمىغان ھەم بولالمايدىغان شەھۋەت بۆرىسى بولسام كېرەك؛ شۇڭىمىكىن ”جىنسىيەت مۇھەببەتنىڭ يىلتىزى“ دېگەن قىبلىنەما قاشقامغا يېزىقلىق.

چىرايلىق قىزلارغا سىڭىپ كەتكەن كۆز نۇرۇم ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۇڭايلا خىرەلىشىدۇ، شەھۋەت يەنە مۇھەببەت بىلەن گىرەلىشىدۇ. ئويلاپمۇ باقمىغان ئىشلار ماڭا ئۆپچۆرەمدىكى مۇھىتتىن زورمۇزور تېڭىلىدۇ. ئەسلىمە چۈش كەبى ئۆتىدۇ، ۋاقىت ئۇنى يالماپ كېتىدۇ! تۇغۇلغىنىمغا ساق يىگىرمە يىل بولغان شۇ خاتىرە كۈندە مەن بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ ئازابلىق ئىكەنلىكىنى، ۋۇجۇدۇمنىڭ موھتاجلىق بېسىمىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندىم، كۈندۈزدە تاماققا تويۇنۇشقا، كېچىدە شەھۋەت شارابىنى ھەۋەس جامىغا تولدۇرۇشقا، نەپسىنى ئىمكانقەدەر قاندۇرۇشقا ھەم شۇ ھۇزۇر-ھالاۋەت يولىدا جۇۋاز كالىسىدەك ئايلىنىشقا ئادەتلەنگەن ۋۇجۇدۇمنىڭ قوغۇشۇن ئېغىرلىقىدا ئۇچۇۋاتقان تۇرمۇشنىڭ مەركىزىدە يەر يادروسىدىكى ماگما ۋە غايەت ئوت-لاۋىدەك ياندىغانلىقىنى كۆرۈۋالدىم.

سۇيۇق كۆڭلۈمدىن قېچىپ كەتكەن غايىۋى مەشۇقلىرىمنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمىگەنچە رېئاللىقتا رومانتىكىدىنمۇ بەك ئامراق بولۇپ كېتىپتىمەن؛ شۇنداق قىلىپ، مۇھەببەت دېگەن ئۇقۇم ئېڭىمدا جىنسىي ھەۋەسنىڭ قۇيرۇقىغا ئۇلاندى. بەزىدە مەن ياۋايىلىق كالىسىغا مىنىپ شەھۋەت يايلىقىدا ئوتلاۋاتقىنىمدا، مۇھەببەت قويلىرى كەينىدىن ئەگىشىدۇ، مەرىشىدۇ، شوخلۇق قىلىپ سەكرىشىدۇ؛ لېكىن ئۇلارنىڭ شوخلۇقى ئېلىپ كەلگەن ئەمىنلىك ۋە ئازادىلىك ماڭا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولالمايدۇ. قارىغاندا، ھەقىقىي ھاياجانلىق كەيپىيات بەخش ئېتىدىغان جىنسىيەتنىڭ سېھرىي ئەپسۇنىغا باغلىنىپ ياشاش پې-

شانەمگە پۇتۇلۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

ئۇ قىزنىڭ نازۇك بېلىنى تۇتالمىغان قوللىرىم ھەر ئاخشىمى ئانانىزىم ئالۋاستىلىرىنى سۆرەپ كېلىۋەرگەچكە ئاخىرى تۇگەشتىم، قىزنىڭ كۆڭلىدىكى خىياللىرىنى چوڭ بىلىپ كېتىپ، ئىچىمدىكى كونا ۋەسۋەسلەرنى تۇنجۇقتۇرۇشقا ئۇرۇندۇم، بىراق يەنىلا بىچارىلىككە يولۇقتۇم. ۋەسۋەسە قىستاۋەرسە، ئىچىم سىقىلىۋەرسە، يۈرىكىم بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە سوقۇۋەرسە كەيپىم بۇزۇلۇۋېرىدۇ، جۇرئىتىم ماكچىيىۋېرىدۇ، ئىرادەم قورساقتىكى كۆپۈك، سېسىق يەل بولۇپ قېلىۋېرىدۇ؛ ئۇ قىزنىڭ بەدبەشىرە ماھىيىتىگە ئاشنا نەپسىم، ئۇنىڭ تاشقى گۈزەللىكىنى يۇتۇۋالغۇچ قەستىم ئۆز ھالىمغا بېقىپ تۇگىشىدۇ. ئەمما داشقايناقتا تىرىك تاشلانغان تۆڭگۈزدەك سەت چىرقىراۋاتقان ياۋايى ئىستەكلىرىم ئۆلگۈچە ئۆزۈلمەيدۇ، بۇ نېمىدېگەن يامان قىسمەت!

ئەھمىيەتسىز ئىشلار قوينىدا ئەھمىيەتسىز خىيال تۇغۇلىدۇ، ھېچنېمە ئەستە قالمىسىمۇ نېرۋىغا تەسىر قىلغۇچ نەرسىلەر مېڭىدىن يوقالمايدۇ. كونا ئىشلار كونا قائىدە بويىچە داۋاملىشىۋاتسىمۇ ئۇنىڭدىكى كەيپىيات يېڭى، تۇيغۇ يېڭى، ئاساسىي مۇقامىمىز يەنىلا جاراڭلىق! يۈرەك ئەسلىدىكى قىزغىنلىق بىلەن سوقۇۋاتقان ھەم ئۇنىڭ يامان خۇمارى يوقالمىغان بولسىمۇ، سىرلىق ئۈچ بۇرجەك رايوندىكى سېھىرلىك ئەزا تۇتقۇنلۇقتا ۋە خارابلىقتا يولۇقماي قالمىدى. كۆز ئالدىمدا دۇنيا، كۆز ئالدىمدا دوزاخ ئوتى! ياشلىقىمدا ئوتتەك يالقۇنلاۋاتقان يۈرىكىم ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقتا. . .

كۆتۈش بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن ئەركىسىز ئەرك ھاياتىمدا ئۆمۈر بويى كۆتۈش، ساقلاش، تەقەززا بولۇشتىن خالىي بولال-مايمەن، ئۆزۈم ھەقىقەتەن كۆڭۈل بەرگەن بىر قىزنىڭ يېنىدا پەسلىشىپ قېلىشتىن قۇتۇلالمايمەن. ئۇنىڭغا ئانانىزمنىڭ ئاس-تىدىن چىققان سۆيۈق كۆڭۈلنى بېرىۋېتىپ، ئۆزۈم ھېچنىمىسى يوق ھەم ھېچنېمىگە ئىگە بولالمىغان قەلەندەرگە ئايلاندىم. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، تاپىنىم ئاستىدا يەر، قۇرتتەك مۆلايىم بەدىنىم ئاستىدا كۆرپە، ئۈستىدە ئانانىزم ئۆچىكىگە ئايلانغان يوتقان بار. ئۇزاققا قالماي، بەدىنىم ئوراقلىق ھالدا، خاتىر-جەملىك ھەم پۇشايمان ئىچىدە ھەقدادىمغا يېتىمەن؛ ئېھتىمال، بۇ مەن ئۈچۈن كېپەنلىككە ئورۇلۇپ، مەڭگۈلۈك ئاراملىققا چىقىش ۋە ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ ئىپتىداسى بولسا كېرەك.

رېئاللىقتا ياكى تەسەۋۋۇرۇمدا يات جىنسقا بەخشەندە بولۇپ كەتكەن ئوتلۇق ھېسسىيات كۆچىدىن گاھى تېرىكىپ بوغۇلد-مەن، گاھى يايراپ، گويا قايتىدىن تۇغۇلىمەن، شۇ ئىشلارغا ئىنتىلگەن ئىرادىلا ئادەمنى ھالسىرىتىدۇ. چۈشمۇ چۈش، ھا-ياتلىقمۇ چۈش. بىرلا قېتىم كېچىشىم كېرەك بولغان لاي سۇ-نىڭ تېگىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، يەنە كېلىپ بىر كەچكەندىكى سۇ كېيىنكى كېچىكتىكى سۇغا ئوخشىمايدۇ. قىزپەرەسلىك يالغۇز مېنىڭ گۇناھىممۇ؟!

ئىچىم بۇرۇقتۇرمىلىققا تولۇپ كەتتى. بۇزۇق ھاۋا، چىد-رىك ئىدىيە، سېسىق گەپ بۇزۇق كەيپىياتنىڭ مەنبەسى ھەم بۇزۇق قىزلارنىڭ روھىي يۆلەنچۈكى. تۇزۇككىنە خۇشال بولۇپ باقمىدىم. كۈتۈش بۇرۇقتۇرمىلىقى ھەممىدىن يامان ئىكەن.

هارغىنلىقتىن يوتقانغا تىقىلدىم، خارابلىققا يىقىلدىم، يەنە ئا-
زابلاندىم، تەن بەرمىدىم، بەخىرامان ياتتىم، بىخۇدلۇققا پات-
تىم. ھاياتلىق دېڭىزىدا تەۋەككۈل قولۇقىغا ئولتۇرۇپ يىراق
قىرغاقلارغا بارالمايدىغان ئوخشايمەن. شېرىن لەۋ، قايناق
توي، قايناق سەزگۈ، قايناق تۇرمۇش شۇ تاپتا پەقەت روھىمدا،
ئەركىن يايراۋاتقان تەسەۋۋۇر قۇشلىرىمنىڭ مەست كاللىسىدا
ۋە ”سېرىق“ تېنىمدە ئەزەلىي تۇيغۇ ھالىتىدە پەيدا بولماقتا ھەم
شەھۋەت كېچىسىنىڭ ئەسلىمىلىرى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەت-
مىدى. ۋۇجۇدۇمنىڭ مەركىزىدىكى بۇ ئەزا ئارقىلىق مېڭەمگە
مەستلىك، ئازغۇنلۇق يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان قىتىغۇر شەيتانلار-
نىڭ سەۋر-تاقىتىم، چىدام-غەيرىتىم، ئەقىل-پاراستىم ئۇستى-
دىن غالىب كېلىشى، نەپسىمنى ئۇلغايتىۋېتىشى كۆزۈمگە كۆ-
رۈنۈپلا تۇرىدۇ. يوشۇرۇن ئېڭىدا ھايۋانىيلىق قۇتراپ تۇرغان
مەندەك ئادەملەر جاھاننى قاپلاپ بولدى. بىز غايىۋى ھىسابلايدى-
غان، چۈشىمىزدە كۆرۈشنى ئىستەيدىغان گۈزەل جانانلارنى بە-
زىلەر (بىزنى ھەۋەس ھەم ھەسەت قىلدۇرغانلار) ئۆز نەپسىنىڭ
قۇربانى قىلىپ، ئۆزىنى تېخى ئۇلارنىڭ سائادەتلىك مەبۇدىسىغا
ئايلاندۇرۇۋالدى. نۇرغۇن قىزلىق پەردىلەر بۇزۇلدى، نۇرغۇن
ئاھۇ كۆزلەردىن قانلىق ياش تۆكۈلدى. پاكلىق پەردىسىنىڭ
بۇزۇلۇشىنى بىر قىزنىڭ ھالاك بولۇشىغا تەڭلەشتۈرۈپ قويۇش-
نى مۇقەددەس مۇھەببەت كەلتۈرۈپ چىقارغان، نومۇسنى ئۆ-
لۈمدىن يامان كۆرۈش ھازىرقى دەۋردىكى قىزلارنىڭ بىمەنە
غايىسى بولۇپ قالغانمىدۇ؟

زىناخور داخاننىڭ چىرايلىق بىر قىزنى ئاتا-ئانىسىنى

سىرتتا تۇرغۇزۇپ قويۇپلا ئۆي ئىچىدە دەپسەندە قىلىشى، خوتۇ- نىنىڭ سىڭلىسىنى چىرايلىق كۆرۈپ، خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈپ سىڭلىسىنى ئالماقچى بولغان ئەرنىڭ ياۋۇزلۇقى، ئىرنى ئال- ماشتۇرۇپ ئوينىغان ئاچا-سىڭىلنىڭ ئۇچىغا چىققان هاماقەتلى- كى، لۈكچەكنىڭ تېنى ئاستىدا يېتىپ تۇرۇپمۇ خىرىستوستىن پاناھ تىلىگەن ۋە بۇ باسقۇنچىلىقنى چۈشىنەلمىگەن نادان قىزنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى، پۇلنى كۆرۈپ خوتۇنىنى خەققە سولاپ بەرگەن ۋە يەنە خوتۇنىغا چىدىماي ئۇنىمۇ، پاھىشىۋازلارنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئەرنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىنىشى، قى- چىقى بار ئايالىنىڭ تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتكەن ئەرنىڭ رەھىم- سىزلىكى، ئۆزىنى يۇقىرى پەللىدە هاياجانلاندۇرالمىغان ئېرى- دىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالنىڭ بالىلىرىنى يېتىم قويۇشى، ئاشىنىدارچىلىقنى كەچۈرگىلى بولىدىغان گۇناھ دەپ هېسابلايدى- غان ئەر-خوتۇننىڭ بىر-بىرىنى ئەپۇ قىلىشى بۇ جەمئىيەتنىڭ قاباھەتلىك چۈشى ھەم رېئاللىقىدۇر. بۇ رېئاللىق ئەقىل ۋە ئەخلاقنى چۆچۈتىدۇ، ئەمما يوشۇرۇن ئاڭدا قايىللىق قوزغايدۇ. ھەممە جىنايەتنىڭ مەنبەسى ئەنە شۇ يوشۇرۇن ئاڭدىكى ياۋايى- لىق، قازاندەك قارا، قايناق سۇدەك كۆيدۈرگۈچ روھىيەتتە ئەمەسمۇ؟! ئۇ قاباھەتلىك روھ ئەسلىدە زۇلمەت بىلەن تولغان. ئۇنىڭغا ئەگەر هالقىما ئاڭدىن تام ۋە روجەك قويۇلمىغىنىدا ھەم ئۆزلۈك ئاڭدىن كىچىككىنە يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇرمىغىنىدا بىزمۇ ئاقىۋىتىمىزنىڭ نېمە بولۇشىنى بىلمەيمىز. بۇ ياتاقنىڭ تۆت تېمى ئەسلىدە ماڭا ئەتراپىمدىكى ئادەملەردىن خۇپىيانە، رەزىل ئىشلارنى قىلىشقا ئىمكان بېرەتتى، لېكىن ئويلىغاننى

قىلالمىدىم، سەۋەبى ئۆزۈمگە ئايدىڭ.
شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ ئۇ پاھىشە قىزنىڭ تېنىدىن ئالغان ھوزۇرىغا شۇ قەدەر ھەسەت قىلغانىدىم. ئۇ ئىشنى تۈگىتىپ، ئىشتان بېغىنى ئېتىپ، ئىشىكنى ئاچقاندا ھەم مېنى كۆرگەندە يۈزى جىنسىي ھاياتىدىنمۇ ياكى مېنى كۆرگەندىن كېيىنكى جىددىيلىشىشتىنمۇ ئىشقىلىپ بەكلا قىزىرىپ كەتكەنىدى، يۈزىدىكى دانىخورەكلەر قىزىل مونچاقتەك كۆپۈپ چىققانىدى (مەن ئۇنىڭ شۇ دەقىقىدىكى ئەپتىنى ئەسلىسەم جىنسىي ھاياتىنىڭ ياشلىق يالقۇنىدىكى چوغدەك سىماسىنى ئەينەن كۆرگەندەك، مۇھىم بىر نەرسىنى بايقىغاندەك بولىمەن. بۇ بىر ئەرزىمەس بايقاش بولسىمۇ جىنسىيەت مەسىلىرىگە سەزگۈر بولۇپ كەتكەن كاللامدىكى ھەر بىر ئۇقۇم، ئىدىيە، تەسەۋۋۇر ئۇ بايقاشلارنى گاز شارىدەك كۆپتۈرۈپ، تەبىئىيلا يوغىنىتىۋەتكەنىدى). ئۇ خۇددى بۇ پاھىشە قىزنى ئۆزىنىڭ خوتۇنىدەك، بىز سەككىز ئادەم ياتىدىغان بۇ ئوقۇغۇچىلار ياتىقىنى ئۆزىنىڭ ئۆيى قىلىۋالغاندەك بىر ئەلپازدا ماڭا ھومىيىپ قارىدى. مېنىڭ ئۇنىڭ ساۋاقدىشى ھەم موشۇ ياتاقنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىمنى ئۇنۇتتى. مەن ئۇنىڭ ياۋا ئوت-چۆپلەر بېسىپ كەتكەن ياۋايىلىق يايلىقىغا ئۇشتۇمتۇت بېسىپ كىرگەچكە ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى قىياپىتىنى يوشۇرالمىغان ئاچچىقىدا ماڭا ئادەم ئەمەس بەلكى يىرتقۇچ ھايۋاندەك سىياقتا خىرىس قىلدى:
— ھوي يوقال، ماڭ، تالاغا چىق، بىر دەم كىرمەي تۇر!
كۆزۈم ھېلىقى مەنزىرىدىن ئالچەكمەن بولۇپ، مېڭەم ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەندەك بولدى، ئاچقۇچنى تۇتقان قولۇم

كۆچلۈك ھەسەت ۋە بۇ يولسىزلىقتا بولغان غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، مەنمۇ بوش كەلمەي ۋارقىرىدىم:

— ھوي، نېمىش قىلىۋاتىسەن ئېشەك! پاھىشىخاناڭمۇ بۇ! قىلغىلى يەر تېپىلمىغاندەك، ياتاقنى بولغاپ. . . كۆت گۆي!. .

— ماڭ، تولا گەپ قىلماي چىقە ماز گۆي، نوچى بولساڭ سەنمۇ شۇنداق قىل!

مەن بۇ ھاقارەتكە قانداقسىگە قايىل بولۇپ قالدىمكىن، ياتاقتا قانداق تېز كىرگەن بولسام شۇنداق تېز چىقىپ كەتتىم؛ يۈرىكىم ئەلەملىك پۇلاڭلاپ، غۇر ۇرۇم ساختا ئەركەكلىك ۋە مەردلىك كۆچىدە غۇلاپ چۈشتى. ئۆزۈمگە بايا بولغان ئىشنى نېمىدەپ چۈشەندۈرۈشنى ھەم قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمە-دىم، ئېسىمدە قالغىنى پەقەت ئۇنىڭ يۈزىدىكى قان تولۇپ كەتكەن دانىخورەكلەر، كۆزىدە قېتىپ قالغان چەكسىز ئېچىر-قاش ۋە ياۋايىلىق ئىستەكلىرى، بۇلغىنىش ئالدىدىكى بۇزۇق قىزنىڭ كۆزىنى يۇمۇپ ئۇڭدا ياتقان ھالىتى، بىزلەرگە چىقىش ناھايىتى تەس بولغان ئېگىز تاغدەك كۆرۈنۈپ كەتكەن نازۇك بەدەن. . ئاناڭنى گۆي، ئاناڭنى جالاپ! سەن قانداق نېمىلەر، مەن نېمە بولغان ئادەم! كاللامدا ئىزچىل پىرقىراپ، ئەقلىمنى ئايلاندۇرۇۋاتقان ئاينىتقۇچ ئويلار قەدىمىمنى توختىتىپ قويدى، غەزەپ ئاچچىقىم بىلەن كەينىمگە ياندىم. چۈنكى مېنىڭمۇ ياتاقتا قىلىدىغان زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ياتاقتا تېخى ھېچكىم قىلمىغان ئۇنداق ناشايان ئىشنى ئوغۇرلۇقچە قىلىشى ھەم بايىقى ئۆكتەملىكى ئىدىيەمدىن زادىلا ئۆتمەيۋاتات-

تى. ئۇ سىنىپ بويىچە خېلى ئەخلاقلىق دەپ قارىلاتتى، ئائىلى-سى كەمبەغەل بولغاچقا فاكۇلتېتتىن ياردەم پۇلى ئېلىپ تۇرات-تى، تەتىلدە ئۆيىگە قايتماي ئاشخانىغا ئىشلەپ پۇل تاپاتتى، شۇ پۇل بىلەن بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇش خىراجىتىنى ئاساسەن ھەل قىلاتتى؛ بۇ قىشلىق تەتىلدە ياتاق بويىچە ئىككىمىزلا قالغاچقى-مىكىن، ئۇ تەپ تارتماستىن كۆپكۆندۈزدىلا بىر بۇزۇق قىزنى ياتاققا ئەكىرىپ ئىپلاس نەپسىنى قاندۇرۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ، قايسى پۇلى بىلەن (ئادەتتە ئۇ پۇلنى ئىنتايىن قىسىپ خەجلەيتتى) شۇنداق سەتەڭ بىر پاھىشەنى ئىندەككە كەلتۈرگى-نىگە تېخىچە ھەيران ئىدىم. مۇبادا ئۇ ئاران تاپقان پۇلىنى بىر قېتىملىق ھۇزۇر-ھالاۋىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، ئالىي مېھمان-خانىدا ياتالمىغاندىكىن مۇشۇ ئەبگا ياتاقتىلا ئىشنى خاتىرجەم جۆندەي دەپ ئويلىغان بولسا، مەن ئۇنىڭ ئىشىنى بۇزۇپ قوي-سام ئۇنىڭغا ئۇۋال بولارمۇ دېگەن خىيال تۇرۇپلا كاللامغا كىرد-ۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ-نەپرىتىم بارا-بارا ھېسداشلىقتا ئۆزگىرىپ كەتتى. ياتاقنىڭ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپلا ياتاق ئىچىدىكى ئەشەددىي تىۋىشلاردىن سەگەكلەشتىم، قېنىم ئىختىيارسىز قايناپ، جۇش ئۇرۇپ كەتتى؛ بۇ يەردە تۇرۇۋې-رىشكە ماغدۇرۇم قالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىمكانسىز-لىقتىن ھەسرەتلىنىپ، پۇتۇمنى ھالسىز سۆرەپ بىنادىن چۈ-شۈپ كەتتىم؛ ئەمما ھېلىقى كۆرۈنۈش ۋە ھېلىقى ئاۋازدىن ئەگىپ كېتەلمەيۋاتقان خىياللىرىم خۇددى قوزغۇندەك ئۇلىشىپ كېلىپ تاشقى دۇنيادىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان، سەزگۈلىرىنى يوقاتقان ھالسىز، ئۆلۈك جىسمىمنى تالان-تاراج قىلىۋاتاتتى،

قاتتىق قىينىلىپ كەتتىم؛ ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ ئاشۇ ئىشـ
ـرەتۋازلارنى ئەڭ سەت گەپلەر بىلەن تىللىغۇم كەلدى. بىراق
بەربىر بىچارىلىكتىن قۇتۇلالمايتتىم. مەيدانغا بېرىپ توپ ئويـ
ـنىغۇم كەلدى. قارىسام قىز-ئوغۇللار بىر ئايلانما هاسىل قىلىپ
ۋالىبول ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ، ئۇلارمۇ كۆزۈمگە بىر-بىرىنىڭ
ۋىسالىغا يېتەلمەي قىينىلىۋاتقاندەك شۇ قىينىلىشنى بېسىش
ئۈچۈن بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ توپ ئېتىپ، توپ ئۇرۇپ،
يوشۇرۇن هۇجۇم قىلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى، رەقىبلەر
ئۆز ئارا ئۇچراشقاندا كۆزىگە قان تولغاندەك، ئۇلارنىڭ كۆزىگە-
مۇ قان تولغاندۇ ياكى نۇر تولغاندۇ، بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم،
مەن پەقەت ياتاقتىكى ئاشۇ هالەتنى ۋە ئاشۇ لەززەتنى تەسەۋۋۇر
قىلىپ، بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ بېسىمىغا چىديالماي قىلىۋاتاتتىم.
نەپسىم شاردەك كۆپۈپ ئېتىلاي-ئېتىلاي دەپ قالغانىدى. خۇدا-
يىم مېنىڭ مۇشۇ گۇناهكار ياۋايى نەپسىم ئۈچۈن هەم مۇشۇ
نەپسىمنى قانداق قىلىشىم ئۈچۈن تېگىشلىك تاللاش ئەركىنلىكى
ۋە چىقىش يولى بەرگەن بولسىمۇ مەن شۇ چىقىش يولىدا مېڭىش-
نى ئازابلىق كۆرۈپ، ياۋايى نەپسىم باشلىغان گۇناهلىق يولغا
قايتىشتىنمۇ قورقۇپ، تەمتىرەپ، هاڭۋېقىپ يۈرەتتىم. ئىمـ
ـكانسىزلىق كوچىسىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن مەندەك هاماقەتـ
ـنىڭ ئاشۇنداق ئىشنى كۆرۈپ قېلىشى ئىنتايىن زور ئۇقۇشماس-
لىق هەم بەكمۇ ئازابلىق ئىش ئىكەن ئەمەسمۇ! دەرس ئۇقمايدىـ
ـغان هەم جىنسىيەت بىلىملىرىدىنمۇ تۈزۈك خەۋىرى يوق بىر
قوشالتاق گۆينىڭ مەن تېخىچە سۆيۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىـ
ـغان شۇنداق چىرايلىق قىز سۈرەتلىك بىر بۈزۈقنى هەۋەس

ئوتىغا تۇترۇق قىلىشى ئىچىمنى قايىنىتىۋاتاتتى، يوشۇرۇن ئاڭغا تۇتۇشىدىغان بۇ دوزاخ ئوتىنىڭ دەھشىتىگە قانداق چىدىغۇلۇق! نورمال ھوشۇمدىن كەتكەندەك بولۇپ قالدىم؛ تونۇشلار ئۇچرىسا بىرەر ئېغىز گەپ بىلەن چۆچۈتۈپ قويغان بولاتتى، مېنى تونۇمايدىغانلارنىڭ كۆپلىكىدىنلا يالغۇزلۇقتا، خاتىرجەم خىيال سۈرۈشكە بەنت بولغان ئوخشايمەن. تۇرغان جايىمدا قانچە ئۇزاق تۇرغىنىمنى ئۇقمايمەن، بىر چاغدا ئۇ ئالدىمغا ناھايىتى خۇش چىراي ھالدا پەيدا بولدى، قارىسام قىزىللىقى يوقىغان دانىخورەكلەر كىچىكلەپ قالغان يۈزىدە تەبەسسۇم، يەڭگىللىك، تەمكىنلىك ۋە ئەمىنلىك ئىپادىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

—ئويناپ بولدۇڭمۇ؟!—دېدىم مەن زەردە بىلەن.

—يەنە ئوينايمىز تېخى،—دېدى ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن،—بىكارلىق بىر نەرسە دېگىنە، بىزنىڭ ھېلىقى لاۋبەننى بىلىسەنغۇ، ئاشخانىسى ھازىر بەك ئېقىۋاتىدۇ، پۇلنى ئالامەت تېپىۋاتىدۇ، مۇنداق نېمىلەر ئۇنىڭ كەينىگە قانجۇق ئىتتەك كىرىۋېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ لاۋبەنمۇ قاتتىق ئويناپ قويىدۇ، ئۇيناپ بولۇپ زېرىكىپ قالغانلىرىنى ماڭا تاشلاپ بېرىدۇ، ھەققىنى ئۆزى بېرىدۇ.

—سەنمۇ شۇ ئېشىپ قالغاننى ئوينايدىكەنسەنغۇ؟!

—ئۇ دېگەن جالاپ، نېمە بولۇشى بىلەن كارىم نېمە، نوچى بولساڭ سەنمۇ ئويناپ باقە، شۇنداقلارنى تاپالامسەن قېنى، تاپقاندىمۇ پۇلۇڭ بولسا ئوينىيالايسەن.

—لاۋبىنىڭ قالتىسكەنغۇ، قورسىقىڭنىمۇ باقسا، جىنسىي تەلپىڭنىمۇ قاندۇرسا، يەنە تېخى ئاي توشقاندا قولۇڭغا پۇل

بەرسە.

— بىز دېگەن بىر يۇرتلۇق، مەنمۇ ئۇ يەردە قاتتىق ئىشلەي-مەن دېگىنە.

— ئېشەكتەك ئىشلىتىدىكەن-دە، ئۆزۈڭمۇ بارغانچە ئېشەك-كە ئوخشىغىلى تۇرۇپسەن.

— ئالدىمدا نېمە دېسەڭ دە، لېكىن بىزنىڭ ياتاقتىكى بالى-لارغا بۇ ئىشنى دەپ سالما.

— قېنى ئۇ بىر نېمەڭ، بىللە ئېلىپ چىقماپسەنغۇ؟

— ئاخشام ئۇيقۇسىز قاپتۇ، بۇگۇن بەك ھېرىپ كېتىپتۇ، ياتاقتا ئۇخلاپ قالدى، مەن ئاشخانىغا بېرىپ كەچتە كەلگۈچە ئۇخلاپ تۇرىدۇ.

— ئەڭ ياخشىسى بىللە ئېلىپ كەت، بولمىسا ئۇ بىر نې-مەڭنىڭ كۆتىگە تېپىپ ياتاقتىن قوغلاپ چىقىرىمەن.

— كۆتۈڭنى قىس، ئۇ ياتسا مېنىڭ كارىۋىتىمدا ياتىدۇ، سېنىڭ نېمە كارىڭ، سەنمۇ مېنى دورايمەن دەپ ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويساڭ كەچتە مەندىن تاياق يەپ قالىسەن، ئەگەر ئۇ خالىسا ئاخشاملىقتا سەنمۇ ئىنسان لەززىتى قىلىشىڭ مۇمكىن.

ئۇ سەت ھىجايغىنىچە يولىغا راۋان بولدى. مېنىڭ كاللامغا شۇئان ھېلىقى لەززەتنى سۈرۈش خىياللىرى كەلكۈندەك يامراپ كىردى. ئەر-ئاياللارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى، جىنسىي ئىقتىدارى، مۇھەببىتى ۋە جىنسىي مۇناسىۋىتىگە دائىر كىتاب، كىنو، ھەتتا سېرىق سىنئالغۇ فىلىملىرىنى مەن خېلى كۆپ كۆرگەنىدىم، ئاڭلىغان پاراڭلىرىممۇ بەك تولا ئىدى؛

شۇنداق قىلىپ، بالاغەتكە يەتكەنسېرى ئېڭىمنىڭ يېرىمىنى جىن-سىي ئاڭ ئىگىلەپ بولدى، قىزلاغا بولغان مۇھەببەتلىك ھەم شەھۋەتلىك تەلپۈنۈشۈم كۈچەيدى، لېكىن شۇ خام خىياللىرىم ۋە ئۇرۇنۇشلىرىم تامامەن ئىچىمدىلا ئۇجۇقتى، ئۇنى ئويلىغان-سېرى ئىشقا ئاشۇرالمايدىغانلىقىمنى نەدىن بىلەي، مەن يات جىنسلارغا ئىنتىلگەندەك، ئۇلارنىڭمۇ ماڭا ياكى باشقا ئەرلەرگە ئىنتىلىشىنى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى، چىراي ئىپادىلىرى ۋە گەپ-سۆزلىرىنى، بولۇپمۇ ئىككى تەننىڭ رەس-مىي ئۇچراشقاندىن كېيىنكى ھاياجانلىق ھالىتىنى بىلىشكە ئوت-تەك قىزىقاتتىم ھەم شۇنىڭغا ئاجايىپ تەشنا ئىدىم، مانا ئەمدى كۆتكەن پۇرسىتىم مېنى ھەيران-ھەس قالدۇرغۇدەك، خۇشال قىلغۇدەك ھەم ھاياجانلاندۇرغۇدەك دەرىجىدە شۇنچە تېز يېقىن-لاپ كېلىۋاتاتتى. تەسەۋۋۇرۇمدا ھېلىقى بۇزۇق ئەمدى بارغانچە سۆيۈملۈك ۋە تارتىملىق بولۇپ كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ پۈتىنى كەرگىنىچە شەھۋەت دەرياسىدا شىددەتلىك ئۈزۈۋاتاتتى ھەم ئاپئاق بېلىقتەك پىلتىڭلاپ سەكرەپ قوياتتى. ماڭا چىقىش ئىنتايىن مۇشكۈل، ھەتتا مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنۈپ كەتكەن ھېلىقى چوققا ئەمدى پەسلەۋاتقاندەك قىلاتتى، مەن ئۇنىڭغا ھېچ قىينالمايلا، يەڭگىللىك بىلەن چىقىپ كېتىۋاتاتتىم؛ بىنانىڭ پەلەمپىيىدىن جۇشقۇن، تېز قەدەم بىلەن ئاتلاپ ماڭدىم، ۋۇجۇ-دۇم كۆلدە ئۈزۈۋاتقان پاقىدەك يايراپ، شۇخلىنىپ كېتىۋاتات-تى. ھېلىتىنلا ھاياجانلىنىپ، بولالماي قېلىۋاتقىنىمغا قاراپ كۈلۈۋاتقان ئەخلاقىم مەيدەمگە گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇۋاتقان يۈرىكىم-نى چىڭ قامالىۋالغانىدى؛ يۈرىكىم غەلىتە ئاغقاندىن كېيىنلا

خىيالىمدا يىراقتا قالغان تەقۋادار ئاتا-ئانام ۋە مەن ۋىسالىغا يېتەلمىگەن تۇنجى مۇھەببىتىمنىڭ غەزەپلىك، مەسخىرىلىك تۇستە ئەكس ئېتتۈاتقانلىقىنى ھەم ماڭا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋات-قانلىقىنى تەبىئىيلا بايقاپ قالدىم، بىراق بۇنىڭلىق بىلەنمۇ سىپىق كۆلگە سەكرەش تەشنالىقىمنى قاندۇرۇش ئىستىكىدىن يانمايتتىم، ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن ئۆزۈمدىن موشۇ بىر نۆۋەت بولسىمۇ ئەسەبىي ھالەتتە ھالقىشىم بۇ ھالقىشقا توسقۇن بولۇۋاتقان ھەرقانداق ناباپ، قۇرۇق خىيال ۋە تەشۋىشنى ھامان يوقىتىدۇ، دەپ ئويلاتتىم. بۇ ئويلىرىم رېئاللىقتا ئىشقا ئېشىش ئالدىدا تۇراتتى، كۆچلۈك قىزىقىش ۋە كۆزۈمنى ئەتراپىمدىكى جىمى نورماللىقتىن چەتلەشتۈرۈۋاتقان تەنتەك ھەۋەس ئالدىمدا يول باشلاپ مېڭىۋاتاتتى، خۇددى بىر ياۋۇز قاتىل ئىشنى تۈگەت-كەندىن كېيىن قانۇن تورىدىن قانداق قېچىشنى ئالدىنئالا ئويلى-غاندەك، مەنمۇ بۇ ئۆلگۈر نەپسىمنى قاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزۈمگە قانداق تەسەللى بېرىشنى ئويلاپ كېتىۋاتاتتىم. ئادەتتە كىتابقا ياكى دوسكىغا قارىسام خىرەلىشىپ، ئۇيقۇلۇقتا يۇمۇ-لۇپ كېتىدىغان كۆزۈم شۇ تاپتا شەھۋەت تەقەززاسىدىن دەھشەت-لىك چەكچىيىپ، پارقىراپ، قان تولۇپ، تەسەۋۋۇردىكى ئاشۇ ھاياجانلىق كۆرۈنۈشتىن باشقا نەرسىنى پەرق قىلالماس بولۇپ قالغانىدى؛ ياتاق ئىشىكىنىڭ تۈۋىگە كەلگۈچە كۆزۈمگە ھەقىقە-تەن ھېچنېمە كۆرۈنمىدى، دىققىتىممۇ باشقا ياقتا بۆلۈنمىدى، بىرەر ھەسەنتخور، ناكەس ئەبلەخمۇ يولۇمغا توسقۇن بولالمىدى، ياتاققا توسقۇنسىز ھالدا كىرىپ كەلدىم، ئىشىكنى مەھكەم تاقى-دىم؛ بىر-بىرىگە ئۆلاشماي قېلىۋاتقان نەپەسلىرىمنى پەسكويغا

چۈشۈرۈپ، كارىۋاتتا يوتقانغا يۆگىنىپ ياتقان تەييار ”توشقان“غا ئاچ بۆرىدەك ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارىدىم؛ شەھۋەت كۆزەينىكى تاقىغان كۆڭۈل كۆزۈمنىڭ نۇرى لازىر نۇرىنىڭ ئىقتىدارىدىنمۇ ئۆتە ئىلغارلىق بىلەن يوتقاندىن ۋە ئۇ پاسكىنىنىڭ كىيىملىرى-دىن تېشىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى سىلاشتۇرۇشقا ھەم ئۇنى كۆڭۈل ئىكرانىمدا پەيدا قىلىشقا باشلىدى. ھاياجاندىن پەيدا بولغان ئەرلىك ھەۋىسىمنىڭ ئەدەپ كەتكىنىگە شۇتاپتا ناھايىتى ھەيران قېلىۋاتاتتىم، ئەمما ئۇنىڭ ئىقتىدارىدىن گۇ-مانلىنىۋاتاتتىم؛ چۈنكى ئۇنى ئانانىزم ئالۋاستىلىرى ئۇزاقتىن بېرى خارلاپ كېلىۋاتاتتى ھەم خاراب قىلىۋاتاتتى، يۇمشاقلىق قاتتىقلىقتىن ھامان يامان چىقىۋاتاتتى. يوتقان ئىچىدە پارازىت قۇرتتەك تۈگۈلۈپ ياتقان ئۇ پاسىق ۋۇجۇدمۇ ماھىيەتتە ئانانىزم ئوبيېكتلىرىمغا ئوخشاش ئىدى، ئوخشمايدىغىنى ئۇنىڭدا يەنىلا ئىسسىق جان، ئىللىق نەپەس بار ئىدى، مەن ھازىر پەقەت شۇنى ھېس قىلىپ بېقىشنىلا كۆزلەۋاتاتتى، ئۇنىڭغا تارتىنىشىۋاتقان جېنىم بىلەن ئۇنىڭ جېنىنىڭ قانداق ھالەتتە بىرلىشىدىغانلىقىغا قىزىقىۋاتاتتىم. بىراق ئۇنىڭ جېنى بايىقى بىرلىشىشتىن كېيىن سوۋۇپ كەتكەن بولسا، ھېممەت دېگەن گۇي ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ يەردە قويغان بولسا، ماڭا ئۇنىڭ تاشلاندۇق، ئەرزىمەس، ئېپلاس تېنىلا قالغان بولسا، مېنىڭ يۈرىكىم بىكارغا سوققان، ئۆزۈم چوڭ بىلگەن جىنسىي جېنىمنىڭ قەدرى قالمىغان، تېخى بىرەر پاك قىزنىڭ جىسمى بىلەنمۇ ھەقىقىي تېگىشىپ باقمىغان تېنىم، چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ باقمىغان سەۋرچان ساپ ئەر-كەكلىكىم بۇلغىنىپ كەتكەن بولمامدۇ؟ ئەمما ئانانىزمنىڭ قو-

لىدا تېز لا ئۇجۇقۇپ، چاپسانلا جان بېرىدىغان ناكەس ئەزايىم بۇ قېتىم ئەشەددىي ھېسسىياتلارنى پاك قەلبىمگە زورمۇ زور تېڭىپ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتاتتى، گۇمانىمغا قارشى ھالدا غەزەپ بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئارقىسىغا ئىشرەت لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ھېلىقى سىرلىق، ناتونۇش، ئەمما كىشىنى چەكسىز ۋەسۋەسىگە سالىدىغان سېھىرلىك قەلئەگە، پۇلدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان لەززەت خەزىنىسىگە دادىل يۈرۈش قىلىۋاتاتتى؛ مەن بۇ قوشۇننىڭ قەھرىمانى بولالمىسامۇ ئەمما مەغلۇبىيەتچى بولۇشنى تېخىمۇ خالىمايتتىم، شۇڭا بىر پىلا يوتقاننى قايرىۋەتتىم؛ ”پاسىق سۆڭەك ئالۋاستى“ ئۆلۈكتەك ياتاتتى، خۇددى بوۋاق بالىدەك يېنىك تىناتتى. كۆز ئالدىمدا مېنى يۇتۇۋېتىدىغان شەھۋەت ئەجدىھاسى سوزۇلۇپ ياتاتتى، مەن خۇددى قىرىق قاراقچىنىڭ خەزىنىسىگە تۇنجى كىرگەن چاغدىكى ئەلى بابادەك ھەيرانلىق ۋە تەقەززالىق ئىلكىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. نەپسىم شەيتانلىرى ئەگەر ئەقلىمنىڭ توسقۇنلۇقىسىز ھالدا بىر توپ ياۋا تۆگىگۈزدەك يوپۇرۇلۇپلا كېلىدىغان بولسا، مېنىڭ ئۇ ئالۋاستىنىڭ يېپىنچىلىرىنى يىرتىۋېتىپ ئۇنى يالىڭاچلىغۇدەك ئەلپازدا ئەسەبىيلىشىشىم ئادەتتىكى ئىش ئىدى، ئەمما مەن شۇ تاپتا ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ قورقۇۋاتاتتىم؛ ئانانىزمدىن كېيىنكى پۇشايمان ۋە گۇناھكارلىق ھېسسىياتى ھېلىتىنلا قەلبىمنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋاتاتتى. ئەگەر ئۇ كۆزىنى تۇساتتىنلا لاپپىدە ئاچسا شەھۋەت سۆيۈقلۇقى مۇددەتتىن بۇرۇن مېنى ئازابقا سالىدىغاندەك، بەدىنىم تىتەنلىشىپ، يۈرىكىم قورقۇنچلۇق سېلىپ كېتىدىغاندەك، ماغدۇرىدىن كەتكەن پۈتۈم

”پىلسىرات كوۋرۇكى“دىن تېپىلىپلا كەتسە ئۆزۈمنى قان-يى-رىڭغا تولغان يىلان-چايانلار يۆگىشىپ تۇرغان جەھەننەمدە كۆردىغاندەك ھېس قىلىپ بەكمۇ جىددىيلەشتىم، ئىككىلىنىپ تەمتىرەپ كەتتىم. بۇنىڭ ماڭا زور بىر ئەندىشە ۋە شەھۋەتپەرەسلىك ئاپتى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بەلكىم ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ھېس قىلىپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى، لېكىن بۇنداق پۇرسەتنىڭ ئوڭاي قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇ ئىشنى ئويلىغان بىلەن ئاسانلىقچە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە پۇل، شارائىت، كەيپىيات ۋە باشقا ئىمكانىيەت ئامىللىرىنىڭ بولۇشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتىپ، قولغا تەسادىپىي كىرىپ قالغان بۇ ”تاشلاندۇق ئوۋ“نى قانداقلا بولمىسۇن ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەسلىك قارارىغا كەلدىم. مەن ئاخىر ئۆزۈمدىن ھالقىپ ھايۋانىيلىق چېگرىسىغا يېقىنلاپ ماڭدىم، بۇ ھالىم خۇددى ئۆزىنىڭ دۆلەت چېگرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قارام ھەم سەل قورقۇنچاق قاچاق ئەسكەرگە ئوخشاپ قالاتتى.

ئىشىك ئۇشتۇمتۇت بوش چېكىلدى، دۇمبىسىگە ئوق يەپ ئۆزىنى ئاتقان رەقىبىگە ھالسىز ھەم ئۆچمەنلىك بىلەن قارىغان ئەسكەردەك كەينىمگە ئۆرۈلۈپ ئىشىككە دەرغەزەپ ھەم ئۈمىدسىزلىك بىلەن قارىدىم، داشقايناق بولۇپ پورۇقلاپ قايناۋاتقان يوشۇرۇن ئېڭىم تېزلىكتە ئۆزلۈك ئېڭىمغا ئالماشتى، رېئاللىق ھەقىقەتەن قاملاشمىدى! ئامال قانچە، ئىشىكنى ئاستا ئېچىشىمغا ھېلىقى غايىۋى پەرىشتەم گۈلدەك كۈلۈپ ئېچىلىپ، مەندىن ئەھۋال سورىغىنىچە باھار شامىلىدەك يەڭگىللىك، ئۇچقۇرلۇق

بىلەن يېنىمدىن سىيپاپ ئۆتۈپ، ياتاقتا تەكەللۇپسىزلا كىرىپ
كەتتى، بەلكىم باشقا ئوغۇللار تەتىل قىلىپ ئۆيىگە كەتكەنلىكى-
نى ۋە ياتاقتا ئۇنچە جىق ئادەم بولمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە،
مۇھىمى مېنى ئۆز ئادىمىدەك كۆرگەچكە شۇنداق قىلغاندۇ. مەن
جان ئۇزۇش ئالدىدىكى ئۆلەمجان ئەسكەرنىڭ ئۆزىلا بولدۇم؛
ئۆلۈكتىن پەرقى قالمىغان، جىمى نورمال ئىقتىداردىن ئايرىل-
غان سەزگۈلىرىم مۇزدەك بىر يېقىمسىز، قەھرىتان ئاچچىق
تۈيغۇدىن تاشتەك قېتىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئىشىك تۈۋىدە
ھەيكەلدەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدىم. تەسەۋۋۇرۇمدىن تاشقىرى
بىر رېئاللىق مېنى تىتماتالاڭ قىلىۋاتاتتى، جېنىمنى رەھىم-
سىزلەرچە قىيناۋاتاتتى. مېنىڭ جېنىم، جىگىرىم، يۈرەك پا-
رەم بىر ياقتا مېنى نومۇستىن ئۆلتۈرۈپ، ئوتتەك ساپلىقى ھەم
ئىپلاسلىقىنى يوقاتقۇچى غايىۋى قۇدرىتى بىلەن يۈرىكىمنى دەھ-
شەتلىك داغلاۋاتاتتى. ئۇ مەن ئالىي مەكتەپ باغچىسىدىن ئاختۇ-
رۇپ تاپقان مۇھەببەت گۈلى ئىدى، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ تەسلىكى-
دىن قولۇم ھەمىشە هاراقتىن زەئىپلەشكەن ئادەمنىڭ قولىدەك
تىترەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. سىنىپىمىزدا ئۇ گۈلنى پۇراپ
باققۇسى كېلىدىغانلار خېلى كۆپ ئىدى، ھەتتا ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆز
ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىپمۇ ئۈلگۈرگەنىدى. ئەمما ئۇ گۈل
ھېچقايسىغا ئېگىلمەي تۇراتتى. ئەسلىدە مەن ئۇنىڭغا يېقىنلى-
شىشقىمۇ پېتىنالماي يۈرگەنىدىم، لېكىن ئۇ ئۆزلۈكىدىنلا ماڭا
كۈلۈپ ئېچىلدى، مەن ئۇنىڭغا سەممىيلىك بىلەن ئىچ، سى-
رىمنى بايان قىلدىم، ئالىي مەكتەپكە كېلىشتىن ئىلگىرى بىر
قىزنى يوشۇرۇن ياخشى كۆرگەنلىكىمنى، ئەمما ئۇنىڭ قولىنىڭ

ئۇچىنىمۇ تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىم سەۋەبىدىن بۇ ياخشى كۆرۈشنىڭ پەقەت دوستلۇق بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانلىقىنى، ئۇ قىزنىڭ مېنى بۇنىڭدىنمۇ ئەتىۋار كۆرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۆزۈمنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا جىسمانىي شەكىل ئارقىلىق مۇھەببەت ئىزھار قىلالمىغىنىمغا تا ھازىرغىچە ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ ھەيران قالدى ھەم موشۇ ۋاقىتقىچە ھېچقانداق بىر ئوغۇل بالىنىڭ مۇھەببەت سىرىنى ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ باقمىغانلىقىنى، مېنىڭ ئۆزىگە بەكمۇ ئىشەنگەنلىكىمدىن خۇشاللىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ماڭا تېخىمۇ قىزىقىپ قالدى ۋە قالغان مۇھەببەت مەستانىلىرىنىڭ كۆزىنى قىزارتقۇدەك ھالەتتە ماڭا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. بىز كۇتۇپخانىغا بىللە باراتتۇق، يانمۇ يان ئولتۇرۇپ تاغدىن-باغدىن پاراڭ سالاتتۇق، باشقا مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بىز ئىككىمىزنىڭ بەكمۇ قاملاشقان قوشماق ئىكەنلىكىمىزدىن دەسلەپتە ھەۋەسلەنگەن بولسا، كېيىنچە بىزنىڭ كىتابنى ئالدىمىزغا ئېچىپ قويۇپ كىتاب ئوقۇماي قۇرۇق پاراڭ سالغىنىمىزدىن بىزار بولۇپ قېشىمىزدىن كېتىپ قالىدىغان بولدى. بىز ئىككىمىزنىڭ كۆڭۈل پارىڭى مەكتەپ سەيناسىدا قىلىشقا ماس كەلمىگەچكە مۇشۇنداق ئىلمىي سورۇنلاردا كۆپرەك بىللە بولاتتۇق. مەن شۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن مەكتەپ چىمەنزارلىقلىرىدا، دەرەخ ئاستىدىكى ئورۇندۇقلاردا باشقا ئاشىق-مەشۇقلاردەك يانمۇ يان ئولتۇرۇپ شېرىن-شېكەر گەپلەرنى قىلىشقا، ئاپاق-چاپاق بولۇشقا بەكمۇ تەشنا بولۇپ كېتەتتىم، چۈنكى مۇناسىۋىتىمىز ئەڭ دەسلەپتىلا ئوچۇق-يورۇقلۇقتا بولغان قىزنىڭمۇ ھەم تەلپۈنۈش-

تىن باشلانغاندى؛ قېنىمىزنى قوشۇلۇشقا ھەردەم ئۈندەيدىغان شاش ھەۋەسلەر ئەسلىدە ھەر ئىككىمىزنى تىنىم تاپقۇزمايۋاتات- تى؛ ئۇنى كۆڭۈلدىكى سىرنى گەپ بىلەنلا ئاشكارىلىغاندەك دەمال ئاشكارىلاشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتقىنىمدىن تىت-تىت بولات- تىم؛ شۇ سەۋەبتىن يەنە بۇ قىز بىلەنمۇ پەقەت ياسىما دوستلۇق چەمبىرىكى ئىچىدە چۆرگىلەپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتىم؛ سۆي- گۈنىڭ ھەقدادىغا تېزرەك يېتىشكە كىچە-كۈندۈز تەشنا ئىدىم.

كارىۋاتتا ياتقان ”ئالۋاستى“ ياۋايى ئېڭىمدىكى شەھۋەت ئالۋاستىلىرىنى چىللاپ ئۇلارنى ئۇۋىسىدىن تارتىپ چىقىرىشقا ئۇلگۇرمەيلا مۇھەببەت پەرىشتەم ئۇچۇپ كېلىپ، غەزەپلىك نە- گاھىنى غايىۋىلىكتىن رىئاللىققا بىردىنلا ئۆزگەرتىپ مېنى مات قىلىپ، مۇھەببەت قەدىمىنى ئوڭۇشسىزلىق پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. ”ئالۋاستى“نىڭ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقان بەدبەشىرە يۈزىنى يېپىشقىمۇ ئۇلگۇرەلمەي قالدىم، بۇ رەسۋاچىلىقنى مەن كەلتۈرۈپ چىقارمىغاندىكىن ھەم تېخى ھەقىقىي رەسۋالىققا يېتىپ بارمىغاندىكىن نېمىدىن قورقىمەن دەپ تۇرساممۇ، لېكىن قەلبىمدىكى قىل سىغمايدىغان پاك مۇ- ھەببەت تۇيغۇسى ۋە چىن ئەخلاق ئالدىدا، شۇ مۇھەببەتنىڭ بۈيۈك سىمۋولى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئاشۇ گۈزەل، ھايالىق قىز ئالدىدا ئۆزۈمنى قانچە قىلغىنىم بىلەنمۇ يەنىلا ئاقلىنالمايدىغاندەك ھېس قىلدىم، مەن موشۇ ئىشتىن بۇ قىز- نىڭ ماڭا بەرگەن ھەقىقىي باھاسىنى ئاڭلىشىم مۇمكىن، مۇھەب- بەت مۇساپەمدە يېڭى بۇرۇلۇش ياسايمەن دەپ ئويلىدىم. ئۇ مېنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىمنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتۇشقا جۈر-

ئەت قىلالمىغانلىقىمنى بىلگەندىكىن ئوڭدا ياتقان بۇ بۇزۇقنىمۇ ئۇنداق قىلالمايدۇ دەپ ئويلىغانمىدۇ ياكى مېنىمۇ باشقا ئەر قاتارىدا ياۋايى بۆرە، ”ئوزۇقلۇق تاپسىلا يېۋېتىدىغان ئاچ بۆرە دەپ ئويلىغانمىدۇ؟ لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ قىز مېنىڭ ھېلىقى قىزنىڭ قولىنى تۇتالماسلىق، ۋىسالىغا يېتەلمەسلىكىمدىن قېلىپ قالغان پۇشايمىنىمنى ۋە مېنىڭ ئۆزىگە بولغان ئوتتەك جىنسىي تەلپۈنۈشۈمنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. لېكىن مەن ئۇنىڭمۇ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باقمىغان (تانسا ئوينىغاندىكى گەپ باشقا) تۇرسام ئۇ يەنىلا مېنى نەپسى يامان دەپ ئويلامدىغاندۇ ياكى بولمىسا ئۆزىنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتمىغانلىقىمدىن ئەجەبلىنىپ يۈرگەن بولسا، ”ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە“ دېگەن ماقالنى ماڭا تەدبىقلاپ بۇ قىلمىشىمدىن قاتتىق يىرگىنىپ كەتكەنمىدۇ!؟ شۇ تاپتا بېشىم توگمەن تېشىدەك ئايلىناتتى، ھەر تۈرلۈك ۋەھىمىلىك سوئاللار كاللامغا كىرىۋېلىپ، رەڭگى رۇخسارىمنى ياتاقنىڭ يېڭى ھاكلانغان تېمىغىلا ئوخشىتىپ قويغاندەك، چىرايىم خۇددى شۇ تام بىلەن بىرلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم، تامنىڭ جانسىزلىقىغا، مەزمۇنلىقىغا مەستلىكىم كەلدى، لېكىن ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىڭىمدىكى قاراڭغۇلۇقىنى ئەتراپتىكى يورۇقلۇقتىن توسالمىغىنىمغا غەزەپلەندىم. شۇ قاراڭغۇ ئىڭىمدىكى قاباھەتتىن دائىم قورقۇپ يۈرۈشكە سەۋەبچى بولىدىغان يورۇق نەرسىلەرگە جۇملىدىن مېنى ھەددىدىن زىيادە تەمتىرىتىۋاتقان مۇنۇ پاك پەرىشتەمگە ئىچ-ئىچىمدىن نارازىلىق قوزغالدى. ئۇنىڭ ماڭا قانداق قاراۋاتقانلىقىنى كۆڭلۈمدىن خىيالەن ئۆتكۈزۈپ باقتىم، لېكىن بۇ بەك تەس كەلدى، ئاخىر

قورقۇش كەيپىياتىمنى بىرياققا قايرىپ قويۇپ، ئىچكى نارازى-لىق ۋە ئىشەنچ كۈچىدىن ئۇنىڭغا دادىل يۇزلەندىم، يەنە كې-لىپ، پەقەت موشۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭ گۇمانى ۋە مېنىڭ تىل قىسىنچىلىقىممۇ يوقايتتى. ئۇنىڭغا قارىغىنىمدا ئۇنىڭ كۆزى ماڭا تولىمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۇپ كەتتى. بۇ سۆيۇملۇك كۆز-لەر ئەمدى ئۇنىڭ مېنى مەسخىرە قىلىش، ئەيىبلەش قورالىغا ئايلىنىپ قالغانىدى، بۇنى كۆرۈپ قېلىشىنىڭ ماڭا بىرەر تۇغقى-نىمنىڭ ئۆلۇپ كېلىشىدىنمۇ ئېغىر تۇيۇلۇپ كېتىپ بارغىنىغا جىله بولۇۋاتاتتىم ۋە غەزەپلىنىۋاتاتتىم؛ مەن مەقسىتىمگە بەرد-بىر يېتەلمىگەندىكىن ئۇنىڭ مېنى بۇنداق ناھەق ئەيىبلىشى ئەسلىدىنلا چالا ئۆلۇك پېتى قالغان ياۋايى نەپسىمنىڭ جېنىنى تېخىمۇ قىينايتتى. جانغا ئارام بەرمەيدىغان ئۇنداق پاكلىقنى كۇكۇم-تالغان قىلىۋەتكۇم كەلدى، لېكىن ئويلىغاننى ھە دېگەن-دىلا قىلالماسلىق قىسمىتى پېشانىگە پۈتۈلگەندىكىن باشقا كەل-گەننى كۆرمەي ئامالىم يوق ئىدى. ھەر ئىشنىڭ بىر ياخشى، بىر يامان تەرىپى بولغاندىكىن، بۇ گۇلۇممۇ ھەقىقىي پەرىشتە بولمىغاندىكىن، مەن گەرچە ئۇنىڭ ئۆلچىمىدىكى پاكلىق مەبۇ-دىسى بولالمىساممۇ لېكىن ئۇ ئويلىغاندەك پاسىق مۇناپىق بولمى-غاندىكىن مېنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتىنى چۈشەن-گەندەك توغرا چۈشىنىپ ئەپۇ قىلسا بولاتتى. مېنى ئۇ چۈشەن-مىسە، ماڭا ئىشەنمىسە، مەندىن قاتتىق ئۇمىدسىزلىنىپ، مۇ-ھەببىتىمدىن يۈز ئۆرۈپ كېتىپ قالسا مېنىڭمۇ ئۇنىڭ ياسىمى-لىقىنى، گۇمانخورلىقىنى، مەتۇلىقىنى ئىچىمدە ئەيىبلىشىم مۇمكىن ئىدى. ئەمما مەن بىرىبىر بىچارە پېتى قالاتتىم،

يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەيتتىم.

چىرايىڭىز قىزىرىپ كېتىپتۇغۇ؟ — دېدى ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈپ.

— شۇنداقمۇ، مەن تېخى سارغىرىپ تاتىرىپ تامدەك بولۇپ كەتتىمكىن دەپتىمەن.

— قارىغاندا تەتىل ۋاقتىدىن ئوبدان پايدىلىنىۋېتىپسىز-دە!

— ئۆگىنىش قىلىپ تېخى ھازىر كىرگەندىم، قارىسام بۇ بىر نېمە ياتىدۇ، بۇ شۇ ھېمىت دېگەن گۈينىڭ قىلغان قىلىقى بولمامدۇ!؟ مېنى شۇنداق ئىشنى قىلىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ ئويلاپ باقامسىز، مەن كىم، بۇ پاسكىنا كىم؟!

— مەن كىرىپ قالمىغان بولسام بۇ بۇزۇقنى پاسكىنا دېمەي ياتىقىڭىزدا ياتقۇزۇپ، كېچىچە قوندۇراتتىڭىزغۇ دەيمەن. ياتىقىڭىزغا مېنى ئۆزلۈكىڭىزدىن بىر ئىش بار دەپ چاقىرماسلىقىڭىزنىڭ سەۋەبى شۇ ئىكەن-دە! بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنىڭىز، كەچتە نېمە ئىش قىلىمىز دەپ شۇنى مەسلىھەتلەشكىلى كەلگەندىم، قارىغاندا تولا ھاياجانلىنىپ بۇ مۇبارەك كۈنىڭىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسىز، ياكى بۈگۈن قايتا تۇغۇلغان ئوخشايسىز، كۆزۈمگە بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ كۆرۈنۈۋاتىسىز. شېرىن مىنۇتلىرىڭىزغا دەخلى قىلىپ قويدۇم، ئەسلى كەلمىسەم بولۇپتىكەن، كېلىپ خاتا قىلىپتىمەن، سىزمۇ ئىشىكنى ئېچىپ خاتا قىلدىڭىز، بەلكىم مەن ياتىقىڭىزدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ دۆتلۈكىڭىزنىمۇ، مېنىمۇ قوشۇپ قارغاپ كېتەرسىز.

— سىز قانداق ئويلىسىڭىز ئويلاۋېرىڭ، مەن ئۆزۈمگە پاك

بولسام بولدى، سىزدەك قىزغا بۇنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئوخشايدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ مەسخىرىدىن بۆلەك ئىپادە كۆرۈلمەيۋاتقان چىرايىغا قاراپ.

شۇئان ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، ئۇ خۇددى ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەمدىن يىرگەنگەندەك مەندىن قېچىپ ئىشىك تۈۋىگە باردى-دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ:

— مەندەك قىزغا چۈشەندۈرۈش كەتمەيدۇ، بۇنى بىلگىنىڭىزگە رەھمەت، — دەپلا ئىشىكنى قىيا ئوچۇق قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرى ئۇنىڭ مەندىن ھەقىقەتەن بارا-بارا يىراقلىشىۋاتقانلىقىنىڭ يارقىن نامايەندىسى بولۇپ قالدى. "سىزدەك قىزغا" دېگەن بىر گېپىمنىڭ سەل خاتا كەتكىنىنى بىردىنلا بايقاپ قالدىم، بۇ دىلى نازۇك پەرىشتەم گەپنى بەكمۇ سەلبىي مەنىدە چۈشۈنۈۋالغانىدى.

ئاشۇ ۋاقىتتا نېمىشقا نەپسىمنى بېسىپ يىراققا كېتىۋالمىغان بولغىيتتىم، مەيدانغا بېرىپ بىردەم توپ ئوينىغان بولسامۇ خىيالىمنى پاك، ياخشى تەرەپلەرگە يۆتكىيەلىگەن بولاتتىم، ياكى دەرھال مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇپ مەسچىتكە كېتىۋالغان بولسام، تېنىم ۋە روھىم بىر قېتىم ھەقىقىي پاكلانغان بولسا، بۇ ئۆلگۈر نەپسىم ۋاقىتلىق بولسىمۇ جەھەننەمگە پالانغان بولاتتى. نېمىشقا شۇنداق قىلمىغاندىمەن؟ بۇ ئۇلۇغ كۈندە شەيتاننىڭ پوقىنى پۇراپ ئۇنى ئالدىمغا ئاپشاركىدەك يول باشلىغۇچى قىلىپ قويغان گوناھىمغا خۇدا مېنى پاك مۇھەببىتىم ئالدىدا رەسۋا قىلدىمۇ؟! باشقىلادىن ئېشىپ قېلىپ سېسىپ كەتكەن بۇ "چەكلەنگەن مېۋە"گە نېمىشقا كۆزۈمنى قىزارتىپ، شۆلگە-

يىمنى ئېقىتىپ يۇرگەن بولغىيتتىم؟ قاراپ تۇرۇپ تۆھمەتكە قالغاچقا تېخى يورۇقلۇققا چىقالمىغان قاباھەتلىك ئېغىمدىكى رەزىل ئوي-خىياللار تەيفېڭ بورىنىدا قالغان دېڭىز دولقۇنلىرى-دەك شىددەتلىك يامرايتتى، بىر-بىرىگە سوقۇلۇپ غەزەپ بىلەن چاچرايتتى، ئەۋجىگە چىققاندا يەنە ئەسلى ھالىتىگە قايتىشقا مەجبۇر بولاتتى. پاك مۇھەببىتىم كۆزۈمدىن يۇتكەندىن كېيىن ئەسلىدىكى ياۋايى ھالىتىمگە قايتىشىم ئۆزۈمگە ھەقلىقتەك بىلى-نىپ كەتتى، گۇلۇم تىكەن كۆرۈنۇپ، مۇنۇ بەدبەشىرە بوزۇق ئەكسىچە بۇرۇنقىدىنمۇ بەك سۆيۈملۈك، تارتىمىلىق، مەھلىيا-لىق كۆرۈنۇپ كەتتى. ئۇ تويۇقسىز يانچە ئۆرۈلدى، ئۇنىڭ مۇرىسى، بېلى، ساغرىسى ۋە يوتىسى بىرلىشىپ بەدىنى چىراي-لىق ئاياللاردىلا روشەن كۆرۈنىدىغان ”S“ شەكلىنى روشەن ھاسىل قىلدى، ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق ئەركەكنىڭ ئۆز بەدى-نىنى ئۇنىڭغا جىپسىلاشتۇرغۇسى كېلەتتى. مەن ئۇنىڭ بايا ماڭا ئىنتايىن سەت كۆرۈنۇپ كەتكەن يۇزىگە قارىدىم، پەرىشتەم پەيدا بولغاندا ئالۋاستىدەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنگەن بۇ يۇز، ئەمدى تاتلىق كۈلۈمسىرەش ئىلكىدە خاتىرجەم ۋە جەزبىلىك جىلۋىلى-نىپ تۇراتتى. سېسىق كۆلگە سەكرەيدىغان پاقىنىڭ جۇرئىتى ئەمدى قېنى؟ ئۇنىڭ بېشىغا بىرنېمە دەسسىۋەتتىمۇ قانداق؟ ئەجەبا ئۇ موشۇ سەۋەب بىلەنلا ئاران يەتكەن كۆل قىرغىقىدىن قايتىپ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىدىن مەڭگۇ ئاغرىنىپ، ”قۇدۇق ئىچىدىكى پاقا“ بولۇپ، تەسەللىگە چۆمۈلۈپلا ياشىسۇنمۇ؟! ئاچچىقىم ئىچىمدىلا قالدى، كۆڭلۈمدىكى شەھۋەت تەقەززاسىمۇ شەھۋەت سۆيۈقلۇقىغا ئەگىشىپ ئارمان ئىچىدە ئارقىغا يېنىپ

كەتتى. شەھۋەت سۈيىنى توغان بىلەن توسۇپ ئۇنى ئىچىگە تارتىۋەتكەن كۈچ مېنىڭ ئەسلىدىكى ئۆزۈمنى كونترول قىلىش كۈچۈممۇ ياكى پاكلىق پەرىشتىسىنىڭ توسقۇنلۇق كۈچىمۇ؟ پاكلىق گۈلۈم كۆزۈمدىن يوقىتكەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۆزۈمنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتىمەنغۇ مانا، مېنىڭ بۇ ئېسىل خىسلىتىمنى چۈشەنمىگەن ئۇ گۇمانخور قىزغا مىڭ لەنەت! مېنى بىكاردىن-بىكار تۆھمەتكە قويغان، پاك قەلبىمنى ھېلىمۇ ساراسىمىگە سېلىپ، شەھۋىتىمنى قورقۇنچلۇق ھالەتتە قايتا تىرىلدۈرۈۋاتقان بۇ پاسىق ۋۇجۇدنى دەسسەپ چەيلىۋەتكۈم كەلدى. ئۇنىڭ قېنىپ بولغان نەپسى بايىقى سۆيگۈ گۈلۈمنىڭ قىزلىقىغا، تېخى سېزىلمىگەن ھەقىقىي ھاياجىنىغا ئىپلاس ھەۋەس ئوتىنى ياققان ھەم ئۇنى ئۆرتەپ كۆيدۈرگەن بولسا، مېنىڭ ئىچىمنى ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك ئوتىدا پۇچىلاپ، روھىمنى كۆسەيدەك قارايتىۋېتاتتى. ئۇنىڭ جىنسىي ھۇزۇر ھاياجىنىدىن ئاران قۇتۇلۇپ ئارامىغا چۈشكەن ئىپلاس تېنى كۆرۈش سەزگۈمنى ھەرۋاقىت غىدىقلاپ، نېرۋامنى نورمال پېتى قويماي، ئۇزاقتىن بېرى رېئاللىقتا يېقىنلىشىشقا ئىمكان تاپالمىغان لەنىتى ئارزۇلىرىمنى رېئاللىقتا قىستاۋەرگەچكە، مەن بۇ قىستاقچىلىق ۋە بۇرۇقتۇر-مىلىقتا پايلىيالماي قالدىم ھەمدە بۇ قىستاقچىلىقتىن رەسۋالىق ئىچىدە ئاللىبۇرۇن قۇتۇلۇپ بولغان ھەم ئۇنىڭدىن داۋاملىق قۇتۇلۇشنى ئويلايدىغان ھېمىت دېگەن پاھىشىۋاز گويا بولغان ھەسەتنى يىرگىنىش تۇيغۇسىغا ئۆزگەرتىۋەتتىم. ھېمىت ئۆزىنىڭ مەڭگۈ قانماس نەپسى بىلەن بۇ بۇزۇقنى ئەجدىھادەك يۇتۇۋەتكەن چاغدا مەن ئۇلارنى بەش يىل ياتىدىغان بۇ قەدىناس

ياتنقىمدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ياتاقنى بۇلغىنىشتىن قوغداپ قالالمىغانتىم، بۇنداق قىلىشمۇ ئۆزۈمگە ئوغۇل بالىچىلىقتا ئۇيۇ-غۇن ئەمەستەك، بۇ ياتاقنى بىزدىن ئىلگىرىمۇ ۋە بىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ مۇشۇنىڭدەك ئىپلاسلىقتىن قوغ-داپ قالالمىغاندىكىن، هازىرمۇ ئۇنداق ئىشتىن قوغدىيالمايدى-غاندەك، ھەتتا ئۇنداق قىلىش تولىمۇ كۈلكىلىك ۋە بىمەنىلىك-تەك تۇيۇلدى. موشۇنداق تۇيغۇغا كەلگەن ئادەم نېمىشقا بۇ ياتاقنى بولغاشقا جۈرئەت قىلالمايسەن؟ قېنى ئۇ ئوغۇل بالىچى-لىقىڭ، قېنى ئۇ ئەركەكلىكىڭ! ؟ ئۆزۈمگە قويغان سوئاللىرىم بۇ ياتاقتىكى مەندىن باشقىلارغىمۇ چوقۇم ماس كېلىدۇ دەپ ئويلىدىم، ئادەمزاتنىڭ رەزىللىككە ئىچ-ئىچىدىن مايىل ئىكەن-لىكىنى يوشۇرۇن ئېڭىدا ئەركىن يايراپ يۈرگەن نەرسىلەرنى ئاسانلا ناچار نام بىلەن سۈپەتلەپ قويىدىغانلىقىنى، ئۆزى قانچە يىرگەنگەن، يىقىنلىشىشتىن قورققان شۇ نەرسىلەرگە ئەسلى ماهىيىتىدىن شۇنچە ئامراق ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. دېمەك، مەن كارىۋاتتىكى بۇ بۇزۇقنى سەت سۆزلەر بىلەن سۈپەتلەپلا تۇرىمەنۇ، ئۇنى ئەسلى كۆڭلۈمدىن مەدھىيىلەيمەن. مۇھەببەت گۈلۈمنى پاك دەپ ماختايمەنۇ، ئۇنىڭ قول بىلەن تۇتقىلى، ھۇزۇرلانغىلى بولمايدىغان شۇ پاكلىقىنى خۇددى چىڭ-قىلىپ پۇدىلىپ ھامان ئېتىلىپ كېتىدىغان شاردەك ئىچى قۇ-رۇق، ئاجىز كۆرىمەن ھەم ئۇنىڭ ئېتىلىپ كەتمىگەن ھالەتتە ئادەمزاتنىڭ سېسىق نەپسى يەتمەيدىغان پاكلىق بوشلۇقىدا ئۇ-چۇپ يۈرۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. رېئاللىقتا ھەقىقىي پە-رىشتە مەۋجۇت ئەمەسقۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزىگە شۇنچە تەمەننا

قويۇپ، پاكلىق سىنىقىدىن ئۆتكەن مېنى ناپاك دەپ بىھۇدە ئەيىبلەپ كېتىپ قېلىشى بەكمۇ ئەخمەقلىك. ئۇنىڭ شۇ ئەخمەقلىقىدىن، ئەقلى كەمتۇكلۇكىدىن ئاغرىنىپ ئولتۇرۇپ، بۇ بۇزۇقچىلىقتا تۇرۇپلا ھەۋەسلىنىپ كەتتىم؛ ئارقىدىن ھېمىت دېگەن گۇينىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن سېسىق تىنىق ۋە تاشلاندۇق چىقىندىلىرىدىن يىرگىنىپ، بۇ بۇزۇقچىلىقتىن سەسكىنىپ كەتتىم. ئۇ بۇ كارىۋاتتا قانچە ئۇزاق ياتسا، دىلىمنى قانچە ۋەسۋەسىگە سالسا شەھۋەت ئالۋاستىلىرىنىڭ قورشاۋىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ نورمال، پاك ئوغۇل پېتى ھايات كەچۈرۈشۈمنىڭ شۇنچە تەسلىكىنى تەخىرسىز ھېس قىلدىم، ئۇنى قوغلاپ چىقارسام، ئۇنىڭ بىلەن ھېمىتنىڭ قىلىشقان ئىشلىرى ۋە بۇ كارىۋاتتا نىمجان يىلاندەك يېتىشلىرى، مېنى سارىسىمىغا سېلىشلىرى، ئۆزۈمگە ئاران ئېگىلدۇرگەن گۈلۈمنىڭ ياسىملىق ۋە يېنىكلىك بىلەن ئۆز ئەسلىگە قايتىۋېلىشلىرى خۇددى ئويغانساملا يوقايدىغان قالايمىقان چۈشتەك بىمەنە، چېچىلاڭغۇ، غەيرىي ھالەتتە ئېسىمدە قالار ياكى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتەر. لېكىن يامان بولغىنى، كۆز ئالدىمدىكى رېئاللىقنىڭ يەنە قورقۇنچلۇق چۈشتەك داۋاملىشىشىنى توسۇش ئۈچۈن بۇ بۇزۇقنى ياتاقتىن قوغلاپ چىقىرىشقا باغلىغان ئىرادەم ۋە ئۇنى تۇرتۇپ ئويغىتىش ئۈچۈن يېقىن ئاپارغان قولۇم ئۇنىڭ بەدىنىگە تېگىشكە ئاز قالغاندا ئارقىغا يېنىپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ بەدىنى ماڭا قول تۇتسا كۆيدۈرىدىغان، شەھۋەت پىلتىسىگە بىۋاستە تۇتۇشىدىغان ئوتتەك بىلىنىپ كەتتى، بۇ ئوتنى دوزاخ ئوتىدىنمۇ يامان دەپ سۈپەتلەشكە بولاتتى. ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ خەتەرلىك بەدىنىنى

نېرۋا ئۇچى مول بولغان قولۇم بىلەن تۇرتمەي، سېزىمى بىر ئاز قاشاڭ بولغان پۇتۇم بىلەن تۇرتۇش ياكى تېپىش قارارىغا كەلدىم، شۇ قەدەر نازۇك جىنسىي تۇيغۇغا ئىگە بولۇپ كەتكىنىمگە ئۆزەممۇ ھەيران قالدىم. ئۇنى تەپسىسەم شەھۋەت پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ ئۇنىڭدا مىلىنىپ، رەسۋا بولۇپ چىقاتتىم-دە، بىر دەملىك لەززەتتىن كېيىن تۈگىمەس يىرگىنىش ۋە گۇناھكارلىق تۇيغۇسى ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرەتتىم، كېچىلەردە باش-ئايىغى يوق خام خىياللارغا چۆكۈپ، شۇ لەززەتنى خىيال قىلىپ، قىينىلىپ، كېچىچە ئۇخلىيالماي چىقاتتىم. شۇ كىچىككىنە لەززەتنى دەپ تارتقان (ئازانىزىم) كۈلپەتلىرىممۇ ئاز ئەمەسقۇ! ئۇنى قوغلاپ چىقىرىش كېرەك، ئۇ ۋەكىللىك قىلىدىغان قارغىش تەگكۈر شەھۋەت ئالۋاستىلىرىنى ياتاقتىن ھەم قارانغۇ قەلبىمدىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك!

ئۇ ساغرىسىغا پەشۋا يەپ چۆچۈپ ئويغانغاندا، مەن ئۇنىڭ ھەيرانلىقتىن كېرىلگەن كۆزىگە غەزەپ بىلەن قاراۋاتقىنىمدا، ئۇنى ھەقىقەتەن ئالدىراپ بويسۇندۇرغىلى، نەپسانىيەت كېسەلىمگە دەرھال داۋا قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، باياتىن بېرى قىلغان خىياللىرىمنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ھاماقەتلەرچە خىيال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ھەرىكىتىمنىڭ توغرىلىقىدىن تەسەككۇر تاپتىم ۋە بۇ بۇزۇقنىڭ ئەدىپىنى بېرەشتە ئىككىلىنىپ قالماسلىق قارارىغا كەلدىم، بىراق ئۇ يەنە مىتمۇ قىلماي يېتىۋەردى، ئەرخەقنىڭ پەشۋالىرىمۇ بۇ بۇزۇققا خۇش ياقىدىكەن دەپ ئويلىدىم. شۇنداق ئويلىغانچە ئۇنى يەنە ئەپسانىيەت ئوتۇمغا تۇترۇق قىلىش ئىستىكى ئەدەپ كەتتى. قوتراپ كېتىۋاتقان

ھەۋەسلىرىم ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىدى. مەن بۇ بۇزۇقنىڭ
سېھرىي قىلتىقىغا چۈشكەن ئاجىز جانىۋار بولغاندىن كۆرە ياۋا-
يىلىقىمنى چەكلىۋالماي، ئۇنى قانغۇچە دەپسەندە قىلىپ ئۆچۈم-
نى ئالمايمەنمۇ، پۇخادىن چىقمايمەنمۇ، بۇ مەسخىرىلىك بىچارە
ھالەتتىن قۇتۇلمايمەنمۇ دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇ ھەقىقەتەن
ھېرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، كىچىچە ھېمىتنىڭ ھېلىقى لاۋىبىند-
نى كۈتۈپ ئۇيقۇسىز قالغانمۇ ئوخشايدۇ، قارىسام كۆزلىرى يەنە
ئىختىيارسىز يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا تۇرۇپلا ئىچىم
ئاغرىپ قالدى، جالاپنىڭ جېنىمۇ جان ئەمەسمۇ، ئۇمۇ ئارام
ئېلىشى كېرەكقۇ. ئەگەر جىسمىدا كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇر-
غان، روھى كۆتۈرەڭگۈ بولغان بولسا، بۇنداق ئەبگا ياتاقتا ياتماي
يەنە پۇلدار پاھىشىۋازلارنىڭ ئۆيىدە ياتقىلى ياكى بولمىسا يوشۇ-
رۇن ھالدا سولامچىلىق مۇلازىمىتى قىلىدىغان مېھمانخانىلاردا
كۈتكۈچىلىك قىلغىلى كەتكەن بولاتتى. بۇ بۇزۇق بۇ ئەپتى
بىلەن مەندەك پۇلى يوق، پەقەت تەييارغا ھەييار بولۇشنى كۆزلە-
ۋاتقان ھالى بوش ئوقۇغۇچىغا ئۆزىنى ئالدىراپ تاپشۇرمايدىغان-
دەك، ھەتتا قىزلىقىنى جان تىكىپ قوغداۋاتقان غۇرۇرلۇق
قىزچاققا ئوخشاش قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇرۇۋالىدىغان-
دەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ گەندە كۈچىدە ئۆسكەن گۈلدەك
نازۇك بەدىنىنى چوڭ دەسمايە، تۈگىمەس سەرمايە قىلىۋالغان،
شەرم-ھايا، ۋىجدان دېگەننى پۈرلاپ ئاستىدىكى كىرلىك قىلى-
ۋالغان، چىن مۇھەببەت ۋە گۈزەل جىنسىي تۇيغۇنى پۇلغا
پايمال قىلىۋالغان ھەمدە ھەرخىل جىنسىي كېسەللىكلەرنى يۇق-
تۇرۇشقا تەييار تۇرغان مەينەت، خەتەرلىك بىر نېمە تۇرسا،

ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى مات بولغاندەك ھېس قىلىشىم، جىلە بولۇپ غەزەپلىنىشىم نېمىدېگەن كۈلكىلىك، ئەخمەقلىك ۋە ھا-ماقەتلىك-ھە! بۇ بۇزۇقنىڭ بەلكىم سۆزلەپ كەلسە نۇرغۇن دەرد-ئەلەملىرى باردۇر، جەمئىيەتنىڭ پۇلغا بۇزۇلۇشى ۋە تۇر-مۇشنىڭ بېسىمى مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى دەيدىغان-دۇ، دەپسەندە قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى قىزلىق دەۋرىنى سېغى-نىدىغاندۇ، لېكىن ئۇ بۇ نومۇسلۇق تىرىكچىلىك يولىنى بەرد-بىر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تاللىغان، ئەگەر ئۇ ئۆزىگە ماس نورمال تىرىكچىلىك يولىنى تاللىمىسا، نە بىر ەر ئىللىق ئائىلە قۇرالمىسا تېزلا قېرىپ كېتىشى، ئىت غاجىلاپ تاشلىۋەتكەن پاخپاي سۆڭەكتەك تاشلىنىپ، خارلىقتا ئۆلۈشى مۇمكىن. مەن ئۇنى باشتا ئويۇنچۇقتەك كۆرگەنىدىم، ئۇنىڭغا قاتتىق قىزىققان-تىم، ئاقىۋەت ھېچنېمە قىلالمىدىم، ياكى ئۇنى كۆزۈمدىن يوقىتالمىدىم، چۈنكى ئۇنى شۇ سەتەڭلىكىگە چۈشلۇق يامان چاغلاپ، ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن، ئۇنى ياتاقتىن قوغ-لاپ چىقىرىۋەتسەم ھېممەت دېگەن قىپقىزىل ساراڭ گۇي بىلەن كەچتە ئۇرۇشۇپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ قالدىم. ھېممەت، ئە-گەر ئۇ خالىسا كەچتە سەنمۇ ئىنسان لەززىتى قىلىشىڭ مۇمكىن دېگەنىدى، بولدى، مەن بۇ ئىنسان لەززىتىدىن ھازىرلا ۋاز كەچتىم.

ياتاققا كىرىشتە ئوتتەك قىزىپ كىرگەن بولسام چىقىشتا پوقتەك سوۋۇپ يېنىپ چىقتىم، جىنسىيەتتىلا ئەمەس مۇھەب-بەتتىمۇ شۇنداق بولدۇم ئەمەسمۇ! قىتىغۇر نەپسىمنى قاندۇرال-مىغىنىمنىڭ ئېچىنغۇدەك ھېچنېمىسى يوق بولسىمۇ لېكىن

ئەمدى پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان مۇھەببەت گۈلۈمگە بىمەھەل تەگ-كەن ئۈششۈكتىن ناھايىتى قايغۇرۇۋاتاتتىم. بىنادىن پەسكە چۈ-شۈپ، چۈشلۈك تاماقىا ماڭغان ئوقۇغۇچىلارغا بۇرۇنقى پاك ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتىم بىلەن قېتىلىپ، ئاشخانىغا ماڭدىم، تاماق ئالىدىغاندا قارىسام ئۇچامدا تەنتەربىيە كىيىمى، يانچۇقۇم-دا ھېچنېمە يوق، پۇلۇمنىڭ بۈگۈن ئەتىگەندىلا تۈگىگەنلىكىنى يادىمغا ئالدىم. ياتاققا يەنە قايتىپ كىردىم، قورسىقىم ئاچ بولسىمۇ بىر نېمە يېگۈم كەلمىدى، ھەقىقىي ئېچىرقاۋاتقىنى ئەمەلىيەتتە شەھۋانىي نەپسىم ئىدى، لېكىن ئۇنى قاندۇرۇش ئۇچۇنمۇ قورساق توق، كۈچ-قۇۋۋەت تولۇق بولۇشى كېرەك-تە! بۈگۈنكى بۇ نەس باسقان كۈننىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم بولۇپ قالغى-نى تېخى! قىممەتلىك ئولجىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن پايدى-لىنالمىسام، قولۇمغا ئاران كۆندۈرگەن كەپتىرىمنى قاراپ تۇ-رۇپ ئۇچۇرۇۋەتسەم، تەييار تاماقنىمۇ پۇلۇم يوق دەپ يېيەلمى-سەم. . ئەجەبا مەندە ئۇ ئولجىدىن پايدىلىنالايدىغان ئىقتىدار يوقمۇ، ئۇ كەپتەرنى مەن قەستەن ئۇچۇرۇۋەتتىممۇ؟ پۇلۇم يوق دەپ ئاتا-ئانامدىن كەچكىچە ئاغرىنىپ يۈرەيمۇ! تۇغۇلۇپ موشۇ كەمگىچە نەپسىمنىڭ ھەر تەرەپتىن قورشاپ بۇنداق شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ باقمىغانىدىم. ئىنساندىكى تۈگىمەس نەپسانىيەتنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن كىچىك بالىنىڭ خەتنىسىنى قىلغاندەكلا كېسىپ ئېلىۋەتكىلى بولسا-ھە! شاھ ئوردىسىدىكى ئاغۋاتلارنىڭ، دۇنيا مەئىشىتىنى ۋە ئائىلە لەززىتىنى تەرك ئېتىپ، ئۇ دۇنيادىكى مۇكەممەل بەخت-سائادەتنى قوغلىشىپلا ياشىغان زاھىتلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ مەلۇم جەھەتتىن خاتىرجەم،

كۆڭۈللۈك ئۆتكەن بولسا كېرەك. بۇرۇنقى زاماندا ھۆكۈمران-لار، بايلار ۋە باشقا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرلا ئۆزلىرىنىڭ تويمى-غۇر نەپسىنى ئالامەت قاندۇرۇشقان، دۇنيا مۇھەببىتىگە ئاجايىپ بېرىلگەن، ئېسىل نازۇنېمەتلەردىن، چىرايلىق ئاياللاردىن، يا-سىداق ئۆي، قەسىرلەردىن، ئېھتىياجىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان مال-دۇنيادىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تولۇق بەھرىمەن بولغان، ئەمما نەپسى يەنە تويمىغان، ئاقىۋەت ئارماندا ئۇچۇق كەتكەن كۆزى لەھەتتە چىرىپ، كۆز چاناقلىرىغا توپا تىقىلغاندا ئاندىن ھەقىقىي تويۇنغان. تۆۋەن تەبىقىدىكى كەمبەغەللەر، قۇللار بىر ئۆمۈر دەھشەتلىك ئېزىلگەن، قاندۇرۇلۇشقا ئىنتايىن تەشنا ئە-قەللىي ئېھتىياجى ۋە نەپسىمۇ تولۇق قاندۇرۇلمىغان ياكى بىئە-جەل نابۇت قىلىنغان. ئۇلارنىڭ جېنى قىيىنچىلىقتا قىسىلغان ھەم قىيىنىلىپ تۈگىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆلەر چېغىدا قانلىق قوزغىلاڭ، جاپالىق كۈرەش ھەم ئېغىر ئەمگەك جەريانىدا ئوڭاي-لا جان بەرگەن، شۇنداقلا ئۇ دۇنيادىكى ئازادلىق ۋە تۇرمۇش راھىتىگە تەلپۈنگەن ھالدا بۇ ۋاپاسىز، ئازابلىق دۇنيادىن ھېچ تارتىنمايلا خوشلاشقان. مەن بۇلارنى پەرەز قىلىۋېتىپ مۇكەم-مەللىكنىڭ تۈگىمەس راھەتنىڭ ۋە ئەبەدىيلىك شادلىقنىڭ ئا-دەمزاتقا ئەسلىدىنلا نېسىپ ئەمەسلىكىنى، ئۇلارغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىشنىڭ ئۆزى ئادەم ھاياتىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى ئىكەن-لىكىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. شېرىن خىياللار، چەكسىز تە-سەۋۋۇرلار ۋە گۈزەل غايىلەرلا بىزنىڭ رېئاللىقىمىزنى بىر چىرايلىق بېزەيدىكەن ئەمەسمۇ! شۇڭا يالغانچىلىق، ساختىلىقمۇ بۇ مۇرەككەپ جەمئىيەتنىڭ ئۆمۈچۈك تورىدەك چىگىش ھالىتى-

نى ھاسىل قىلىشتا ئۆمۈچۈكتەك مۇھىم رول ئوينايدىكەن-دە!
بەزى چاغدا قورسىقىم توق بولسىمۇ داۋاملىق بىر نەرسە يېگۈم كېلىدۇ، بەزى چىرايلىق قىزلار بىلەن قىلچە تونۇشلۇقۇم بول-مىسىمۇ ئۇلارغا بىرنەرسە دېگۈم كېلىدۇ، نورمال نەپسىمگە، ئىززەت نەپسىمگە توسقۇن بولغان ھەم بولۇۋاتقان ھەرقانداق نەرسىنى تىللىغۇم، ئالدىمدىن يوقاتقۇم كېلىدۇ. مېنىڭ دېگۈم كېلىدىغان، قىلغۇم كېلىدىغان بۇ خۇسۇسىيىتىمنى كونترول قىلىۋالغان نەپسىمنى ياخشى-يامانغا ئايرىشىم تامامەن مەجبۇر-يەت ئاستىدا بولغان. مېنى تۇنجۇقتۇرۇۋاتقان ۋە ئاسراۋاتقان جامائەت بېسىمى كەلگۈسىدە قەبرەم تۆشۈكىگە كەپلىنىدىغان كېسەكتەك مۇھىم ۋە مۇستەھكەم بولغاچقا، ئۇنىڭدىن قىلچە ئاغرىنمايمەن ھەم ۋايسىمايمەن. گەپ، مېنىڭ ئۆز نەپسىمنىڭ ئۆمۈرلۈك قۇلى بولۇپ قالغانلىقىمدا. كارىۋاتتىكى بۇ بۇزۇق ئالدىدا تەن جەھەتتىن رەسۋا بولمىسامىمۇ روھىي جەھەتتە رەسۋا بولدۇم. ياتاققا زادى نېمىشقا كىرىمەن؟ بۇ مېنىڭ پاك مۇھەب-بىتىم ئالدىدا يېرىم رەسۋا بولغىنىم ئەمەسمۇ! پۈتۈنلەي رەسۋا بولۇشنى كۆڭلۈم ھەقىقەتەن كۆتۈرمەيدۇ، مەن مۇھەببەت ئار-قىلىق كۆپتىن بېرى يوقىتىپ قويغان يېرىم جېنىمنى ئىزدە-مەكچى ئىدىم، شۇنداقلا كارىۋاتتا ياتقان بۇ بۇزۇقنىمۇ ۋۇجۇ-دۇمنىڭ يېرىمىدەك، ھەتتا مۇھەببىتىمدىن ئىزدەۋاتقان يېرىم جېنىمدەك كۆرۈپ، ئۇنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا جېنىمنىڭ راستى-تىنلا يېرىمى قالغاندەك ھالسىزلىنىپ، خۇدۇمنى يوقىتىپ قويغانىدىم، قارىسام ئۆزۈمگە ئۆزۈم ھەقىقەتەن ئوخشىمايدىغانلا بىر مەخلۇققا ئايلىنىپتىمەن، ئاشۇ بەدبەشىرە تۇرقۇمدىن ھەقد-

قەتەن قورقۇپ كەتتى، ئۇنىڭدىن يىرگەندىم ھەم يىراق قاچتىم. بۇنداق قېچىشنى مەغلۇبىيەت دېمەي غەلىبە دېيىش كېرەك ئى-دى، بىراق زامانىمىزدىكى بەزى نوچىلار مەن ئېرىشكەن غەلى-بىنى مەغلۇبىيەت دەيدۇ، مەغلۇبىيىتىنى غەلىبە دەۋالىدۇ، قورقۇشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشتىن قورقىدۇ، قورقۇشقا تېگىشلىك ئىشتىن قورقمايدۇ، جاھاننى تەتۈر چۆرگىلىتىپ، ئاخىر ئۆزى قۇيۇندەك پىرقىراپ، بىر مەھەل ھاماقەتلەرچە سۈرەن سېلىپ ئاقىۋەت تېزلا يوقىلىدۇ، ئەمما كىشىنى جىلە قىلىپ ئازابلايدىغىنى شۇكى، جەمئىيەت ھاۋاسى خۇددى تەبىئەت ھاۋاسىدەك تۇراقسىز، ئۆزگىرىشچانلا بولغاچقا، بۇنداق تەتۈر قۇيۇنلار يەنە پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ.

قايسىبىر ئالىم ئېيتقاندەك، "شەھۋەتتىن ئىنسان تۆرۈلى-دۇ، ئۇرۇش ئادەمنى يوقىتىدۇ". بۇ خىلدىكى تەكرار ئايلىنىش-نى تەقدىر-قىسمەتتىن كۆرمەي نە ئىلاج! ؟ تۇغۇلدۇق، جىنى-سىي مۇناسىۋەت قىلدۇق، ئۆلدۇق دېمەكلىك بىلەن بىر ئادەم-نىڭ پۈتكۈل ھايات مۇساپىسىنىڭ داۋاملىشىش ئەھۋالىنى كۆر-ستىپ بېرىش مۇمكىنمۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنى ئويلىغانچە بېشىم قېتىپ كەتتى، بۇ ئۇلۇغ كۇندە ناشايان ئىشتىن ساقلانغىنىمدىن كۆپ مەمنۇن بولدۇم. نەپس تەشنالىقىدىن خالىي بولغان مۇقەد-دەس پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا مەسچىتكە كېتىۋالسام ھېلىمۇ ئۇلگۇرەلەيتتىم. ئاتام ئەزان ئېيتىپ قويغان ئىسمىم "تاھىر" مەنىسى "تەرەت ئالغان، پا-كىز" بولغاچقا، مەن مۇشۇ مۇبارەك ئىسمىمغا لايىق ئادەم بو-لۇشنىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم.

ياتاقتىن يېنىپ چىقتىم، نەپسىمدىن غالىب كېلىشىم يەنە تۇرۇپلا مەغلۇبىيەتتەك بىلىنىپ كەتتى. بۇنداق بىر كۈن ئىلگى-رى بولمىغان، هازىرمۇ ھەم بولمايدۇ. ئىچىمدىكى ياۋايى جىن-لىرىم تۇڭگۇزدەك چىرقىرايدۇ. يوشۇرۇن ئېڭىمدىكى داشقاي-ناققا تاشلانغىنىمدا ئوتتۇرز ئالتە تۇرلۇك پاسكىنىلىققا تولغان ۋۇجۇدۇم خۇددى قىزىق ياغدا پىشۇرۇلغان قۇيماقتەك قورۇلۇپ قالىدۇ، بۇ بىر دەھشەت! ھە دېسىلا شۇ چىرايلىق شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىسى. مۇھەببەت قەلبىمدىكى مەڭگۇ ئۆزۈلمەس شارقى-راتمىغا ئوخشاپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئاپئاق تۇمانلىرى ئاق ئۆلۈم-نىڭ گۇزەللىكىنى ئەسلىتىدۇ. ھاياتنىڭ گۈزەللىكى رېئال ئازابتىن قېچىۋاتقان قاچاق روھقا بىرنىگاھ ئوقى ئاتسا، شۇ يەردىلا جان ئۆزسەم، تېنىم دوزاخقا، روھىم جەننەتكە تاش-لانسا. . دەيمەن. ئىلىم، پەن ئالىملىرى گۇمان ئۆلۈك ئېتى-قادتىن ئەقىل ئەركى جەھەتتە ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپتۇ. شەيتان ماڭا تاش ئاتماقتا!

مۇنچىغا كېتىۋاتىمەن، خىياللىرىم يۈرىكىمنىڭ ھەربىر سوقۇشى بىلەن تەڭ يەنە چېچىلىپ بارماقتا. . . ئاپئاق كىر-لىك، ئاپئاق ئانانىزم، ئاپئاق تېرە، ئاپئاق قەلب قاچان گۈزەل-لىشىدۇ؟ چېنىقىپ تاۋلانغاندىمۇ ياكى مۇنچىدا يۇيۇنۇپ، مۇھەب-بىتىمنى ئەسلەپ، ئۇنى تەسەۋۋۇرۇمدا بولسىمۇ ھەقىقىي ھايا-جانلاندۇرغان ھەم ئۆزۈممۇ ئالەمچە شادلانغاندىمۇ؟ بۇ چاغدا يەنە خارابلىققا يۈزلەنسەمچۇ؟ ماددا بىلەن ماددا، ماددا بىلەن روھ، روھ بىلەن روھ تىنىم تاپماي سۈركىلىشىدۇ. ھارغىن تۇيغۇلار-نى سۆرەپ قەبرىگىچە ماڭىمەن. يېپەلمىگەن ئاچچىق ئۆزۈملەر

ئارمان باراڭلىرىمدا تولۇپ يېتىپتۇ، ھەردائىم ھاڭۋاقىمەن،
شۈلگىيىمنى، شەھۋەت سۆيۈقلۇقۇمنى، كۆز يېشىمنى ئېقىتىد-
مەن. يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە خىلىتلىرىمدىكى قان، سەپرا،
سەۋدا، بەلغەملىرىم روھىيەت كۆچىدە ئېقىندەك ئاقىدۇ، ئۇلار-
مۇ ئۆز نۆۋىتىدە روھىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ماددىي روھ،
ماددىلاشقان روھ، روھسىمان ماددا ۋە روھىيەت ماددىلىرى
ئارىسىدا قۇيۇنتازدەك پىرقىرايمەن. بۇ — مەخلۇقات توقۇنۇشى.
تايىنى يوق ئىشلار، تەگسىز خىياللار تۈگىمەيدىكەن. شۇ-
ڭا ئۆزۈمنى مۆرەككەپلىككە (بەدىنىمنى ئىشرەتكە تاپشۇرغان-
دەك) تاپشۇرۇۋەتتىم. مۇنچىدا يالىڭاچلانغىنىمدا، ئىسسىق سۇ
ۋە ئاپئاق ھورنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمغا بېرىدىغان تەسىرىنى ئويل-
لىغىنىمدا، پەقەت شۇ ۋاقىتتىكى مەۋجۇتلۇقۇمنىلا ھاياتىمنىڭ
ئومۇمىي گەۋدىسى دەپ قارىغىنىمدا ھەم شۇ مەۋجۇتلۇقۇمغىلا
ھەيرانۇ-ھەس بولۇپ، فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجغا قۇل ئىكەن-
لىكىمنى بايقىغىنىمدا، ئۆزۈمنىڭ روھىي ئېچىرقاش ۋە ئىرادە
ئاسىيلىقىغا ئەل بولغان لايغەزەل بەندە ئىكەنلىكىمنى ھەقىقىي
بىلەلىشىم مۇمكىن. بىۋاستە سېزىم پەقەت بەدەنگىلا بويسۇنى-
دۇ، روھىيەت شاھىغا (ئەقىل، ئىرادىگە) بويسۇنمايدۇ، ئىن-
سانىنىڭ كارامەتلىك ۋۇجۇدى ۋە ئالامەتلىك ھاياتى مېنىڭ ئۆز-
لۈك روھىيىتىمدە بىۋاستە سېزىم ئارقىلىق توختاۋسىز گەۋدى-
لىنىدۇ. بەدەننى ئوراپ تۇرغان تەبىئىي ھاۋا، سىياسىي ھاۋا،
ئىجتىمائىي ئادەت ھاۋاسى، ئۆزلۈكسىز تۇغۇمچانلىق-
تىن مەھرۇم قىلىۋاتقان بۇرۇقتۇرمىلىق، مەجروھلۇق ھاۋاسى-
مۇ شۇنچە دىمىق، شۇنچە بىئاراملىق. ئىزگۈ ئەقىل ۋە ئىرادە

بىلەن يامان ئادەت ۋە ھۇرۇنلۇق پۇت تېپىشىپ تۇرىدۇ، مەن ئۇلارنى ئاجرىتالماي ئاۋارە. ئىسسىقلىك بىلەن پەسىلىك تۇيغۇسى بىر-بىرىگە ھەقىقەتەن يېقىنكەن، ھەتتا بىر-بىرىگە ھەر ۋاقىت ئۆزگىرەلەيدىكەن. شۇڭا بۇ جاھان ۋە ئادەمنى مۇرەككەپلىككە مەھكۇم دېيىش كېرەك. پۇلنى ئۇچار گىلەم قىلىپ بەخت ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلسام، ئالدىمدا ھەر تۇرلۇك ئىسىل نازۇنې-مەتلەر، قوينۇمدا گۇزەل سەتەڭلەر ئېھتىياجىمغا ھازىر بولۇپ تۇرسا، ئىشتىھا ۋە ئىشرەت نەپسىم ھەر ۋاقىت قېنىپ تۇرسا، زېمىن ئەھلىنىڭ كۆزىنى پارقىرىتىپ قويۇپ، ھېچبىر ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان بۈيۈك ئىشلارنى قىلسام. . دەي-مەن، ئەمما ئارزۇيۇم رېئاللىقنىڭ ئاياغ-ئاستى قىلىشىغا ئۇچ-راۋېرىپ ئاخىرى ئۆزىگە تەن بەردى، ئۆز مۇھىتىغا كۆنۈپ قالدى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئايرىلالماس بولۇپ قالدى.

قىزلار ياتىقى بىناسىدىن مۇنچىغا چۈشكىلى كېلىۋاتقان قىزلار ئىچىدىن غۇرۇرى كۈچلۈك، پاكلىق تۇيغۇسىغا باي ھې-لىقى گۈلۈمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ قارشى تەرىپىمدىن مەن بىلەن ئوخشاش سۈرئەتتە مەغرۇر كېلىۋاتاتتى، شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز تەڭلا بېلەت ئېلىش تۆشۈكىگە يېقىنلاپ كەل-دۇق. ئۇنىڭ ماڭا تېخىمۇ گۇمانلىق، مەسخىرىلىك نەزەردە قارىشىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ بەكمۇ بىئارام بولدۇم، بىر نەس باسقان ئادەمنى يەنە نەس بېسىۋېرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم. گەرچە مەن پاك بولسامۇ ئۇنىڭ مېنى پاسىق، جۇنۇپ دەپ ئويلىشىغا ئاساس يارىتىپ بەرگەن بۇ ئىش ئۇچۇن ئەمدى ئۆزۈمنى ئاقلاپ نەگە باراي؟ ئۇنىڭ ئالدىدا ئامالسىزلىق-

تىن تەمتىرەپ، بۇنداق پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالغۇدەك نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدۈم؟ خىيالىمدىكى ئىشنى ئەمەلىيەتتە قىلماي تۇرۇپلا ئۇنى ئۆزۈم گۇناھ ھېسابلىۋالدىمۇيا؟ ئۇ مېنى ئىختىيارسىز تەمتىرىتىپ قويۇپلا بىلەتنى ئۆزى باشتا چاقچاقلىق بىلەن ئېلىۋېلىپ، ماڭا قاراپمۇ قويماي يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئابايىقى ئۇلۇغۋار خىياللىرىمنىڭ بىلىگە تېپىۋەتكەن بۇ جىن ئەسلىدە مەندىن يىراقلىشىشنىڭ كويىغا كىرگەن بولسا، كۆزى كۆرمىگەن ئىشتىن گۇمانلىنىپ مەندىن ئايرىلىشقا باھانە ئىزدەپ يۈرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈپ يەنە بىھۇدە ئازابلىنىپ يۈرەمتىم؟ ئۇنىڭغا ئىلگىرى كىنو، تانسا بىلىتى ئېلىپ بەرگەنلىرىمنىڭ يۈزى قېنى؟ كەمبەغەللىكىمگە باقماي ئۇنىڭغا ھېسسىيات مەبلىغى سېلىش ئۈچۈن خەجلىگەن پۇللىرىمنىڭ ئېتىبارى قېنى؟ شۇئان يەنە يانچۇقۇمدا پۇلۇمنىڭ يوقلۇقى ئېسىمگە كەلدى، مۇنچىغا چۈشكىدەكمۇ پۇلۇمنىڭ يوقلۇقىنى ئېسىمدىن چىقىرىپ، پاسقىلىقتىن قېچىپ پاكلىققا يېتىشكىلا ئىنتىلىپ، مۇنچىغا چۈشۈپ مەسچىتكە بېرىشنىلا ئويلاپ، خىلمۇخىل خىيالغا پېتىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانىدىم. ئۇنىڭدا پۇل بارئىدى، ئاشقان پۇلىنى يانچۇقىغا سالغانىدى، ماڭا بىلەت ئېلىپ بېرىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمىغانىدى. ئۇ تېخى يىراقلاپ كەتمىگەنىدى، ئۇ مۇنچىغا كىرىپ كېتىپلا قالسا يۇيۇنۇش نىيىتىم ئىشقا ئاشمايتتى، شۇ ئاچچىقىمدا ئىپلاس ياتاققا يەنە قايتىپ كىرىپ ھېلىقى بۇزۇقنىڭ چىدىغۇسىز ۋەسۋەسىلىرىگە پايلىماي، ئۆزۈمنى بۇزۇپ قوياتتىم، قۇترىغان بۇقىنىڭ كۆزىدەك چەكچەيگەن كۆزۈم مەجۇن يېگەن ئىشەكنىڭ كۆزىدەك

يۇمۇلىدىغان ناچار بىر ھالەت يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى.

ھەي، نۇرسىمان!

—ھە، نېمە دەيسىز؟

—بىر كوي بېرىپ تۇرىڭە!

—نېمە قىلىسىز؟

—مۇنچىغا چۈشەتتىم.

—مەڭ، بەدىنىڭىزنى سوپۇنداپ پاكىز يۇيۇڭ، بۇندىن كېيىن ئۇنداق ئىشنى قىلماڭ.

—قانداق ئىشنى؟

—ئۆزىڭىزنى بۇلغايدىغان ئىشنى.

—مەن ئۆزۈمنى بۇلغىمىدىم، ماڭا ئىشىنىڭ!

—مەن سىزگە قانداق ئىشىنىشنى بىلمىدىم، ئېيتىڭە، مەن سىزگە نېمىگە ئاساسەن ئىشىنىمەن؟

—مەن بىلەن خېلى ئۇزاق ئارىلاشتىڭىزغۇ، قانداقلىقىمنى تېخىچە بىلمەمسىز، ھېلىقى بۇزۇقنى كۆرۈپ نىيىتىمنى بۇزغان بولسامۇ سىزنى شۇنچە ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن سىزنىڭ سىما-يىڭىزنى ئەسلەپ، ئاخىر نىيىتىمدىن ياندىمغۇ!؟

—مېنى ئەسلىگەندىن كېيىن ئەمەس، مەن ياتقىڭىزغا كىرگەندىن كېيىن نىيىتىڭىزدىن يانسىڭىزمۇ يانغانسىز. لې-كىن، مۇبادا مەن كىرمىگەن بولسامچۇ، ئىش باشقىچە بولاتتى-غۇ، دەيمەن. قارىسام چىرايىڭىز مەن تونۇغۇسىز ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، كۆرۈپ ھەقىقەتەن قورقۇپ كەتتىم، سىزدىن شۇ ھامان ئۈمىدسىزلىنىپ، ئاستا ئۆزۈمنى بىلىپ چىقىپ كەتتىم، مەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سىزنىڭ مېنى ئەڭ ئەشەددىي

تىللار بىلەن قارغايدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ كۆڭلۈم قاتتىق بۇ-زۇلدى. ئىلگىرىكى سۆز-ھەرىكەتلىرىڭىز ماڭا يالغاندەك، كۈل-كىلىكتەك تۇيۇلدى. بۈگۈنكى بۇ تۇغۇلغان كۈنىڭىزدە ئەسلى ماھىيىتىڭىزنى ئاشكارىلاپ ناھايىتى ياخشى قىلدىڭىز. سىزنى ھەقىقىي چۈشەندىم، ئاقىۋەت سىزدىن قاتتىق سەسكىنىپ كەت-تىم. ئەسلىدە تۇنۇگۈنلا مۇنچىغا چۈشكەندىم، لېكىن شۇ سەسكىنىش تۈپەيلىدىن كۆڭلۈم ئېلىشىپ تۇرغاچقا بۈگۈن يەنە مۇنچىغا چۈشكۈم كېلىپ قالدى. قارىسام سىزمۇ مۇنچىنىڭ ئالدىدا يۈرىسىز، مېنى كۆرۈپلا سارغىيىپ كەتتىڭىز. ياتاقتا قىزىرىپ ئاندىن تاتىرىپ كەتكەن چىرايىڭىز ئەمدىلىكتە سارغى-رىپ كەتسە، ئەتىگىچە ئىچ-تېشىڭىز قارىداپ كېتەمدۇ تېخى، ئۇقىلى بولمايدۇ، شۇڭا سىزدەك بۇنداق رەڭدار، ئۆزگىرىش-چان ئوغۇل بالىغا قىزلار كۆڭۈل توختىتالمايدۇ، ئېيتىڭە، ئەس-لىدىلا شۇنداق تۇتۇرۇقسىز، ئۆزگىرىشچان بولسىڭىز بۇنداق قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتەمتىڭىز؟

—سىزنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن شۇنداق بولدۇم، بولمىسا نېمە كارىم دەپ قىلدىغىنىمنى قىلىۋېرەتتىم، بۇزۇلۇپ كېتىۋېرەتتىم، ھېچنېمىدىن قورقمايتتىم. سىزنى چوڭ بىلىپ خاتا قىلغان ئوخشايمەن، بولمىسا سىزدىن ئۇنچە قورقۇپ تەمتى-رەپ كەتمىگەن بولاتتىم.

—ھېلىمۇ ھازىر شۇنداق قىلاي دەۋاتىسىزغۇ، ماھىيىتى-ڭىزنى ئاشكارىلاۋاتىسىزغۇ، مۇھەببەت دېگەننى قايرىپ قويۇپ، ئىپلاس ھەۋىسىڭىزنى بالدۇرراق قاندۇرۇشقا ئالدىراۋاتىسىزغۇ! بۇنداق چاغدا مېنى ياخشى كۆرۈشىڭىز، ھەتتا مەندىن قورقۇشى-

ڭىز بىمەنە، كۆلكىلىك ۋە بىر دەملىك روھىي ھالەت! راست دەيسىز، مېنى چوڭ بىلىپ خاتا قىلدىڭىز، مېنى نېمىشقا چوڭ بىلەتتىڭىز، چىرايلىق بولغىنىم ئۈچۈنمۇ؟ ئۆزۈمنى سىزگە ئالدىراپ تۇتقۇزمىغىنىم ئۈچۈنمۇ؟ ئەمەلىيەتتە مەن جىگەرلىك، ۋىجدانلىق ئوغۇللارنى ياخشى كۆرىمەن.

—ئەگەر سىز ماڭا ئۆزىڭىزنى (ياسىمىلىق ئىچىدە چۈشەپ قويماي) يېقىنلاشتۇرغان، تەكەببۇرلۇق قىلىپ قۇيرۇقىڭىزنى توزدەك دىڭگايتىۋالمىغان بولسىڭىز، سىزدىن مۇرادىمنى ھاسىل قىلغان بولسام سىزنى جېنىمدەك ئەزىز بىلەتتىم، كۆز قارچۇقۇمدەك ئاسرايتتىم، بۇنداق پاسكىنا بۇزۇقلارغا قاراپمۇ قويمايتتىم، تۇگىمەس ۋەسۋەسىگىمۇ تولمايتتىم. مەنمۇ سىزنى بەك چىرايلىق گۈل، پاك پەرىشتەم، غايىۋى مەشۇقۇم، قولتەگسىلا كىرى يۇقۇپ قالىدىغان نۇرلۇق گۆھەر دەپ بىلمىگەن بولسام، سىزنىمۇ ماڭا ئوخشاش ھېسسىياتلىق ئادەم، بەلكى جىنسىي ھېسسىيات جەھەتتە مېنى بېسىپ چۈشىدىغان بىراق ھازىر ئۆزىنى قاتتىق تىزگىنلىۋالغان، شۇنداقتىمۇ ماڭا ھامان بىر كۈنى بويسۇنىدىغان، سۆيۈلمەستە، توي قىلماستا كۆرەڭلىگەن بىلەن سۆيگۈ ۋە توي باسقۇچىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇز ياشتىن ھالقىغاندىن كېيىن بارا-بارا ئاجىزلاپ، پەسكويغا چۈشىدىغان بىر ئايال دەپ بىلگەن بولسام، غۇۋا ھېسسىياتىمنى نىرۋىڭىزغا تەسىر قىلغۇدەك ئايدىڭلاشتۇرغان، قەلبىڭىزدە نۇرلۇق، ئوچۇق ئىز قالدۇرغان بولسام بەلكىم مېنى ئۈنچىلىك تۆۋەن چاغلىمىغان، كۆزىڭىز كۆرمىگەن ئىشتىن گۇمانلانمىغان ۋە مەندىن ئۈمىدسىزلىنىپ، تېزلا يىراقلاپ كەتمىگەن بولاتتىڭىز. ئەك-

ـسچە مېنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە پۇخادىن چىققىچە تىللاپ ياكى بىرەر كاچات ئۇرۇپلا ئاندىن بېشىڭىزنى مەيدەمگە قويۇپ يىغلى-غان، ھەتتا ھېلىقى بۇزۇقنىڭ چاچلىرىنى يۇلۇپ، يۈز-كۆزىنى مورىلاپ، ئۇنىڭ تېرىسىدە تىرناق يارىسى قالدۇرغان بولاتتى-ڭىز. ئۇ بۇزۇققا چېقىلماسلىقىمدىن كۆرە سىزگە جىسمانىي جەھەتتىن يېقىنلىشالمىغانلىقىم، ئەركەكلىك ھېسسىياتىمنى سىزگە تونۇتالمىغانلىقىم ھازىر ماڭا ئەڭ چوڭ كەتكۈزۈپ قو-يۇش، ھەتتا ئېغىر سەۋەنلىك بولۇپ تۇيۇلۇۋاتىدۇ. سىز مېنى شۇنداق ئويلاشقا مەجبۇر قىلدىڭىز، مەن سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە جىگەرلىك، ۋىجدانلىق ئوغۇل بالا ئەمەسمۇ؟ قانداق قىلسام سىزگە جۈرئەتلىك ئىكەنلىكىمنى، پاك ئۇغۇللۇق غۇرۇر، ۋىج-دانىمنىڭ قايناپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرەلەيمەن؟ ئەسلىدە ئۇ بۇزۇققا چېقىلىشنى نىيەت قىلىشتىن ئاۋۋال سىزگە جىسمانىي جەھەتتىن يېقىنلىشىشقا ئۇرۇنسام ئورۇنلۇق بولامتى؟!

—نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسىز، بۇ گەپلىرىڭىزنى ماڭا قايسى يۈزىڭىز بىلەن دەۋاتىسىز؟ قىزلارنى ئۆزىڭىزدەك ئەخمەق چاغ-لايدىغان بالىكەنسىز، ھېسسىياتىڭىزنى ئورۇنلۇق ئىپادىلەشنى بىلمەيدىكەنسىز. سىزدەك بۇنداق ئۆزىنى ئوقمايدىغان، ئۆزىنى ئىدىيە-ھېسسىياتتا، سۆز-ھەرىكەتتە كونترول قىلالمايدىغان سا-راڭ قىبتىش ئوغۇل باللاردىن قىزلار قاتتىق ئەندىشە قىلىدۇ.

—توغرا، مەن ھېسسىياتىمنى جايىدا ئىپادىلىيەلمەي قال-دىم، بىراق بۇنى تۈزىتىپ كەتكىلى بولىدىغۇ!

—مەن ئىشەنمەيمەن، مەن باشتىلا سىزنىڭ باشقىلارغا ياق-مايدىغان غەلىتە ئىشلىرىڭىزنى بايقىغان. ئويلاپ باقسام بۇ ئەس-

لىدە بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەن.

—مەسىلەن، قانداق ئىشىمنى؟

—ئېيتىڭە، قايسى بىر ئوغۇل بالا ئۆزى تۇنجى قېتىم ياخشى كۆرگەن بىر قىزنى ئىككىنچى بولۇپ ياخشى كۆرگەن بىر قىزغا ئۆز ئاغزىدا ئاشكارىلاپ بېرىدۇ ھەم ئۇنى ئۇنتۇش ھەققىدە قەسەم قىلىدۇ؟

راستىنى دېسەم، ئۇ قىز سىزگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخ-شايتتى. ئۇنىڭ مېنىڭ مۇھەببەت تەلىپىمنى رەت قىلىۋەتكەنلىكىنى، ئاندىن مېنىڭ ئازابلانغانلىقىمنى، ئاخىر ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشكە قەسەم قىلغانلىقىمنى سىزگە دېسەم روھىي بېسىمدىن ئاز-تولا قۇتۇلاتتىم، سىز بىلەن راستتىنلا يۈرۈپ قالسام ئۇنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتەلەيتتىم.

—مەن ئەسلىدە ئۇنىڭ رولىنى ئېلىۋاتقان قورچاق ئىكەن-مەن-دە!

—شۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ چىرايلىقلىقى، ھاكا-ۋۇرلۇقى، ئوماقلىقى، شۆھرەتپەرەسلىكى، جىلۋىگەرلىكى، سۇنئىيلىكى ۋە رومانتىكلىقى سىزگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئوخشىمايدىغىنى ئۇ سىزدىن بوي جەھەتتە ئېگىزرەك، سىز ئۇنىڭدىن تەلەپ-ئارزۇ جەھەتتە يۇقىرىراق، يەنى سەل ئاچ كۆزرەك.

—مەن ئاچ كۆزمۇ تېخى، بۇ جاھاندا قايسى بىر ئادەم ئاچ كۆز ئەمەسكەن! سەنمۇ ئاچ كۆزغۇ، ئاچ كۆز بولمىساڭ تەييار جالاپقا دوم چۈشەمتىڭ!؟ پۇلۇڭ تۇرۇپمۇ پۇل دەپ، بىر كويغا چىقىنالماي سارغىيىپ يۈرەمتىڭ!؟

— بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى ”سەن“ دېيىشەيلى، شۇنداق بولغاندا ئوچۇق-يورۇق پاراڭلىشالايمىز، ئارىمىز يېقىنلىشىدۇ.

— سەنلەيدىغان ئادىمىڭنى تېپىپ سەنلە، مەن سېنىڭ نېمەڭتىم! ئارىمىز ئەمدى ھەرگىز يېقىنلاشمايدۇ، مۇناسىۋىتىمىز موشۇ يەردە ئۈزۈلسۇن!

— خەير، مەندىن پۇلى جىقراق، مەندىن يامانراق بىرسىنى تېپىۋالارسەن، توت ما پۇلۇڭنى، مۇنچىغىمۇ چۈشمەيمەن، مەن ئۆزۈمگە پاك بولسام بولدى، سەن مېنى پاسىق دەپ يۈز ئۆرۈدۈڭ، خەپ، بىر كۈنى سېنىڭمۇ بۇزۇلۇپ كەتمىگىنىڭنى كۆرەي، سەن ئاچ كۆز پۇلنى دەپ چوقۇم بۇزۇلۇپ كېتىسەن، ئال، ماۋۇ سېسىق پۇلۇڭنى، نېمىدەپ سەندىن پۇل سورىغاندىمەن! ئۇ كەينىگە قاراپمۇ قويماي كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىلەن خىيالىمدا سۆزلىشىپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن پۇل سوراشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، لېكىن ئۇنىڭدىن پۇل سوراشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىمنى بىلەتتىم، ئۇنى سۆيۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان ئادەم ئۇنىڭدىن پۇل سوراشقا قانداق پېتىنالايتتىم؟! ئەمەلىيەتتە بايىقى خىيالىمدىلا ھەممە ئىش يۈز بېرىپ بولدى، مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ھەقىقىي يۈزلىنىشىمۇ ئايدىڭلاشتى. ئۇنى خىيالىمدا ”قايتىدىن قوراشتۇرۇپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ“ باشقا بىر قىياپەتتە قەلبىمدە تۇرغۇزۇۋالدىم، ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆزۈمگە تاشلىنىپ تۇرغان بۈيۈك سىماسىنى قەلبىمگە (خۇددى ئۇستا رەسسامغا ئوخشاش) قايتىدىن سىزىپ چىقتىم. نەتىجىدە ئۇنىڭ نۇرانە ئوبرازى بىردىنلا خۇنۈكلىشىپ كەتتى. بىراۋنى خىيالىمدىلا ئۆزىگە ئۆچ كۆرسىتىۋالىدىغان بەزى ئادەملەرنىڭ قەلبىدە

ئاق ئادەممۇ قارىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ياكى ئاق قارا ئارىلىشىپ كېتىدۇ. لېكىن مەن باشقىلار بىلەن خىيالىمدا بۇگۇنكىدەك بۇنداق دەھشەتلىك قىرىشىپ باقمىغانىدىم، ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان بىرسى بىلەن ئويلىمىغان يەردىن خىيالەن توقۇنۇشۇپ قالغانىدىمۇ ئۇنىڭغا بۇنداق ئالدىراپ باھابېرىپ، قەلبىمنىڭ ئالىي تۆرىدىن ئۇنى تېزلا قوغلاپ چىقارمايتتىم. لېكىن مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ قىل سىغماس نازۇك ھېسسىيات قىلدىن قىيىق كەتسىلا، بىزارلىق، ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەتلىنىشكە ئۆزگىرىپ كېتىدىغان، كىشىگە ئازابلىنىش ئېلىپ كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇنى ئۆز خىيالىمدىلا ئەرزىمەس نەرسە ھېسابلاپ، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ھەيدەپ چىقىرىشىم ئۆزۈمگە تامامەن چۈشىنىشلىك ئىدى، كۆڭلۈمدە موشۇنداق ئەھۋالغا ئۇچراپ، مەشۇقىدىن تېزلا ۋاز كېچىپ كەتكەن (بەلكىم ئۇنى ئەپسۇسلىنارلىق ھالدا قولدىن بېرىپ قويغان) ئاشىقلارمۇ ئاز ئەمەسقۇ دەپ ئويلايتتىم.

ئۇ مۇنچىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندا ماڭا ئەجەبلىنىپ قارىغاندەك قىلدى، مۇنچىغا بىللە كىرگىڭىز بارمىدى، دەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتكەن بۇ سىرلىق قاراشتىن ھودۇقۇپ كەتتىم. ئەسلىدىكى خىيالىمچە بولغاندا ئۇ ماڭا قاراپ قويمايلا (مېنى خورلۇقتا، پاسكىنىلىقتا قويۇپ) كىرىپ كېتىۋېرىشى كېرەك ئىدى. خىيالىمدا ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ، ئۇنى ئۆزۈمگە يات، ئۆچ كۆرسىتىپ قويۇشۇمنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغاندەك قىلامدۇ نېمە! ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ھەممە چىرايلىق قىزلارنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى بولۇشى مۇمكىنغۇ؟!

ئۇنىڭ گۇمانخورلۇقى ئۇنىڭ مېنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولۇپ قالسىچۇ! بەزى قىزلارنى چۇشەنمەك بەك تەس-قۇ. . خىيالىم يەنە ياخشى تەرەپكە بۇرۇلۇۋاتاتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا مۇنچىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتسەم دېگەن بىر بىمەنە خىيال كاللامغا ئۇشتۇمتۇت كىرىۋېلىپ قەلبىمنى لەرزىگە سالدى. مۇمكىن بولمىغان ئىشقا ھەرقانچە تەلپۈنگەن بىلەنمۇ بىكار، خىيال دېگەن خىيال، رېئاللىق دېگەن رېئال-لىق-تە! ئۇ مۇنچىغا كىرىدۇ، كىيىمنى سالىدۇ، شارقىراپ چۈشۈۋاتقان ئىسسىق سۇغا بەدىنىنى تۇتىدۇ. مەن ھازىرقى بۇ تەسەۋۋۇرۇمدىن ھاياجانلىنىپ، قىزىپ، ئىسسىق سۇغا ئايلى-نىپ كەتسەم، ئۇنىڭ مەن پەقەت تەسەۋۋۇرلا قىلالايدىغان ئەمما لەرزەتلىنىشكە ئۈرۈنالمىغان سىرلىق بەدىنىنى ئالا قويماي سى-لاشتۇرۇپ، ھەممە يېرىگە تېگىشىپ، ئازغۇن تامچە بولۇپ ئېقىپ، دوملاپ يۈرسەم مەۋجۇتلۇقۇم ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىم-مىتىگە ئىگە بولغان بولاتتى، سۇ تامچىسى بولۇپ ئۇنىڭ نا-زۇك، پىنھان بەدىنىدە ئېقىپ يايرىۋالسام ياكى ئۇنىڭ بەدىنىدى-كى تەر تۆشۈكچىلىرىگە سىڭىپ كەتسەم ھەقدادىمغا يېتەر ئى-دىم. ئۇ چاغدا مازغاپقا، كىر سۇيىگە ئايلىنىپ ئۇنىڭ تاپىنىغا، يۇندا چۈشىدىغان يەرگە كىرىپ كەتسەممۇ مەيلى ئىدى. ئەجەبا، مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئارمانلىرىم يوقمىدۇ؟! مۇنچىغا چۈ-شۈشكە راستتىنلا ئىمكان قالمىدىمۇ؟

موھتاجلىق مېنى پۇلسىز مۇنچىسى بار مەسچىتكە بېرىشقا دەۋەت قىلماقتا ئىدى، نامازغا بارغان يۇرتداش كاۋاپچىلاردىن پۇل سورىسام بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنۈمنى قىينالمايلا ئۆتكۈزد-

دىغان تۇرسام، نېمىشقا بۇ يەردە يوقىلاڭ خىيال سۈرۈپ، يۈرىمەن؟ سۆيەلمىگەن سۆيگۈنۈمنىڭ بەدىنىدە ئۆيناپ يۈرگەن ئازغۇن تامچە بولغىنىمدىن كۆرە مەسچىتتە رىزقىمنى تىلەپ يۈرگەن تىرىك، ئىخلاسمەن بەندە بولغىنىم رىئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەسمۇ! ؟ خۇدا نېسىپ قىلسا مەن پۇل سورايدىغان كاۋاپچىنىڭ ئىنساپقا كەلمىكىمۇ بەلكىم خېلى تەس، ھاجىتىمنى پۇلى بار بىر ئىنساندىن تىلىسەم ئىشىم ئوڭۇشلۇق بولۇشى مۇمكىن. قورسىقىم ئاچ تۇرسىمۇ قىينى بېرىپ باقاي، تىلىسەم تاپارمەن!

ئاپتوبۇستا ئادەم جىق ئىدى، پۇلۇمنىڭ يوقلۇقىغا قارىماي، قىستىلىپ يۈرۈپ ئۇنىڭغا چىقىۋالدىم. ئادەتتە ھېچقانداق تونۇشمايدىغان، تېنى تا ئۆلگۈچە بىر-بىرىگە تېگىشىپ بېقىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئەر-ئاياللار بۇ ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە ئامالسىزلىقتىن قىستىلىپ، بىر-بىرىنى ئىتتىرىپ جەينەكلىشىپ، ئازادىراق تۇرۇشقا تىرىشاتتى، بەزىلىرى غۇدۇرىشىپ، تىللىشىمۇ قوياتتى، بۇ دۆلەتتە ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەنلىكىدىن كۆڭلىدە قاقشاپ، دەردىنى يەنە ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولاتتى. بىراق، مەن نېمىشقىكىن، بۇ كۆپ ئادەمنىڭ قېتىدا سۇغا چۈشكەن بېلىقتەك يايراپ كەتتىم، ھېلى چۈشىدىغاندا بۇلارنىڭ ماڭا بېلەت ساتقۇچى ئايالنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىشقا پايدىسى تېگىدىغانلىقىنى پەملەپ، ئاپتوبۇسقا تېخىمۇ كۆپ ئادەمنىڭ چىقىشىنى ۋە ماڭا قورغان بولۇپ تۇرۇپ بېرىشىنى تىلىدىم، مەندىن باشقا ھېچكىمنىڭمۇ قىستالغۇسى، بېلەت ئالغۇسى يوق بولسا كېرەك، پەقەت مەنلا موھتاجلىقتىن قىستىلىپ، بېلەت ئالماسلىقنىڭ قازىنىنى ئىسسىپ، كۆپ ئادەمنىڭ

قېتىدا مىجىلسامىۇ كۆڭلۈم توق تۇراتتىم. شۇ چاغدىلا مەن دۆلىتىمىزدە ئادەمنىڭ ئىكەنلىكىدىن تۇنجى قېتىم سۆيۈن-دۈم، كېيىنكى بېكەتتە چۈشىدىغان بىر قىزچاق كەينىمدىن يۇمران بەدىنى بىلەن مېنى قىستاپ يېقىملىققىنە سۇرۇلۇپ ئۆتۈپ قەلبىمنى تېخىمۇ سۆيۈندۈرۈۋەتتى. كەينىمگە ئىختىيار-سىز بۇرۇلۇپ قارىدىم، ئۇ چىرايلىققىنە قىرقىم چاچ قىز ئىكەن. ئۇ تېخى: ”چۈشەمسەن“ دەپ ماڭا ئىللىققىنە قارىدى، كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدىكى تال-تال سىزىقچە-لار ئۇنىڭ سۆيگۈگە تەشنا يۈرىكىنىڭ قاغجىراپ يېرىلىپ كېتى-ۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى بولسا كېرەك. شۇئان مېنىڭ يۈرىكىمۇ هاياجاندىن سوقتى. ئۇ بايا سۇرۇلۇپ ئۆتكەندە دۈمبەمگە ئامال-سىزلىقتىن تېگىپ، بېسىلىپ كەتكەن كۆكسىنى ئەمدى نەگە ئېلىپ قاچتىكىن، تۇرۇپلا شۇ يۇمران، يېقىملىق سەزگۈنى سېغىنىپ، بوشۇشۇپ كەتتىم، ئۇ قىز مېنىڭ ئاپتوبۇستىن چۈشمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ يېنىمدىن سۇركىلىپ ئۆتۈپ ئالدى-غا كېلىپ تۇردى، مەن بىرەر قىز بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن هەر قانچە يېقىن ئۆتتۇم ۋە ئۇنىڭ بەدىنىگە يېقىنلاشتىم دېگەندىمۇ ئۇنى ئالدىمدا بۇ هالەتتە تۇرغۇزۇپ باقمىغانىدىم، هەتتا بۇ مەن ئۇچۇن ئۆمۈر بويى مۇشەررەپ بولالمايدىغان بىر-خىل هاياجانلىق هالەت ئىدى. يەنە كېلىپ ئالدىمدىكى بۇ قىزنىد-مۇ ئادەتتىكى چاغلاردا ئالداپ ياكى پۇل بېرىپمۇ مۇنداق هالەتتە تۇرغۇزۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ تەقدىرنىڭ غەلىتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بولماي نېمە؟! ئىلگىرىكى نى نى قىسمەتلىرىم هەرقانچە دەبدەبىلىك بولسىمۇ، مېڭەمگە هەرقانچە تەسىر قىلىپ

ئۆچمەس ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان بولسىمۇ، ۋاقىتنىڭ مەسخى-رىلىك كۈلكىسى بىلەن تۈگەشكەندى، ھازىرقى بۇ ھاياجانلىق ھالىتىمنىڭ ماڭا ئاجايىپ بىر قىسمەت بولۇپ تۇيۇلۇشى بۇنىڭ تۈنجى قېتىملىق ۋە ھەيران قالارلىق ھادىسە ئىكەنلىكىنىڭ، جېنىمنى يايرىتىپ، ھۇجەيرىلىرىمنى ئورنىدىن قوزغىتىپ، مېڭەمدە ئانانىزم خۇمارىغا ئوخشاش يامان كېسەللىك پەيدا قىلى-دىغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولسا كېرەك. بۇ نازۇك بەدەن قىزچاق چوڭ شەھەرنىڭ قىزلىرى مودا بىلىپ كىيىۋالىدىغان تار كابوي شىم ۋە ناھايىتى كۆركەم بىر پوپايكا كىيىۋالغان بولۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن كىشىنى مەست قىلىدىغان بىرخىل خۇشپۇراق كېلەت-تى، ئۇ بەدىنىگە ئەتىر چاچمىسىمۇ ئۆزىنىڭ يات جىنسلىق يەنە كېلىپ قىزلىق ھىدى بىلەنلا چاڭقاش، ئېچىرقاش ھالىتىدە تۇرغان مەندەك ئوغۇلچاقنى تەبىئىيلا مەھلىيا قىلىۋالاتتى، ھايا-جانغا ئىنتىلدۇرەتتى، يۈرەكنى چىدىغۇسىز كۆيدۈرەتتى! يۇرد-كىم مېنى ماشىنىنىڭ ماتورىغا ئوخشاش ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇ-نىڭ يېنىغا سۆرەپ ئاپاردى، يېقىنلاشتۇردى، يېپىشتۇردى، ئەمەلىيەتتە مەن بىر قەدەممۇ ماڭمىدىم، شۇنداقتىمۇ ناھايىتى كۆپ مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم، دەر-ۋەقە كۆڭلۈم ئالدىمدىلا چېپىپ چىقىپ كەتكەن ۋە نۇرغۇن مەنزىلدىن ئۆتۈپ بارار جايىغا يەتكەنىدى. ئاپتوبۇستىكى قىس-تاڭچىلىق پەقەت ئامالسىزلىقتىن بولۇۋاتقاچقا، ھەممە كىشى بۇ يەردە قىستىلىشنى مەجبۇرىيەتتەك ھېسابلايتتى، شۇڭا ئالدىمدا قىمىرلىماي تۇرغان بۇ قىزنىڭ مېنى نومۇسسىز بىرنېمىكەن دەپ ئويلاپ قېلىشىدىن ياكى ئاشكارە ھالدا ئەيىبلىشىدىن ئەنسى-

ـرىشمىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئىككى تەن تۇتاشقاندا تەبىئىيلا ھاسىل بولىدىغان ئوت بۇ قىز ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەتكۈچە مېنى ھاياجاندا كۆيدۈرۈپ، ياتاقتىكى ھېلىقى بۇزۇقنىڭ بەدىنىدىن ئېرىشەلمىگەن لەززەتكە ئىگە قىلسا مەن ھېچقانداق ۋىجدان ئازابىنى تارتمايلا ھېلىقى مەقسىتىمگە بەربىر يېتىمەن ئەمەسمۇ! شۇ لەززەتنىڭ شەپىسىنى تۇيۇپ قالغان جىنسىي ھېسسىياتىم نورمال ئەقلى ھوشۇمنى مەھكەم چىرماپ، ئۆزى تارتىشقان ياققا ياۋايىلارچە تاشلىنىۋاتاتتى.

قىز چاق ئاخىرى چۈشۈپ كەتتى، بايىقى ھېسسىياتتىن قىزىپ، ئوت بولۇپ كۆيگەن جىسمىمغا سوغۇق سۇ سېپىلدى، چالا كۆيۈك پېتى تۇرۇپ قالدىم. ئۇ شەيتان مېنى ئەۋرەزگە تاشلاپ قويۇپ، مەسخىرىلىك كۆلگىنىچە كۆزۈمدىن يۇتتى. ئانىنىزم ئالۋاستىلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى، رەڭگارەڭلىكى ۋۇجۇدۇمدا تۇغەپ ئۆتمەيدىغان جىنسىي مەرەزلىكنىڭ مەنبەسى ئىكەن ئەمەسمۇ! ئاپتوبۇسلار بۇ شەھەرنىڭ مۇھىتىنى بۇلغىسا، ئانانىزم ئالۋاستىلىرى مېنى بۇلغايدۇ. بۇ ئەسلىدە قۇتۇلغۇسىز يامان قىسمەت ئىكەن. ئاپتوبۇس مەن چۈشىدىغان بېكەتكە كەلگەندە بىر-بىرىنى ئىتتىرىپ، ئالدىراپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالدىم، بىلەت ساتقۇچى ئايال بىلەت قېنى دەپ بولغۇچە پەسكە چۈشۈپ بولدۇم، ئىشىك قاتتىق يېپىلغاندا چاپىنىمنىڭ پۇشقىقى قىسىلىپ قالغىلى تاس قالدى، پىخسىق ئايال ئالىيىپ قويۇپلا باشقا گەپ قىلمىدى. يۈرىكىم ئابايىقى ھاياجان ۋە بايىقى قورقۇنچتىن توختىماي پۇلاڭلاپ، ئەمدىرەك جايىغا چۈشۈۋاتاتتى. سائەتكە قارىسام جۇمە

ۋاقىتىغا ئازلا قاپتۇ، نامازدىن ئاۋۋال غۇسۇل قىلىشىمغا يېتەر-لىك ۋاقىت بولمىسا پەرزنى ئاددا قىلالماي، پاسىق پېتى قالات-تىم. قورسىقىمنىڭ ئاچلىقىغا چىداپ تېز ماڭدىم. مەسچىتكە بېرىپ مۇنچىغا كىرسەم ئىچىگە ئادەم توشۇپ بوپتۇ، قارىسام ھەممىسى دېگۈدەك ئادەتتە پاسكىنا يۇرىدىغان، ھەر جۇمە كۈنى بۇ يەرگە ناماز ئوقۇشتىن كۆرە يۇيۇنۇپ ئىلىشقا بەكرەك ئالدىراي-دىغان كاۋاپچىلار، ئاشپەزلەر ئىكەن. ئۇلار ھەردائىم موشۇنداق ئۇزاق يۇيۇناتتى، سۇنى جۇمەكتىن بولۇشىغا شارقىرىتىپ قو-يۇپ، سۇ تۆگەپ قالسا تۆڭگان ئاقساقاللارغا توۋلاپ سۇ بەرگۈ-زۇپ، سۇ بەرمىسە تىللاپ، قاقشاپ يۇرەتتى، يۇيۇنۇشقا تەييار بولۇپ تۇرغانلار ماڭا ئوخشاش كېيىن قالغىنىدىن ئاغرىنىپ، ناماز باشلانغىچە يۇيۇنۇپ بولالىشىدىن ئۇمىدىنى ئۈزۈپ، بەدبۇي كىر، قاڭسىق تەر ھىدى قاپلىغان مۇنچىنىڭ ئىچىدە نەپەس ئېلىپ تۇرالماي تالاغا قېچىپ چىقاتتى. مەن تالادا تىت-تىت بولۇپ تۇرۇۋاتقىنىمدا، مۇنچىنىڭ ئىچىدىن ماڭا تونۇش بىر كاۋاپچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، سۇ تۆگەپ قالغان بولسا كېرەك، ئۇ مۇنچا باشقۇرىدىغان ئاقساقالنى توۋلاۋاتاتتى. ئادەتتە ئۇنىڭغا ھاجىتىم چۈشمىگەن چاغدا قولىقىمغا دەھشەت ئاڭلىنىدىغان بۇ ئاۋاز ئەمدىلىكتە ناھايىتى يېقىملىق ئاڭلىنىۋاتاتتى.

شۇنداق قىلىپ، ناماز باشلانغۇچە مۇنچا بىكارلانمىدى؛ مەن ئەمدى بۇ يەردە تەن ۋە روھىي جەھەتتىن پاكلىنىش ئۇمى-دىمنى ئۈزۈپ، بارلىق ئۇمىدىمنى ئاشۇ كاۋاپچىغا باغلىدىم، مەسچىتكە كېلىشتىكى ھەقىقىي مەقسىتىممۇ ئۇنىڭدىن پۇل ئۇن-دۇرۇش بولسا كېرەك، غۇسۇل قىلالمىغىنىمدىن، ناماز ئوقۇ-

يالمىغىنىمدىن ئانچە ئۆكۈنمەيۋاتاتتىم. ئۇ مۇنچىدىن چىققاندا مېنىڭ ئۇنى دەپلا مەسچىتكە كەلگىنىمنى يوشۇرۇش نىيىتىگە كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇردۇم. ئۇ مېنى كۆرمەيلا ناماز ئوقۇغىلى كىرىپ كەتتى، شۇ تاپتا بۇ ئەبگا، قاراقورساق كاۋاپ-چى كۆزۈمگە ناھايىتى ئېسىل ئادەمدەك، ئىجادكارىمدەك كۆرۈ-نۈپ كەتتى. ماڭا ئۇنى ئېسىل كۆرسەتكىنى ئۇنىڭ ناماز ئوقۇ-غىنى ئەمەس بەلكى ئىشلەپ تاپقان پۇلى ئىدى.

ناماز ئاخىرلاشقىچە مەسچىت دەرۋازىسى يېنىدىن مۇساپىر-دەك ئەگىپ كېتەلمەي قالدىم، دەرۋازا ئالدىدا تىلەمچىلىك بىل-لەن جان باقىدىغان ئاجىز قېرىلار، ئاقساق-چولاقلار سوغوقتا دۈگدىيىشىپ، مەندىن بىر نېمە تەمە قىلىشىپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇراتتى، لېكىن ھازىر مەنمۇ ئۇلاردەك بىچارە ئى-دىم، ئۇلارغا ھېچنېمە بېرەلمەيتتىم ھەم ماھىيەتتە ئۇلارغا ئوخشاشلا بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدىم. بۇلارنى ئويلاپ ئى-چىمدە ئاچچىق كۈلدۈم. جالاپنىڭ جېنىغۇ جان ئىكەن، قەلەن-دەرنىڭ جېنىمۇ جان ئەمەسمۇ؟!

نامازدىن تارقاپ چىقىۋاتقان كىشىلەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك موشۇ شەھەردە كاۋاپچىلىق قىلىدىغان ياكى، باشقا تۈرلۈك ئو-قەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتداشلار، دىنداشلار ۋە بىر يولدىكى سەپداشلار ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېلىقى يۇرت-دىشىمنى تېپىپ، چاندۇرماستىن بېرىپ كۆرۈشتۈم، بىر دەم ئەھۋالاشتىم، ئۇ ماڭا بەكمۇ ۋاي، دەپ كەتمەيتتى، كارى بول-مايمۇ قالمايتتى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇنىڭ پۇلى بار، مېنىڭ ئۆزۈمگە چۈشلۈق بىلىمىم بار ئىدى، ھەر ئىككىمىز ئۆز ئەۋ-

زەللىكىمىزگە ئىشىنەتتۇق، ئەنئەنىۋى ئادەت ئاساسىدىكى يۇرت-
داشلىق مۇناسىۋىتىمىزمۇ پەقەت ئۆز ئارا كۆرۈشكەندىلا، ھاجى-
تىمىز چۈشكەندىلا يېقىنلىشىپ كېتىدىغان، بولمىسا بار بىلەن
يوقنىڭ ئارىسىدىلا مەۋجۇت بولىدىغان مۇناسىۋەت ئىدى. مەن
ئۇنىڭدىن ئايرىلىدىغان چاغدا پۇل سوراشنى نىيەت قىلغانىدىم،
لېكىن شۇ ۋاقىت كەلگەندە ئۇنداق قىلالماي قالدىم، بۇ ھالىتىم
ياتاقتىكى ھېلىقى بۇزۇقتىن نەپسىمنى قاندۇرمەن دەپ ئاخىر
قاندۇرالمىغانىمغا ئوخشاپ كېتەتتى. مەن ھار دائىم بىر ئىشقا
شۇنچە نىيەت باغلىسام، ئۇ ئىشنى قىلىشنى شۇنچە ئويلىسام
شۇ ئىشنى قىلىش پۇرسىتى كەلگەندە يوقىلاڭ خىياللىرىم،
يوشۇرۇن ئەندىشە ۋە قورقۇنچلىرىم قوپۇنتازدەك يېتىپ كېلى-
دۇ-دە، كاللامدىكى مەقسەتلىك ئوي-خىياللىرىمنى، جۈرئەت-
شىجائەت تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان كەسكىن ئىرادەمنى بىر
دەمدىلا پاراكەندە قىلىپ، ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرتۇپ، يوق قىلى-
ۋېتىدۇ، بۇ مەندىكى تۇغما نېرۋا ئاجىزلىقىدىن ياكى كىچىكىم-
دىنلا شەكىللىنىپ قالغان ئېھتىياتچان مىجەزىمدىن بولسا كې-
رەك. ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچالماي جىددىيلىشىپ تۇرغىنىمدا ئۇ
تەكەللۇپ يۈزىسىدىن مېنى ئۆيىگە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى،
ماقۇل دەپ ماڭدىم، ئۆيىگە بارغاندا، ئۆزۈمنى توختىتىۋېلىپ
ئاندىن مەقسىتىمنى ئۇنىڭغا ئالدىرىماي دېسەممۇ بولاتتى. ئۇ
يولدا كېتىۋېتىپ ماڭا كېنىشكىسىز كاۋاپچىلىق قىلىشنىڭ بار-
غانچە تەسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تاپقان پۇلنىڭ پەقەت ئۆي
ئىجارىسى ۋە ياتاق پۇلىنى ئارانلا قامداپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بازار
باشقۇرۇش ۋە باج خادىملىرىنى مېھمان قىلىپمۇ يەنە ھۆكۈمەتكە

پۇل تۆلەشتىن ۋە جەرىمانىدىن قۇتۇلالمىغانلىقىنى، ئەتىيازدا قۇربان ھېيت ھارپىسىغا ئۇلگۇرۇپلا خوتۇنىنى ئېلىپ يۇرتقا كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى دەپ بەردى. خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق، ئۇ بىر خەنزۇ ئائىلىنىڭ كەڭرى ھويلىسىدىكى ھەم تار، ھەم كونا بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغانىكەن، بۇنى كۆرۈپ ھەم ئۇنىڭ بايىقى گەپلىرىنى ئويلاپ ئۇنىڭدىن پۇل سورىسام قارىغۇنى تار يەردە قىستىغاندەك قاملاشمىغان ئىش بولۇپ قالارمۇ، ئۇ مېنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇشۇمغا ئىشىنەرمۇ دېگەندەك ئۈمىدسىز خىياللاردا بولدۇم. ئۇ ئىشىكنى ئىتتىرگەندى، ئېچىلمىدى، خوتۇنى بولسا كېرەك، بىر ئايالنىڭ ئىسمىنى توۋلىدى. ئۆي ئىچىدىن ئەنسىز تىۋىشلار چىققىلى تۇردى. ئۇ ئىتتىك سەگەكلىشىپ، قاپلاندەك قەھرى بىلەن ئىشىكنى قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى، ئىشىك يەنە ئېچىلمىغاندى، ئېيىقتەك كۈچى بىلەن مۇرىدەپ ئىتتىرىپ، خوتۇنىنى ئەڭ بېزەپ گەپ بىلەن تىللىغىلى تۇردى، قارىغاندا ئۇنىڭ خوتۇنى بۇنداق مۇئامىلىگە بۇرۇنمۇ ئۇچراپ باققاندەك قىلاتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، چاچلىرى چۇۋۇق بولسىمۇ يۈزى ئانارتەك قىزىل، كۆزى خۇمارلىق، كۆكسى قوينىڭ قۇيرۇقىدەك لىغىرلاپ تۇرىدىغان سېمىز بىر چوكان ئىشىك يېنىدا پايدا بولدى. قوش كىشىلىك كارىۋاتتا سالاپەتلىك بىر ئەر تىۋىت ياقىلىق خۇرۇم چاپانغا يالىڭاچلا ئورۇنۇپ، كارىۋاتتىن كۇسارچان ھالەتتە پۇتىنى ساڭگىلىتىپ، تېخى ئوت ياقمىغان تاماكىسىنى مەغرۇرانە چىشلەپ، كۇلۇمسىرەپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇلارنى ئىشىك ئېچىلغاندىلا كۆرۈپ

قالدىم، ئاڭغىچە ئىشىك يېپىلدى، مەن تالادا تۇرۇپ ئۆيىنىڭ ئىچىدە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلىپ، هاڭۋېقىپ تۇرغىنىمدا باياتىنقى قەهر-غەزىپىدىن چىرايىدا هېچقانداق ئىز-ئەسنا قالمىغان يۇرتدىشىم ئۆيدىن چىقىپ ئىشىكنى يېپىۋېتىپ، ئالدىمغا كېلىپ:

—بۇ ئۆيىنىڭ تارچىلىقىنى دېمەيسەن، بۇ ئۆيىنى سەن ئەمدى تېپىپ كېلەلىگەندىكىن خاپا بولماي باشقا بىر كۈنى كەلسەڭ، ئاڭغىچە ئۆزۈممۇ سېنى ئايرىم چاقىرىپ ئوبدان مېهمان قىلدىمەن،—دېدى.

مېنىڭمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگۈم يوق ئىدى، ئاساسىي مەقسىتىمنى ئەمدى دېمىسەم بولمايتتى.

—سىزگە ئازراق هاجىتىم چۈشۈپ قالدى،—دېدىم مەن زۇۋانىمنى ئاران چىقىرىپ،—ماڭا بىر ئاز پۇل قەرز بېرىپ تۇرسىڭىز.

—قانچە پۇل كېرەك؟

—يۈز كوي بولسا بولاتتى.

—پۇلنى خوتۇن تۇتاتتى، مەن كىرىپ سوراپ چىقاي.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى، يېنىك نەپەس ئالدىم، شۇ پۇل قولۇمغا كىرسىلا ۋۇجۇدۇم جەزمەن يېنىكلەپ، ئاسماندا ئۇچقۇدەك بولۇپ كېتەتتىم. ئۇ كىرىپ كېتىپ تۇرۇشىغا ئۆيدە پاراڭ ئاۋۇپ كەتتى. بۇ تۇگىمەس پاراڭلار ماڭا زادىلا مۇناسىۋەتسىزدەك قىلاتتى، ئىككى ئەر قانداقتۇر بىر سودا-سېتىق ئىشلىرى توغرىسىدا قىزىق سۆزلىشىۋاتاتتى، هېلىقى چوكانمۇ ئارىلاپ گەپ قىستۇرۇپ قوياتتى. قىش كۈنلىرى كۈن قىسقا هاۋا

سوغوق بولغاچقا تېزلا كەچ كىرىپ كېتىشتىن، پۆلنى ئالالمى‌غاننى ئاز دەپ ئاپتوبۇسقىمۇ چىقالماي سوغۇقتا شۈمشىيىپ قايتىشتىن، ھەتتا تېخى ئاچلىقتىن ماغدۇرسىزلىنىپ يولدىلا يىقىلىپ توڭلاپ ئۆلۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەۋاتاتتىم، كاللامغا كەلمىگەن خىياللار كېلىۋېلىپ، كۆڭلۈم بۇزۇلۇۋاتاتتى. ئاتا-ئانام تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئېنىق بىلمىگەندەك، مېنىڭ بۇ قىممەت-چىلىك شەھەردە موھتاجلىق بېسىمىدىن مىجىلىپ خوتۇنىدىن قورقىدىغان بىر نامەرد كاۋاپچىنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە سارغىيىپ تۇرغىنىمنىمۇ بىلمەيتتى. بۇلارنى ئويلىغانسېرى غەزىپىم قاي-ناپ، پۇل دېگەن ئاشۇ نىجىس نەرسىنى كۆڭلۈمدە قارغىدىم، بۇ يەردىن كېتىشنى ئويلىسامىمۇ يەنە كېتەلمەي تۇراتتىم، پۇل مېنى بۇ ھويلىغا ئىتنىڭ بويىنىنى باغلىغان ئاغامچىدەكلا باغلاپ قويغانىدى. ئۇ ئاخىر چىقتى، خۇددى ئىگىسىدىن يەيدىغان نەر-سە تەمە قىلغان ئىتتەك مەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىك بېرىپ، كۆزىگە تەلمۈردۈم.

—پۇلنى بىزنىڭ خوتۇن بانكىغا قويۇۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ، كېيىنكى جۈمە كۈنى كەلگىن، ماقۇلما؟

—ئۇنداق قىلماي بىر ياردەم قىلىڭ، ھازىر يېنىمدا ئاپتو-بۇستا قايتقۇدەكمۇ پۇلۇم قالمىدى، —دېدىم مەن ھالسىز ھالدا، موھتاجلىق بوغۇزۇمنىمۇ سىقىپ جېنىمنى ئاران قويغانىدى.

—مە، ماۋۇ بىر كوي يېتەمدۇ؟ —دېدى ئۇ پۇرلىشىپ، يىرتىلىپ كەتكەن بىر يۈەننى تەڭلەپ.

—يېتىدۇ، —دېدىم ۋە گويا ئۇنىڭدىنمۇ قورۇق قېلىشتىن قورققاندەك ئۇنى قولۇمغا چاققان ئېلىۋالدىم، بۇ سېھىرلىك

قەغەز قولۇمغا سىڭىپ، قېنىمغا قان قوشقاندەك بولدى، روھ-لىنىپ كەتتىم. مەن بۇ پۇل بىلەن ھېچ بولمىغاندا مەكتىپىمگە خاتىرجەم بېرىۋالالايتتىم. ئەمما ئاپتوبۇسقا چىققاندا بىلەت سات-قۇچى ئايال بۇ پۇلۇڭ ئۆتمەيدۇ، باشقا پۇل بەر دەپ تۇرۇۋالدى، دېمىسىمۇ بۇ كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن، بۇرجىكى كى-چىككىنە يىرتىق، قىممىتىنى ئارانلا ساقلاپ تۇرغان پۇل ئىدى. مەن بۇنىڭدىن باشقا پۇلۇم يوق دەپمۇ، يانچۇقۇمنى تەتۈر ئۆرۈپ-مۇ ئۇ ئايالنى ئىشەندۈرەلمىدىم، ئۇ ئەگەر ئالدىنقى قېتىم بىلەت ساتقان ئايال بولغان بولسا مېنى جەزمەن تونۇۋالاتتى، ئاپتوبۇستىن چۈشكىلى قويماي جەرىمانە قويۇپ تۇرۇۋالغان بۇ-لاتتى. ئەمما بۇ خېلى مۇلايىم ئايال ئىكەن، ئاپتوبۇستىن چۈ-شىدىغانغا ئاز قالغاندا قولۇمدىكى بىر كوينى سەككىز موغا ھې-ساب قىلىپ ئېلىۋېلىپ، بىلەتنى قولۇمغا بەرمەيلا يىرتىۋەتتى.

مەنزىلىمگىچە يەتتىم، بىراق قورسىقىم بەكمۇ ئاچ ئىدى، بۇ ھالەتتە ھەپتە ئاخىرىدىكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى ھەمدە نۇرسىمانغا ئوخشاش بىرەر قىزنى سېغىنىشقىمۇ كەيپىيا-تىم يېتىشمەيتتى. كەچتە ئەسلىدە ياتاقتا بولسىمۇ ئاددىي بىر سورۇن تۈزۈپ، نۇرسىماننى بىرقانچە قىز دوستلىرى بىلەن چاقىرىپ، تورتقا شام يېقىپ، ناخشا توۋلاپ، ئۇسسۇل-تانسا ئويناپ، بۇ قۇتلۇق كۈنۈمنى تەبرىكلىسەم بولاتتى. قېرىشقاند-دەك، پۇلۇمنىڭ تۈگەپ كەتكىنى! ئادەتتە پۇلنى ئۈنچىۋالا ئىس-راپ قىلمايتتىم، بىراق ئىستېمال قىممىتى يۇقىرىلاپ كەتكەن بۇ شەھەردە كەمبەغەل ئاتا-ئانىمىز ئەۋەتكەن پۇل قانچە كۈن يېتەتتى! شۇ ئازغىنە پۇلۇمنىمۇ ئۆزۈمگە خەجلىگەننى ئاز دەپ

نۇرسىمانغىمۇ خەجلەپ كەلدىم، ئەمما ئۇ ئاچ كۆز قىزدىن ھېسسىيات ياكى تۇرمۇش جەھەتتىن تۇزۇككىنە نەپ ئېلىپ باقمىدىم. شەخسىيەتسىز سەرپ قىلغان ھېسسىيات مەبلىغىم ئۇنىڭ شەخسىيەتچى مۇھەببىتى، ئاچ كۆز تەبىئىتى ۋە شۆھرەت-پەرەسلىكىگە تويمىغۇرلۇق ئاپىتى پەيدا قىلدى، تويۇپ كەتتىم! ياسالمىلىق بىلەن پاسسىپ ئورۇنغا ئۆتتۈۋالدىغان شۇنداق قىز-لارنىڭ مەندەك ئاق كۆڭۈل، بىچارە ئوغۇللارنى تەشەببۇسكار-لىققا مەجبۇري تېڭىپ تەتۈر قىينايدىغىنىدىن جاق تويۇپ كەت-تىم! شۇتاپتا كۆزۈمگە تىقىلىۋاتقان قاراڭغۇلۇقنى قويۇقلاشتۇ-رۇۋاتقان نەرسىلەر ئىچىدە ھەممىدىن يامىنى نۇرسىمان بىلەن بولغان خىيالىي توقۇنۇشۇمنى ئەۋجىگە چىقىرىۋاتقان ھەم مېنى ئۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلىنىپ تەدرىجىي يىراقلىشىشقا مەجبۇر قى-لىۋاتقان ھەقىقىي، ھەسرەتلىك تۇيغۇلار ئىدى. بۇ ئېغىر تۇيغۇ-لار ئاشقازىنىمنى ئارامسىزلاندۇرۇۋاتقان ئاشقازان سويۇقلۇقى-دەك ئاچچىق، بىئاراملىق ئىدى، ئىچىمنى دەھشەتلىك قورۇيت-تى، كۆزۈمنى ھالسىز، ئۈمىدسىز پارقىرىتىپ قوياتتى. مەن ئۇ قىزغا موھتاج، ئۇمۇ ماڭا موھتاج، شۇنداق تۇرۇپ ئارى-مىزدىكى ھىجران كۆۋرۈكىنى قەستەن ئۇزارتىپ تۇمەن تۈرلۈك يول جاپاسى تارتىشنىڭ، ۋاقىتنى خازان قىلىشنىڭ زادى پايدى-سى نېمە؟ قېنى ئۇ، مەن كۆڭۈل بەرگەن قىز، قېنى ئۇ، مېنىڭ قورسىقىمنى تويغۇزۇپ قويمىسىمۇ، قۇلىقىمغا يېقىملىق گەپ قىلىپ بېرىدىغان قىز، قېنى ئۇ، قاغجىراۋاتقان يۈرىكىم-نى سۆيگۈبىلەن سۇغۇرۇپ، قورۇپ گەز باغلاپ كەتكەن لېۋىمگە بال تېمىتىپ، جېنىمغا مەسھ كەبى جان ئۆلايدىغان سۆيۈملۈك

قىز ! مەكتەپ سەيناسىدا ئىغىر قەدەملىرىمنى سۆرەپ كېتىۋاتىد-
مەن، ئاشخانىمۇ، قىزلارنىڭ ياتاق بىناسىمۇ ئالدىمدا تۇرۇپتۇ،
كېتىۋاتىمەن، تالاي ئارزۇ-تىلەك، تاتلىق ئۈمىدلەر بىلەن ياش
جېنىمنى كۆچلەندۈرۈپ، جېنىم ئارام تاپىدىغان يەرگە چۆمۈلد-
دەك سىلجىۋاتىمەن...

كەچ سائەت بەش بولماستىلا قاچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئاش-
خانىغا ماڭغان ئوقۇغۇچىلار ئۆسمۈر بالىلاردەك غەمسىز تېتىك
كېتىۋاتاتتى. مەن مۇشۇ غەمكىن بىچارە ھالىتىم بىلەن نۇرسىد-
مانىغا يولۇقۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم، بىراق ئۇ ئۇچرىمىدى،
ئۇنىڭدىن ھېسداشلىقنى تەلەپ قىلىش ئۇنچىلىك ھاماقەتلىكمۇ
بولماس، ئۇنىڭدىن ئەپۇ تىلەش ئۇنچىلىكمۇ بىمەنە، نەتىجىسىز
بولماس دەپ ئويلايتتىم. ئۇ ئۆزىنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىدىن،
مېنىڭ ئۇنى ئاساسەن شۇ سەۋەبتىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى
ئېنىق بىلگەنلىكىدىن، مېنى باشقا ئوغۇللارغا سېلىشتۇرۇپ،
كەمچىلىكىمنى ئاختۇرۇپ، ئاخىر مەندىن بىزار بولۇشقا، ئۆزد-
نىڭ ئەسلىدىكى ياۋايى ھەم غايىۋى خىياللىرىغا بەنت بولۇپ
مەندىن يىراقلىشىشقا باشلىدى. مەنمۇ ساراڭدەك ئۇنىڭ گۈزەل
جامالىدىنلا خۇشاللىق، زوق-ھەۋەس ئىزدەپ، ئۇنىڭ ياۋايىلىق
قېتىغا يوشۇرۇنغان، باشقا سەت قىزلارنىڭ بەدىنى بىلەن ھېچ-
قانچە پەرقى بولمىغان بەدىنىگە كۆڭۈل بۆلمەي، ئۇ بەدەندە
ئايلىنىپ يۈرگەن ئازغۇن روھنى ئەركەك تېنىمگە يوشۇرۇنغان
چىن ئىشىق روھى بىلەن تۇتۇۋالالماي، ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئانا-
نىزمنىڭ ئاسارىتىدە ئازابلاپ روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپ كەت-
تىم. ھازىر ئۇنىڭ ئالدىغا يېلىنىپ بارسام ئاۋال پۇل سورىشىم

مۇمكىن؛ قورسىقىمنى تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنى يەنە ئۆز-
زىنىڭ پۇلىغا تانسىغا ئەكىرىپ، ئىچىرقاۋاتقان روھىمنى ئۇنىڭ
مەھلىيالىق ۋۇجۇدىدىن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە بولسىمۇ تويۇندۇ-
رۇشۇم مۇمكىن؛ بىراق ئۇنىڭ مەن چوڭ بىلىدىغان ئاشۇ چىرا-
يى مېنىڭ ئۇنىڭ ئاشۇ جەزبىلىك جىسمىدىن ئىزدەيدىغان روھىي
تەسەللى ۋە ئاجىز ھاياجانلىرىمغا توسقۇن بولۇشىمۇ مۇمكىن.
ياسالمىلىقتا، كۆرەڭلىكتە، قاقۋاشلىقتا تولغان ئاشۇ چىرايدىكى
ئوماقلىقنى قانداق نەرسە يۇتۇپ كەتكەندۇ، جاھان شۇنداق رە-
زىللىشىپ كەتكەنمىدۇ! قورسىقىم ئاچقانسېرى دەردلىك خىيال-
لىرىم كۆپەيگىلى تۇردى. تاماق يېيىش كېرەك، ئەمەت قېرىد-
دىن قەرزگە بولسىمۇ پولۇ ئېلىپ يېشىم كېرەك. ئەمىتىكام
مەكتىپىمىزدىكى شىنجاڭ ئاشخانىسىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى، ئۇ
ئاشۇ ئاق ساقىلىغا لايىق ساۋابلىق ئىشلارنى ئانچە-مۇنچە قىلىپ
قوياتتى. ئاشخانا ئالدىغا بارسام ئىشىك تاقاقلىق ئىكەن، تامغا
بۇ ئاشخانىنىڭ بۈگۈندىن باشلاپ ئىچىلمايدىغانلىقى، ئىچىنىڭ
رېمونت قىلىنىپ قايتا زىننەتلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش
چاپلىنىپتۇ. بۇ ئەسلىدە تەتىلدىن پايدىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇل-
غان ئىش ئىكەن-دە، شۇنداق قىلىپ مەن يەنە ئۇ سۆيۈملۈك
قىرىنىڭ ئوخشىتىپ ئەتكەن پولۇسىنى يېيەلمەي قايتىمەنمۇ!
پۇل جىق، قورساق ئانچە ئاچمىغان چاغلاردا ناچار دەپ قاقشاپ
كېتىدىغان تاماقلار ئەمدىلىكتە كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

ياتاققا سالپىيىپ قايتىۋاتسام، قاچا كۆتۈرگەن نۇرسىمان
كۆزۈمگە ئۇشتۇمتۇت چېلىقىپ قالدى، ئۇ ياتىقىغا ئالدىراپ
كېتىۋاتاتتى؛ ئۇنىڭ شۇ سىماسىنى كۆرۈپ ھەرقانداق ئادەمنىڭ

ئۆز نەپسىگە ئالدىرىشى قانۇنىيەت ئوخشايدۇ دەپ قالدىم. ئۇنىڭ ماڭا مەقسەتسىز، تەسادىپىي ھالدا بىر قاراپ قېلىشىنى شۇنچە ئارزۇ قىلاتتىم، بىراق ئۇنىڭمۇ ئەس-يادى ئاشۇ تاماقتا، دىققىتى ھامان ئالدى تەرىپىدە ئىدى. ئۇ خۇددى مۇشۇككە ئوخشاش گۆشكە ئامراق بولغاچقا، ئاشخانىدا بىللە تاماق يەپ قالساق گۆشلۈك، قىممەت سەيلەرنى ئالماي ئىلاجىم يوق ئىدى، مەندىن ئايرىم تاماق ئالغاندىمۇ دائىم پۇتۇن-پۇتۇن توخۇ، بېلىق گۆشلىرىنى ئېلىپ، ياتىقىغا ئەكىتىپ يەيتتى، بەلكىم ھازىرمۇ ئۇنىڭ قاچىسىدا شۇنداق گۆش بار، ياتىقىدا ئۆزى يالغۇز مەززە قىلىپ يەيدۇ، مېنىڭ گۆش تۇگۇل بىر دانە مومىغىمۇ زار بولۇپ تۇرغىنىمنى بىلمەيدۇ. ئاچ كۆز قىزلار ھامان شۇنداق شەخسىيەتچى كېلىدۇ، چىرايىغا ئىشىنىدۇ، چىرايىغا كۆيگەن بىرەر ئوغۇلنى دامىغا چۈشۈرۈپ قەستەن ئەخمەق قىلىدۇ، كىم سېنى مېنىڭ چىرايىمغا ئاشىق بولسۇن دەپتۇ، دەپ ئۇنىڭ شۇ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ، تەشەببۇسكارلىقنى ئۇنىڭ بويىنىغا ئارتىپ، پۇلنى خەجلەپ، كۆرەڭلەپ، غىلجىڭلاپ يۈرىدۇ؛ ھالى بوشراق ئوغۇلنى تاشلاپ ھالى چوڭلارغا ناز قىلىدۇ، نەپسى يوغىنايدۇ، بۇ نەپسانىيەت ھېچ بولمىغاندا شۇ قىز قېرىپ، چىرايىدىن كەتكۈچە داۋاملىشىدۇ.

پۇلۇم بولمىسىمۇ خۇيزۇ ئاشخانىسىنى بىر ئايلىنىپ چىقتىم. بۇ ئەتراپتا جېنىنى باقالماي يۈرگەن بىرنەچچە تىلەمچى بۇ ئاشخانىدىكى جوزىلاردا ئوقۇغۇچىلار يېمەي تاشلىۋەتكەن مومىلارنى تېرىپ، بىر-بىرىدىن قىزغىنىشىپ يۈرەتتى، ئۇلار بىردەمدىلا ھەممىنى سۈپۈرۈپ بولدى، مەنمۇ ئەسلىدە شۇنداق

مومىلارنى بىرەرسىنى تۆيدۈرماي ئېلىۋېلىشنى ئويلىغانىدىم، ئاقىۋەت ئۇ يەردىنمۇ قورۇق چىقتىم. ئاشپەزلەر سەي كورىسى ۋە قاسقانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئاشخانىنى تاقاشقا تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى.

نەچچە ۋاقىتتىن بىرى يېگەن تاماقلىرىم بىلەن ئۆرە تۇرۇۋاتقان تېنىم ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتىن خوراپ، جېنىم تۇگىشىپ كېتىۋاتقاندەك، پۇتۇمنىڭ سۆڭەكلىرىدىكى يىلىكلەرمۇ ھەر بىر قەدەمدە ئېقىپ، ماغدۇرۇمنى قويماي ۋاتقاندەك، بەدىنىمدىكى جىمى ئوزۇقلۇق ماددىلىرى بۇگۈنكى ھېلىقى جىنسىي تەقەززالىقىم، ئۈرۈنۈشلىرىم ۋە تۇگىمەس شەھۋانىي ئېچىرقاشلىرىمغا يەم بولۇپ كەتكەندەك، جىنسىيەت ئوتىدا كۆيۈپ تۇرغان جان، ئوزۇقلۇققا تەشنا تەننى ئاخىر خاراب قىلىۋەتكەندەك قىلاتتى. ئەتىگەن ئىچكەن ئازغىنە چاي ۋە بىر بۇردا نان قورسىقىمدا ئاللىقاچان ھەزىم بولۇپ، ئوزۇقلۇققا ئايلىنىپ، ئەزالىرىمغا تەڭ تەقسىم بولۇپ كەتتىمۇ ياكى كۆپ قىسمى كېرەكسىز چىقىرىندىلارغا ئايلىنىپ، ئىچىمنى سىيىستىپ جېنىمنى قىيناۋاتامدۇ، بۇنى بىلمىدىم. ئىشقىلىپ، موھتاجلىقتا مەھكۇم بولغان بۇ جېنىم زادى ئارانلا قالغانىدى. ئاچلىقتىن قىينالغاندىلا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئەرۋاھىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. قورساق ئاچ دېگەن گەپنىڭ ۋەزنىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى خوتۇن تاپ دېگەن گەپنىڭ يېنىكلىكىگە تەڭلەشتۇرگىلى بولمايدىكەن.

ياتاق بىناسىنىڭ پەلەمپىيدىن دەرمانسىز ھالدا پۇتۇمنى سۆرەپ چىقىشىم چۇشتىن بۇرۇن شەھۋانىي تەقەززالىقتا يۈگۈ-

رۇپ چىققان ھالىتىمگە روشەن سېلىشتۇرما بولدى، ئۇ چاغدا يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك يايراپ، جۇشقۇنلىشىپ كەتكەن بولسا، ئەمدى جېنىم يۈك بولۇپ قالغان بۇ تېنىمدىن قاقشاپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىقىۋاتقاندەك، تېنىمنى يېلى چىقىپ كېتىۋاتقان يەل توپقا ئوخشاش ماكچايتىپ قويۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ياتاق ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنىڭ ئىچ قولۇپىغا ئاچقۇچ سالدىم، ئۇ بۇزۇق ياتاقتا بولغان تەقدىردىمۇ، ھەتتا مېنى ئۆزىنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇشقا مەجبۇرلىسىمۇ ئۇنىڭغا مادارىم يەتمىگۈدەك دەرىجىدە ھالسىزلىنىپ، بوشىشىپ كەتكەنىدىم. ئويلىمىغان يەردىن، ھېمىت دېگەن ناكەس گۈي يەنە ۋارقىرىدى:

—كىرمە! كىرمە! بىر دەم كىرمەي تۇر! بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى، ئۇ ياتاقتا كېلىپلا ھېلىقى ئىپلاس بىلەن ئىشنى باشلىغان ئىكەن-دە! قورسىقىمنىڭ ئاچلىقى، ياش جېنىمنى دائىم قىينايدىغان جىنسىي ھەۋىسىمنىڭ پۈتۈن بەددىنىمگە يەنە (قورسىقىمنىڭ ئاچلىقىغا قارىماي) شىددەت بىلەن يامرىشى غەزىپىمنى ئەۋجىگە يەتكۈزدى، قۇلۇپنى زەردەم بىلەن ئېچىپلا ياتاققا بۆسۈپ كىردىم. ئۇ ھېلىقى بۇزۇقنىڭ كىيىمىنى سالغۇزۇپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىشتىنىنى تېخى ئەمدىلا يېشىپ تۇرۇپتىكەن، مېنى كۆرۈپلا ھودۇقۇپ، قىپقىزىل بولۇپ كەتتى، دانىخورەكلىرى داگازا بولۇپ ئۆرلەپ چىقتى.

—ياتاقتا نېمە ئىشىڭ بار؟—دېدى ئۇ مېنى ئۇرىدىغاندەك خىرس قىلىپ، ئۇنىڭ ئەلپازى ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىدى. مەن ئۇدۇلدىكى جوزىغا قويۇپ قويۇلغان نانني كۆرۈپلا ھەممىنى ئۇنتۇپ، نانغا ئېتىلدىم، بىر نانىنىڭ يېرىمىنى ئۇشتۇپلا ئاغزىم-

غا تىقتىم-دە، چوڭ-چوڭ چايناشقا باشلىدىم، مۇمكىن بولسا ھەممىنى بىر اقلا قارنىمغا چاينىمايلا يۇتۇۋەتكۈم بار ئىدى، ھىم-مىت ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى.

—بۇ ناننى مەن پۇلغا ئالغان،—دېدى ئۇ پىخسىق گۇي،

—ئاپاڭ ياققان نان ئەمەس جۇمۇ!

—خوجايىنىنىڭ بىكارغا بەرگەندۇ؟!—نانىنىڭ ھۇرزۇرىدا شۇ تاپتا ئارتۇق گەپ قىلىشمۇ ماڭا خۇشياقمايتتى.

—ئاناڭنىڭ قېشىدا بىكارلىق نەرسە بارمىكەن؟ نانىنى يې-سەڭمۇ يەپ يېنىمدىن چاققان يوقال!

—نېنىڭنى قەرزگە يېگەن بولاي، ماڭا ئازراق پۇل قەرز بېرىپ تۇرغىن. بۇگۈن تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى، نۇرسىماننى ئىنىسىغا ئەكىرمەكچى ئىدىم. ئۇشۇق ئەمەس ئۇن كويلا بېرىپ تۇرغىن. ئەتە-ئۆگۈن ماڭا پۇل كېلىدۇ، پۇلۇڭنى دەرھاللا بېرىۋېتىمەن.

ئۇ ماڭا بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، چاپىنىنىڭ يانچۇ-قىنى ئاختۇردى-دە، ئون كوينى قولۇمغا مەردلەرچە تۇتقۇزۇپ:

—ماۋۇ پۇلنى ئېلىپ بۇ يەردىن يوقال، كېچىچە كىرمە، يامان بولساڭ ئۇ بىر نېمەڭنىڭ ياتىقىدا كېچىچە ئولتۇرۇپ، تۇغۇلغان كۈنۈڭنىڭ پەيزىنى سۈر، ئوينا، ياشا!—دېدى.

مەن ياتاقتىن خۇشال ھالدا يېنىپ چىقتىم. قولۇمدىكى ئون كوي مېنى جىنىمنى ئارام تاپقۇزىدىغان ھەم راھەتلەندۈرىدى-غان ھەرقانداق ئىشقا ئۈندەۋاتاتتى. مەكتەپنىڭ يېنىدىكى تار كوچىغا جايلاشقان ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى ۋە مەكتەپنىڭ ھەر جۇمە ئاخشىمى قايناپ تۇرىدىغان تانسىخانىلىرى تەرەپتىن كېلىۋاتقان

ناخشا-مۇزىكا، قىزغىن شاۋقۇن-سۈرەنلەر قەدىمىمنى ئالدىرىتىد-ۋاتاتتى. بىراق بۇ ئون كويي ئۇ ئاشخانىدا بىر ۋاق تاماق يېسەملا، نۇرسىماننى بىر قېتىم تانسىغا ئەكىرسەملا تۈگەپ كېتەتتى. ئون كوينىڭ بۇ جەمئىيەتتە شۇ ئون كويلۇقلا قىممەت-كە ئىگە ئىكەنلىكى ماڭا مەلۇملۇق ئىدى. بۇ پۇلنى بىر دەمدىلا تۈگىتىۋەتسەم بىر مومىغا زار بولىدىغان كۈنلىرىم يەنە باشلىنات-تى، موھتاجلىق ۋەھىمىسى قايتا ئۇلغىياتتى.

ئاخىر تاماقمۇ يېمىدىم، تانسىغىمۇ كىرمىدىم. كاللامدا ئەڭ كىچىك پۇل بىرلىكى بولغان بىر پۇڭلا ئەگىپ يۈرەتتى. مەن نېمىلا قىلغان بىلەن ھازىر مىڭ پۇڭلۇق تەڭگىگە ئىگە ئادەم ئىدىم. شۇنداق قىلىپ، نۇرسىماننىمۇ ئىزدىمىدىم، دەرسخانا، مەيدان ۋە مەكتەپ باغچىسىدا ئۇزاق ئايلاندىم ھەم ئۇ يەرلەردە پىچىرلىشىپ سۆيۈشۈپ يۈرگەن ئاشىق مەشۇقلارنى كۆزىتىپ، بىلەتسىز كىنو، كومېدىيە ياكى سېرىق سىنالغۇ كۆرگەدەك ھاياجانلىنىپ يۈردۈم.

مەكتەپتە ئايلىنىشتىنمۇ زېرىكىپ ئاخىر كوچىغا چىقتىم. ئاپتوبۇستا ئادەملەر يەنىلا قىستىلىشىپ تۇراتتى. موھتاجلىق ئۇقىدا ئايلىنىۋاتقان ئاپتوبۇس چاقىمۇ ماھىيەتتە ئۆز ئوقىدا ئايلىنىۋاتقان يەر شارىدىن جىق پەرقلەنمەسلىكى مۇمكىن. كو-چىدا توپ-توپ ئادەملەر ئارىسىدا خىلمۇخىل سىياقتىكى ئاياللار-مۇ كېتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ قايسىلىرى ئەخلاقلىق ئاياللار، قاي-سىلىرى پاھىشە ئاياللار ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايت-تى. نۇرسىمان بىلەن بۇ پاھىشلەرنىڭ قايسىسى مېنىڭ ھۆرمى-تىمگە ئەڭ سازاۋەر، بۇنىمۇ ئاڭقىرالمايمەن. قەۋەت-قەۋەت ئې-

سىل بىنالار هامان بىر كۆنى كۆكۈم-تالغان بولىدۇ، ۋاقىت ئۇنىڭ جانسىز جىسمىنىڭ ئۆمرىنى بىزدىن ئۇزۇن قىلغان بىدىلەن، ئۇنىمۇ هامان بىزنىڭ جانلىق ۋۇجۇدىمىزغا ئوخشاش يەكسان قىلىۋېتەلەيدۇ. بىز ئۆلگەندىن كېيىن هېلىغۇ ئۇ بىنا ئىكەن، يەر يۈزىدىكى جىمى مەۋجۇداتلارمۇ بىز بىلەن تەڭلا ئۆلگەندەك بولىدۇ، ئىككىمىزدىكى مەۋجۇدىيەتلا بىز ئۈچۈن هەقىقىي مەۋجۇدىيەتقۇ! بىراق شۇ مەۋجۇدىيەتكە (ماددىغا) بېقىنىپ قالغان ئىككىمىز (روهىمىز) تاكى بىز ئۆلگەنگە قەدەر تۇتقۇنلۇقتا تۇرىدىكەن ئەمەسمۇ!

كەچ سائەت ئون ئىككىدىن ئاشقاندا ياتاقتىكى توك ئۆچكەندە ياتاققا ماڭدىم، قىزلار ياتىقىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە نۇرسىمانىنىڭ ياتىقىنىڭ دەرىزىسىگە ئەلەم بىلەن قاراپ قويدۇم. ئۇ ئۇخلاپ كەتتىمىكەن ياكى ماڭا ئوخشاشلا بۇرۇقتۇرمىلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن جىنسىي تەسەۋۋۇرلارغا بېرىلىپ هاياجانلىنىۋاتامدىكىن!

قاغجىراپ كەتتى، بۇ روهىي زېمىنىم،
سەتەڭلەر نەلەردە ئويناپ يۈرىدۇ.
تىرىكلىك يولىدا تاپمايمەن تىنىم،
مىڭ ئازاب مېنىلا يانداپ يۈرىدۇ.
مۆلدۈرلەر سوققاندەك قىينالسا جىنىم،
يېنىمدا خەۋپ-خەتەر قوتراپ يۈرىدۇ.
بىكارلا ئايلانسا تېنىمدە قېنىم،
راهىتىم تومۇرنى بويلاپ يۈرىدۇ.

قاچقاندا ئىلكىمدىن بەختىم-تەلىيىم،
كەيىنىمدىن هالاكەت قوغلاپ يۇرىدۇ.

ياتىقىمغا ئاستا كىرىۋالدىم، كارىدۇرنىڭ چىرىغى ياتاقىنىمۇ
گۇڭگا يورۇتۇپ تۇراتتى. هېمىت هېلىقى بۇزۇقنىڭ يېنىدىلا
هېرىپ هالىدىن كەتكەن هالەتتە مەلەق ئۇخلاۋاتاتتى. مەن ئۇ-
نىڭ ئىشكاپىغا تىقىپ قويۇلغان ناندىن ئوغرىلىقچە ئازراق ئېلىپ
يېدىم، هەممىنى يەۋەتسەممۇ بەرىبىر تويمايتتىم، هېمىتنى ئا-
يىمىسامىمۇ بولمايتتى، ئاقىۋەت يېرىم ئاچ پېتى ياتتىم، ئۇمىدنى
ئەتىگە باغلىدىم. ئاچلىقتا ئۇيقۇم كەلمىدى، جىنسىي ئىستەك
يەنە ئانانىزم ئالۋاستىلىرىنى باشلاپ كېلىدىغاندەك قىلاتتى.
ئىدىيە-هېسسىياتىم يىراق مەنزىللەرگە قارىغۇلارچە ئات سالىدى-
غان موشۇنداق سانسىز ئۇيقۇسىز كېچىلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈش
كېرەك بولغىيتتى، هاياتىمنى نېمىگە بەخش ئەتسەم ئازابلانماي،
ئاھ ئۇرماي ئۆلەر بولغىيتىم. . ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان بىر
كەيپىياتتا ئۆلۈپ كەتسەم بولاتتى.